# تارىم

5

1993



## ئاپتور ۋە تۇرمۇش

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇللا تالىپ قاتارلىق پېشقەدەم ئەدىبلەر قەشقەردە ئاپتورلار ئارىسىدا.



پېشقەدەم ئەدىبلەر، سۈرەتتە:
ئەرشىدىن تاتلىق، قەييۇم تۇردى،
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختىلار.



پېشقەدەم ئەدىب ۋە مۇھەررىر ئەيسا يۈسۈپ ئىجادىيەت ئۈستىدە..



پېشقەدەم ئەدىبلەر ئىجادىيەت ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

43 - يىل نەشرى

5

1993

باش مۇھەررىر
مۇھەممەت شاۋۇدۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى. ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئالىمجان ئىسمايىل، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، خالىدە ئىسرايىل، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختار مەخسۇت، ئوسمانجان ساۋۇت، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئەسئەت سۇلايمان.........شەبنەم يالتىرىغان كېچە (ھېكايە).....................4

رۇسۇل ئىمىن..............يول تاپىنىڭىزنىڭ ئاستىدا (ھېكايە)...................40

ئىمىر غىياس..............سەھەردىكى لەتىپە (ھېكايە)...........................44

ئەختەم ئۆمەر..............تاللىق رىۋايىتى (ئەدەبىي ئاخبارات)......................46

مۇھەممەد باغراش.........جەزىرە (پوۋېست)......................................65


## شېئىرلار


تۆمۈر داۋامەت............ئەنگلىيە خاتىرىلىرى.......................................30

مەھەممەتجان راشىدىن......ئۆمۈر ئىلھاملىرى........................................32

نەيىم يۈسۈپ..............يەنئەن ئىلھامى...........................................34

ئابلەت ئابدۇللا...........تاغ سۈرەتلىرى...........................................35

ھاجى ئەخمەت..............تەبىئەتتۇر مېنىڭ داۋامىم.................................37

گۈلبوستان ئابدۇرېھىم......ئىناقلىق، چىن دوستلۇق ئەلا ھەممىدىن.....................39

مەھەممەتجان سادىق........ساياھەت دەپتىرى..........................................53

نۇردۇن ئىبراھىم...........غەزەللەر..................................................57

پاتىمگۈل مۇھەممەت.........ياشارتىدۇ ھاياتنى سۆيگۈ..................................63


## ئەسەر ۋە باھا


ئالىمجان ئىسمايىل.........شەبنەم تېخىمۇ يالتىرىسۇن.....................................27


## ئەدەبىيات ۋە ئىسلاھات


سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىيات -

سەنئەت ساھەسى دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەر......98

## مۇھاكىمە

فېڭ چيۇچاڭ ...............ئەدەبىيات ساھەسىدىكى «ئۆزگىرىش»........................125

## دۇنيا ئەدەبىيات ئېقىملىرىغا نەزەر

سېھىرىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات................................127
گارسىيا ماركوس...........يۈز يىل غېرىبلىق (روماندىن پارچە)........................132

## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن


ئەخمەت كىبىر.............ئېھ، ئانا (ھېكايە)........................................148
ئۆمەرجان سىدىق..........تۇنجى قېتىملىق دەرس (ھېكايە)........................153
نەسۇھا قاسىم، ئۆمەر تۇراپ، ئۆمەر مەتنۇرى، مۇھەممەت ئىمىن غوپۇر، ئايگۈل شانە-155
ياز، ئابدۇقادىر مۇھەممەت، غازى ئوغلى. گۆھەر قۇتپىدىن......(شېئىرلار)..............

## يېڭى لەتىپىلەر

..........................................................................159

* * *

رەسسام ۋە خەتتات مۇھەممەت ئايۇپ



ئەسئەت سۇلايمان

# شەبنەم يالتىرىغان كېچە

(ھېكايە)

«سەن ھاياتىڭنىڭ مەركىزىگە يەتكەنىڭدە، ھاياتلىقتىن، ھەتتا گۈزەللىكنى كۆرەلمەيدىغان ئادەمنىڭ كۆزىدىنمۇ گۈزەللىكنى تاپالايسەن...»

— جىبران خېلىل جىبران

## 1

*

دەريانىڭ سۈيى ئۇلغايغان ۋاقىتلاردا، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ قۇمساڭغىر سايدا، شەبنەم مەزگىلى باشلىنىدۇ. كۆكۈچ رەڭگە كىرگەن تىنىق سامادا يۇلتۇزلار تىنىمسىز جىمىرلىشىدۇ. پاكار ئۆسكەن قومۇش، كۆك بۇيىلارنىڭ ياپراقلىرىدىكى كىرىستالدەك سۈزۈك، ئاق شەبنەملەر يۇلتۇزلار بىلەن نۇر تالىشىپ، سېھىرلىك يالتىرايدۇ. سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى زېمىنغا بېغىشلىغاندا، بۇ شەبنەملەر تاڭ يۇلتۇزلىرى بىلەن تەڭ ئىز ـ تىزسىز غايىب بولىدۇ...

ئەنە ئاشۇ شاۋقۇن كۆچەيگەن بىر كېچىسى، مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئېقىن بويىدا بىر ئادەمنىڭ قارىسى پەيدا بولۇپ قالدى. سانجاق ـ سانجاق تاشلارنى يالاپ ئېقىۋاتقان ئېقىن سۈغا ھېلىقى ئادەمنىڭ خىرە ـ شىرە كۆلەڭگىسى چۈشتى. ئۇ گويا سۇدىن ئۆز ئەكسىنى ئىزدەۋاتقاندەك، ئۇزاققىچە سۇ ئېقىنىغا قاراپ تۇردى. دولقۇن يانغاندا گاھ ـ گاھ كۆرۈنۈپ قالىدىغان سىلىق تاشلاردا ھاسىل بولغان كۆكۈچ ـ يېشىل مۇخلار ئېقىن شولىسىدا سۇس يالتىرايتتى. كۆكنى سۆيۈپ تۇرغان يىراقتىكى ئاقباش چوققىلار ئۈستىدە چولپان يۇلتۇزى پارلاپ تۇراتتى. ئېقىن بويلاپ ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ قويۇق ياپراقلىرى كۈز كېچىسىنىڭ سەلكىن شامىلىدا، سانسىز كۈمۈش

تەڭگىلەردەك تىنىمسىز پىچىرلايتتى.

— يوچۇن ئادەم گويا مۇشۇ تىنىچ دالا كېچىسىنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك، ئەتراپقا ھاياجان بىلەن نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە يىراقتا قارىيىپ ياتقان مەھەللە كۆرۈندى. شۇ زامان كەڭرى پېشانىسىدىن سوغۇق تەر تەپچىرەپ چىقتى. قانداقتۇر بىر ئىچكى ھاياجانىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى سوغۇق نۇر چېچىپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ شولىسى چۈشتىمۇ، ئېھتىمال، كۆز چاناقلىرىدىن سېھىرلىك بىر ئۇچقۇن چاقناپ كەتتى. قويۇق قاشلىرى لىكىلداپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭەيدى. ئۇ، گويا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلار ئىلگىرىكى بىر قاباھەتلىك چۈشنى قايتا ئەسلەپ ئۆتكەندەك، غەيرىي تىترەك ئىچىدە، ئوت-چۆپ باسقان نەم يەرگە زوڭزىيىپ ئولتۇردى. قوللىرىغا مۇزدەك سوغۇق شەبنەملەر ئۇرۇلدى.

— شەبنەم، ئاق شەبنەم!... يۆگىمەچ بولۇپ ئۆسكەن ياۋا چۆپلەرنىڭ ياپراقلىرىغا، ئەمدىلا پۆپۈك چىقىرىشقا باشلىغان قومۇشلارنىڭ بەرگىلىرىگە قونغان مەرۋايىتتەك سۈپسۈزۈك شەبنەملەر تىنىق كۆكتىكى يۇلتۇزلارنىڭ خىرە نۇرىدا شۇنچىلىك ئاپئاق، شۇنچىلىك يالتىراق كۆرۈنەتتى...

ھېلىقى ئادەم بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ، شەبنەم چۈشكەن نەم ئوت-چۆپلەرنى ئەسەبىيلىك بىلەن سىقىمدىدى، يىغلىدى... ئۇ شۇ ھالەتتە ئۇزاق ئولتۇردى. بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە سۇ شاۋقۇنىغا قۇلاق سالدى. شاۋقۇن ئۇنى خىيالدىن سەگىتتى. ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرغان پېتى مەھەللىگە قاراپ مۆدۈرۈپ-مۆدۈرۈپ ماڭدى. ئۇ ئەمدى ئايىغىغا ئۇرۇلغان سوغۇق شەبنەملەرگىمۇ، شارىلدىغان سۇ شاۋقۇنىغىمۇ پەرۋا قىلمىدى. پەقەت بىر نۇقتىغا — ئۇيقۇغا كەتكەن مەھەللىگە قاراپ ئىتتىك-ئىتتىك ماڭاتتى...

2

— رۇسۇل قايتىپ كەپتۇ!

— قايسى رۇسۇل؟

— يۇرتلۇقىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، ئەخمەق، ھېلىقى يەتتە-سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا تارىمغا كېتىپ قالغان رۇسۇلچۇ.

— ۋاي، ئېسىم قۇرۇسۇن! لاۋگەيگە تۇتۇلغان رۇسۇلنى دەۋاتامسەن؟...

— ھەئە، شۇ.

— قاچان كەپتۇ؟

— ئۈلۈشكۈن كېچە.

— سەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟

— كۆرۈشتۈم. ئۇ بۆلەكچىلا ئادەم بولۇپ قاپتۇ. چىراي-شەكلىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، تېخى ئەمدىلا ئوتتۇزنىڭ قارىسىنى كۆرگەندۇ. ھەي، بىر چاغلاردا قانداق رۇسۇل ئىدى ھە!...

— شۇنداق بولغاندۇ. بىچارە، نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى، ياشلىق-بالىلىق دېگەندەك، ئادەم قايسى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەيدۇ، نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ. قۇشمۇ ئايلىنىپ-ئايلىنىپ ئۆز ماكانىنى تاپىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ ئاخىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ...

شۇنچە يىللاردىن بۇيان گويا سۇغا چۈشكەن تاشتەك، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكەن، ھېچكىم بىر ئېغىز گېپىنى قىلىپ باقمىغان رۇسۇل ئەمدىلىكتە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى بىلەن، مەھەللىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق شەخسكە ئايلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟

چۈنكى بۇ مەھەللىنىڭ ئۇدۇم - قائىدىسى، تۇرمۇش ئادىتى شۇنداق - تە! يېڭى بىر پاراڭ تېپىلدىمۇ، بولدى، ھەممىسى شۇ ھەقتە سۆزلىشىدۇ. قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىشىدۇ. ئاخىرى بېرىپ پاراڭ كونىراپ، ئەبجىقى چىققاندا ئۆزلۈكىدىن بېسىقىدۇ...

بۈگۈنمۇ تۇردى كەكلىكنىڭ قېرى تېلى ئاستىدا، ئۈچكە يېڭىمىدىن ئارغامچا ئېشىۋاتقان بىر قانچە ئايال، رۇسۇل ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشكەنىدى.

— ھەي، ھەلىمخان، ئاڭلىدىڭلىمىكىن، رۇسۇلنى بەك ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ دەيدۇ، بۇرۇت - ساقال قويۇۋاپتىمىش. ئەسلىدىنغۇ كېلىشكەن يىگىت بولىدىغان. شۇ جېدەلخورلۇقى بىلەن بەڭباش - تەنتەكلىكىنى دېمىسە رۇستەمدەك ئەركەك ئىدى، ئوتتۇز يىگىتنىڭ گۈلى ئىدى، — دېدى يۈزىدە سەپكۈنى بار 30 ياشلار چامىسىدىكى [ج]ۇۋان يېنىدا يۇڭ ھۆلدەۋاتقان، كۆزلىرى [پ]ەل - پەل ئەلەس، ئەمما ئويناق، سېمىز [ئ]ايالغا قاراپ.

— شۇنى دېمەملا، — دېدى سېمىز ئايال كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، — بۇ جاھاندا نېمە ئىشلار بولمايدۇ دەيلا، ھەر ئىشلارنى كۆردۇقـقۇ، سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە يامان ئاتاقنى رۇسۇل كۆتۈرۈپ، پايدىسىنى باشقىلار كۆردى. بەڭباشلىق قىلغان بولسا، ئوغۇل بالا ئەمەسمۇ، ياشلىقتا كىممۇ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەيدۇ؟ ھەي، ئىست، رۇسۇلدەك بەرنا يىگىت، ھېلىقى ئاسىيە دېگەن ساراڭ قانجۇقنىڭ ئۇۋالىغا كەتتى! ئۇ رۇسۇلدەك يىگىتنى تىلەپمۇ تاپالمايتتى. مانا ئەمدى ھاشىم دەلتە دېگەن لىكتاسىمنىڭ قولىدا كۆرىدىغان كۈنىنى كۆرۈۋاتىدۇ. ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. دېگەن شۇ!...

— رۇسۇلنىڭ قايتىپ كېلىشى ئاسىيەنى باشقىچە قىلىپ قويغاندۇ، ئەقلىدىن ئازمىسا بولاتتىغۇ ئاخىر، — دېدى بىر چەتتە يۇڭ ئارغامچىنىڭ قېتىنى تۈگۈۋاتقان، قېشىغا قېنىق ئوسما قويۇۋالغان ئىنچىكە ئېگىز جۇۋان.

— ھېلىمۇ ساق دېگىلى بولمايدۇ ئۇنى، قانچە يىللاردىن بۇيان خۇددى جىن تەگكەندەك، كېچە - كېچىلەپ سۇ بويىغا بېرىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشى نېمىدىن؟ رۇسۇلنىڭ يولىغا تەلمۈرگەندۇ تايىنلىق. قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويۇپ، يەنە رۇسۇلنىڭ يولىغا قارىغىلى كىم قويۇپتۇ ئۇنى! ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە، شورى قۇرغۇر!... — سېمىز ئايال شالىنى چېچىپ سۆزلىگىلى تۇردى.

— ھېلىمخاچا، — دېدى ھېلىقى ئوسما قويغان ئېگىز جۇۋان ئاستا شىۋىرلاپ، — ئاسىيە راستتىنلا رۇسۇلغا ھازىرغىچە كۆيەمكىكەن؟

— كۆيۈك بولمايچۇ، بولمىسا بىكارغا ساراڭدەك ئالجىپ يۈرەتتىمۇ، ئېرىنىڭ قويىندا يېتىپمۇ، رۇسۇل، رۇسۇل دەپ جۆيلۈگۈدەك... ھە، ھە، ھە...

— مەن ئىشەنمەيمەن، ئەگەر شۇنداق بولسا نېمىشقا رۇسۇلنى قولىغا ئالغۇزۇۋېتىدۇ؟

— قىلىقىنى قىرىق ئىشەك كۆتۈرەلمەيدىغان تاۋى نازۇكنىڭ قىلغان خىزىي بولامدۇ بۇ، قىز كۆيىكى قىرىق يىل دەپتىكەن، كىم بىلىدۇ، سىلىمۇ بىرىنگە كۆيۈكمۇ تېخى! ھاھ، ھاھ... ھەھە... ھەھە...

— ئۇش ...ش! ئۆتۈپ بارسىلا

لېرى، چېشىمغا تەگمەي!

— رۇسۇلنى كېچىلىرى ھاشىم دەلتەنىڭ ئۆيىنى چۆكىلەپ يۈرىدۇ دېيىشىدۇ، — دېدى باياتىن گەپكە ئارىلاشماي چەتتە ئولتۇرغان ۋىجىككىنە ئايال.

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تەڭلا قاراشتى.

— بۇ يېڭى گەپقۇ، راست دەۋاتامىلا؟

— خۇدا ھەققى، مۇشۇ يېشىمدا يالغان سۆزلەيمۇ؟ ئۇششاق باللار كۆرۈپتۇ.

— ھەي، بىرى تېقىمغا ئۇرۇپلا تاپقان گەپتۇ بۇ. رۇسۇل ئەمدى شۇ ساراڭغا باقاتتىمۇ، ئۇ دېگەن مەيدىسىدە تۈكى بار ئەركەك تۇرسا! — دېدى سەپكۈنلۈك ئايال.

— ھەي، بىز نېمىنى بىلەتتۇق، بۇنى بىر خۇدا بىلىدۇ. ئۇھ، تووا، كۈن قايرىلىپتىغۇ، ئەتىگىمۇ پاراڭ قالسۇن ئەمدى.

ئېگىز جۇۋان ئورنىدىن تۇردى. باشقا ئايالLARمۇ نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. قېرى تال چاقىرىلمىغان مېھمانلىرىنى ئۇزاتقاندىن كېيىن، تەنھا مۇڭلىنىپ قالدى.

3

كۈن پېتىپ، ئۇپۇق شولىلىرى غەرب ئاسمىنىنى قۇچاقلىغان چاغدا بۇ خىلۋەت مەھەللىمۇ بىر كۈنلۈك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، دەريا شاۋقۇنى كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭ تىنىمسىز كۈيى تەبىئەتنى كېچە ئۇيقۇسىغا ئېلىپ كېتىدۇ...!

ئىشىك-دېرىزىلىرى ھەم ئېتىلگەن كىچىككىنە ھۇجرىدا رۇسۇل ئىككى سائەتتىن بۇيان تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. بوۋاقنىڭ بۆكىدەك كىچىككىنە تۈڭلۈكتىن پەقەت ئاندا-ساندا چاقنىغان بىر-ئىككى تال يۇلتۇز كۆرۈنۈپ قالاتتى. قارايغان تام-تورۇسلار ئۆيگە تېخىمۇ قاراڭغۇلۇق بېغىشلايتتى. ھۇجرىدىن كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان نەم-زەي پۇراق، كۈيە چۈشكەن كىگىزنىڭ قاڭسىق، چىرىگەن ھىدى كېلەتتى.

رۇسۇل چىراغمۇ ياقمىدى. بىر چاغلاردا ئانىسى رەھمەتلىك دائىم ئولتۇرۇۋېلىپ يىڭنە ئىشى قىلىدىغان سۇپا ئۈستىدە كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككەن ھالدا قىمىر قىلماستىن ئولتۇرغىنى-ئولتۇرغانىدى. ئۇ نېمە ئويلاۋاتقاندۇ؟ ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ قالدۇرغان جاراھەتلىرىنىمۇ، ياكى بىر چاغلاردا زار-زار يىغلاپ، يالغۇز ئوغلىنى تارىم باياۋانلىرىغا ئۇزىتىپ قالغان، ئەمدىلىكتە ئوغلىنى كۆرۈش نېسىپمۇ بولماي دەرد-پىراق ئىچىدە قارا تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كەتكەن ئانىسىنى ئويلاۋاتامدىكىن ۋە ياكى ئۇنى قىيناۋاتقان باشقىمۇ ھەسرەتلەر بارمىدۇ؟...

تۈڭلۈكتىن قىلىچىنىڭ بىسىدەك ئاپئاق نۇر ئۆيگە ئېقىپ كىردى. ئاي ئۆرلىگەنىدى. رۇسۇل چۆچۈپ قىمىرلىدى. ئۇ سۇپىغا چۈشكەن ئاق شولىغا قاراپ بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇيۇققا ئېلىپ قويغان قول سومكىسىدىن بىر نەرسىنى سۇغۇرۇۋالدى. ھېلىقى نەرسە تۈڭلۈكتىن ئېقىپ كىرگەن ئاپئاق نۇردا ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقناپ كەتتى. رۇسۇل قولىدىكى ئۆتكۈر تىغلىق پىچاقنى تىترىگەن بارماقلىرى بىلەن سىلىۋېتىپ، قوينىغا سالدى. ۋۇجۇدى ئىختىيارسىز سەسكەندى.

مەھەللە جىمجىت، ئۆيمۇ جىمجىت...

رۇسۇل ئۆي ئىچىدە تىۋىشسىز ئايلىنىشقا

باشلىدى. ئۈچ كۈندىن بۇيان ئۇ پەتىلەپ
كىرگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندىن
باشقا، كوچا - كويلارغا چىقىپ باقمىدى.
كۈن بويى تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ كەچ
كىرىشىنى كۈتەتتى. ئەل ئايىغى بېسىلغاندا
ئاستاغىنە ئۆيدىن چىقاتتى - دە، ئالدى
بىلەن ئۇدۇل قەبرىستانلىقتىقا بېرىپ، ئانىسىنىڭ مۇڭلىنىپ تۇرغان قەبرىسىگە يۈزىنى
يېقىپ ئۇزاق ياتاتتى. ئاندىن تاڭ ئاتقىچە
مەھەللىنى چۆگىلەيتتى. ساي بويىدىكى
هاشىم دەلتىنىڭ يالغۇز ئۆيىنى ساناقسىز
ئايلىناتتى...

رۇسۇل بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك،
ئورنىدا توختاپ قالدى. يىگىنىنىڭ ئۇچىدەك ئۆتكۈر بىر نۇر، قاراڭغۇلۇقتا يالتىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن چاقناپ چىقىپ،
يەنە قاراڭغۇلۇققا تاراپ كەتتى. چىشلىرى
كاسىلدىدى. پۈتكۈل ۋۇجۇدى بەزگەكتەك
تىترىدى. خەير، ئاسىيە! ئەمدى تاقەت
قىلالمايمەن... ئىسسىق قېنىڭنى كۆرمىسە
رۇسۇل تىنجىمايدۇ!... ئۇ ئۆ-ز - ئۆزىگە
ئۇنسىز پىچىرلاپ ئۆيدىن چىقتى.

ئاي نۇرى بىلەن يۇيۇنغان تىنىق ھەم
سۈزۈك كېچە ئىدى. شىمالدىكى قارلىق
چوققىلاردىن ئۇرۇلۇۋاتقان سالقىن شامال
قاتار كەتكەن مەجنۇن تاللارنى، سۇۋادان
تېرەكلەرنىڭ ياپراقلىرىنى تىنىمسىز يەلپۈيتتى. رۇسۇل مەھەللە ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئىنس - جىن ئۇچرىمىدى.
ئۇ دەريا شاۋقۇنىغا بىر دەم قۇلاق سېلىپ
تۇردى. سۈتتەك ئاي نۇرى ئۇنىڭ سۇس
سىزىقلار ئىز سالغان پېشانىسىگە، قارا -
قۇمچاق مەڭزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
كۆزلىرى ياندى، ئۇزۇنچاق ئېڭەكلىرىگە
ياماشقان قىسقا قويۇق ساقىلى بىلىنەر -

بىلىنمەس تىترىدى. بىر خىل كۈچلۈك
ئېقىم بويۇن ۋە چېكىلىرىگە بۆرتۈپ چىققان كۆكۈچ قان تومۇرلىرىنى تىنىمسىز
لىكىلداتتى.

ئۇھ، ئانا تۇپراقنىڭ ئاق كېچىسى!
ئاسمىنى كەڭ دالا، تەبىئەتنىڭ جىمى
گۈزەللىكىدىن سىن ئالغان خىلۋەت
ماكان!... ئۇ بالىلىقىدا، شوخ قۇمچاقتەك
پىلتىڭلاپ يۈرىدىغان غەمسىز چاغلار،
ئۆگزىلەردە يېتىۋېلىپ، يۇلتۇز سانىغان
تىنىق كېچىلەر، سۇ شاۋقۇنىغا قۇلاق سېلىپ
ئۇخلىماي چىققان تۈنلەر، كەپسىز، شوخ
ئاغىنىلىرى بىلەن ھېلىم پىخسىقنىڭ ئالمىلىق بېغىغا ئوغرىلىقتا چۈشكەن چاغلار...
مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىقاچان
ئۆتۈپ كەتتى. بالىلىقى قانچىلىك تېز
ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ تاتلىق
خاتىرىلىرىمۇ شۇنچىلىك تېز ئۆتۈپ غايىب
بولدى! ئەمدىلىكتە ۋۇجۇدىدا تىرىلىۋاتقىنى، ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى،
گويا بىر چۈشتەك غايىب بولغان سەبىي -
گۆدەك چاغلىرىنىڭ خىرە - شىرە كۆلەڭگىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمما بۇ شۇنچىلىك سۇس، ئاجايىپ غۇۋا... خوش، ئۇنىڭ
ياشلىقىچۇ؟ بۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق سوئال.
ياق، ئۇ ياشلىقى ھەققىدە ئويلىيالمايدۇ!
بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ئاچچىق جاراھەتتىن،
قەلب يارىسىدىن باشقا ھېچنېمە قالمىغان.
توققۇز يىل، ھەسرەتلىك توققۇز يىل!
تارىم باياۋانلىرىدا — ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىدا — ئاچچىق، تەلپۈنۈش، سېغىنىش، خورلۇق، چۈشكۈنلۈك، ئۆچمەنلىك... ئىچىدە ئۆتكەن توققۇز يىل،
قىساسقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەسەبىي
تۇيغۇ ئىچىدە پۇچىلىنىپ ئۆتكەن

ئەشۇنىشلىك يىللار...

سۇ شاۋقۇنىنىڭ شارىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. رۇسۇلنىڭ سەزگۈلىرى ئويغاندى. خىيالدىن چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى. قوينىدىكى ئۆتكۈر تىغ، گويا يېنىۋاتقان چوغدەك ئۇنىڭ پۈتكۈل جىسمىنى قىزىتماقتا ئىدى. بىر خىل ئەسەبىي تۇيغۇ بەدەن-بەدەنلىرىدە جۇش ئۇردى.

ئۇ تۇۋۇش چىقارماستىن هويلا ئېمىدىن ئارتىلىپ چۈشتى-يۇ، ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. ئاپئاق سۈت قەغەز چاپلانغان پەنجىرىدىن هويلىغا سۇس يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. «نېمىشقا هەر كېچىسى مەهەللىدە مۇشۇ ئۆيىنىڭلا چىرىغى ئۆچمەيدۇ؟...» ئۇ گۇمان بىلەن ئاستاغىنە پەنجىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆيى ئىچىدە تۇۋۇش يوق ئىدى. ئۇ بىرهازا قۇلاق سېلىپ تۇرغاندىن كېيىن بىگىز بارمىقىنى لەۋلىرى بىلەن هۆلدەپ، نېپىز سۈت قەغەزگە يېنىك باستى. قەغەز تېشىلدى. ئۇ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقىنىنى، نەپسىنىڭ بوغۇلۇۋاتقىنىنى هېس قىلدى. ئوڭ كۆزىنى يېقىن تۇتۇپ، ئۆيى ئىچىگە قارىدى. ئۆيى ئىچى غۇۋا بولۇپ، پەقەت ئۆچەي-ئۆچەي دەپ پىلدىرلاۋاتقان جىن چىراغ جان تالىشىۋاتقاندەك خىرە يېنىپ تۇراتتى. رۇسۇل شۇ تەرىقىدە ئۆيى ئىچىگە ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئەمدى ئۇ ئۆيى ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئېنىق قىلىشقا باشلىدى. گويا غايىبتىن پەيدا بولغاندەكلا، بىر بۇلۇڭدا هەيكەلدەك قېتىپ تۇگۈلۈپ ئولتۇرغان بىر نازۇك گەۋدە سۇس يورۇق ئىچىدىن ئاستا-ئاستا گەۋدىلىنىپ چىقتى. بۇ گەۋدە ئېگىزكىنى ئىككى تىزىنىڭ ئوتۇتىمگە قويۇپ، جىن چىراغنىڭ غۇۋا نۇرىغا قاراپ، قىمىر قىلماستىن ئولتۇراتتى. ئەنە ئاپئاق ئىچ كۆڭلەك، يەلكىسىنى پۈتۈن يېپىپ تۇرغان قويۇق قارا چاچلار، پىلدىرلاۋاتقان سۇس يورۇقتا بىر نۇقتىغا قاراپ قالغان قارا كۆزلەر... تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى!

ئاسىيە! رۇسۇل تۇۋۇشسىز ئىڭىرۋەتتى. تېنىگە نامەلۇم تىترەك ئولاشتى. تۇيۇقسىز ئۆيىنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدا بىر نەرسە مىدىرلىدى. يوغان يوتقانغا ئورۇلۇپ، تۇگۈلۈپ ياتقان بىرى كالىدەك پۇشقۇرۇپ، كالاچتەك ئېغىزىنى ئېچىپ-يۇمۇپ بىرقانچىنى تامشىدى-دە، سول يېنىغا ئۆرۈلۈپ، قاتتىق خورەك تارتقان هالدا يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. قېتىپ ئولتۇرغان بايىقى نازۇك گەۋدە بولۇڭ تەرەپكە سەسكىنىش ۋە يىرگىنىش نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى.

هاشىم دەلتە! هېلىقى بىر چاغلاردا، ئۇنىڭ بەختىگە چاڭ سالغان، ئاسىيەنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالغان، مەسخىرىلىك كۈلكىسى بىلەن ئۇنى تارىمغا ئۈزىتىپ قويغان هاشىم دەلتە!... ئۇھ، خۇدا! شۇنداق بىر كۈنلەردە، مېنىڭ ئالدىڭلاردا قايتا پەيدا بولۇشۇمنى خىيالىڭلارغا كەلتۈرۈشمىگەن بولغىيدىڭلار، هەي ئاسىيە، كۆز ئالدىمدا، ئاشۇ دەلتىنىڭ ئۆيىدە، ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ ئولتۇرغىنىڭنى كۆرۈش ماڭا قانچىلىك قىيىن! مەن ئالدى بىلەن سېنى، ئاندىن ئاشۇ دەلتىنى بوغۇزلايمەن. مەن ئاللىقاچان تۈگەشكەن ئادەممەن، ئۆمۈر بويى زەي زىنداندا ياتساممۇ، نۆۋىتى كېلىپ بىر پاي ئوقتا ئۆلسەممۇ ماڭا بەرىبىر. پەقەت ئىككىڭلارنىڭ قولۇمدا جان بەرگىنىنى كۆرسەملا بولىدى... مەن

ئەنت ئىچكەن ئەركەكمەن!

رۇسۇل بىر ئەسەبىي ھەرىكەت بىلەن قويندىن پىچىقنى سۇغۇرۇۋالدى. ئۇيۇش-قان قوللىرى بىلەن پىچاق دەستىسىنى چىڭ سىقتى... دەل ئاشۇ پەيتتە قېتىپ ئولتۇر-غان بۇنازۇك گەۋدە ئاستا قىمىرلاپ ئورنىدىن تۇردى - دە، سىرتقا ماڭدى. بۇ كۈتۈلمە-گەن ھەرىكەتتىن چۆچۈگەن رۇسۇل، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئاق گەۋدە ئەتراپنى دىققەت بىلەن كۆ-زەتكەندىن كېيىن، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دەريا ساھىلى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. رۇسۇل ھاڭ - تاڭ بولۇپ بىر پەس قېتىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.


ئاي يورۇتقان ئاق كېچە، يۇلتۇزلار سىرلىق جىمىرلىغان تىنىق كېچە، سۇ شاۋقۇنىنىڭ يېقىملىق ئەللەيلىشى بىلەن، جىمى جاھان ئۇيقۇغا كەتكەن سېھىرلىك كېچە!... ئەي، ئىنسانلار! رۇسۇلمۇ سىلەرگە ئوخشاش غەم - قايغۇسىز بولۇپ، مۇشۇ گۈزەللىكلەردىن بەھىر ئالسا - ھە،

ئەپسۇس، ناھايىتى ئەپسۇس، قاراڭلار، ئۇ ئاي كۆلۈپ، يۇلتۇز پارلىغان ئاق كېچىدە، پىچاق كۆتۈرۈپ، قان تۆكۈشنى ئىستەۋاتى-دۇ!... ئۇنىڭ ئۈچۈن زېمىن سوغۇق، تەبىئەت كۆرۈمسىز، ئاسمان تۇتۇق...

ھېلىقى نازۇك گەۋدە گويا پاختىنى دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك، تىۋىشسىز ھالدا سۇ بويىغا كەلدى. گويا بىر نېمىگە قۇلاق سېلىۋاتقاندەك، باشقىلار زادىلا كۆرەلمەي-دىغان، پەقەت ئۆزىگىلا مەلۇم بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك، شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئېقىن سۇغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ تۇردى. ئۇزاق تۇردى. سۇ يۈزىدىن ئۇرۇ-لۇۋاتقان سوغۇق شامال ئۇنىڭ نازۇك بەدى-نىگە ھىم چاپلىشىپ تۇرغان نېپىز كۆڭلى-كىنى تىنىمسىز يەلپۈيتتى.

رۇسۇل ئون بەش قەدەم نېرىدا قومۇش باسقان نەم قۇملۇققا چاپلىشىپ يېتىپ ئايالنى كۆزەتتى. قىرغاقتىكى قىرسىز، سىلىق ساي تاشلىرى ئۈستىدە ئاي نۇرى سۇس يالتىرايتتى.

ھېلىقى گەۋدە ئاستا نەم قۇملۇققا ئولتۇردى. رۇسۇل ئۇنىڭدىن كۆزىنى



ئۆزمىدى. قولىدىكى پىچاق دەستىسىدىن ئاجراتمىدى، ئاينىڭ ئىللىق سۇغا چۈشكەن يورۇقىدىن چاقنىغان ئاقۇچ شولىلار ئايالنىڭ يۈزىگە توغرا چۈشۈپ تۇراتتى. ياز كېچىسىگە تەمەررۇپ ئولتۇرغان مۇشۇ يېگانە ئايال ئاسىيە بولسا - ھە! توققۇز يىل ئىلگىرىكى ئاسىيە قانداق ئىدى؟

ئاسىيە تۇيۇقسىز ئۈركىگەن بۆجەندەك چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدە سۈزۈك تامچىلار يالتىرىدى. ئۇ تۈن كېچىدە بۇ يەردە نېمىگە ئولتۇرىدىغاندۇ، قورقمامدىغاندۇ، ئالدىدىكى ئۇلۇغ ئېقىن سۇدا بىر يوشۇرۇن سىر بارمىدۇ - يا؟ شۇ پەيتتە، رۇسۇلنىڭ كۆزلىرى نەم قومۇلۇقتا ئۆسكەن ياۋا بۇيىلارنىڭ بەرگىدىكى سانسىز ئاق - سۈزۈك تامچىلارغا چۈشتى. ئاق شەبنەم!... ئۇ ئاسىيەنىڭ كىرپىكلىرىدە يالتىرىغان ياش تامچىلىرىغا نېمانداق ئوخشايدۇ - ھە! ياكى تەبىئەت ئۆزىنىڭ پاك كۆز ياشلىرى بىلەن، ئۆلۈمى يېقىنلىشقان مۇنۇ ئايالغا ھېسداشلىق قىلىۋاتامدىكىن!؟...

ئاسىيە ھالسىزلىنىپ، ئاستا - ئاستا تىنىقى ئۈزۈلۈۋاتقاندەك، شەبنەم چۈشكەن ئاق بۇيىلار ئۈستىگە يىقىلدى.

رۇسۇلنىڭ قولىدىكى پىچاق ئىختىيارسىز قومغا سىرىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ پىچاقنى ئالغۇدەك مادارى قالمىدى. ئۇ گويا 15 قەدەم نېرىدىكى سۇ بويىدا نەم يەرگە چاپلىشىپ ياتقان يېگانە، سىرلىق ئايالنىڭ تىنىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، ۋۇجۇدىدا ئۇنتۇلغىلى ئۇزاق بولغان يىللىق تۇيغۇلار قايتا جۇش ئۇرغاندەك، بەدەن - بەدەنلىرى ھەيرىي بىر خىل ئىسسىقنىڭ ئىلكىدە كۆيۈشتى. ئەجەبا، ئۇ خاتا مۆلچەرلەپ قويدىمۇ؟ بۇ مۇھەببەتمۇ ياكى قىساسمۇ؟ ئۇ نېمىشقا ياشلىقىنى، ھاياتىنى، بەختىنى ۋە ئېتىقادىنى ۋەيران قىلغان مۇشۇ ئايالنى شۇنچە يىللاردىن بۇيان كەچۈرمەي كۆڭلىدە ئەنت ساقلاپ كەلدى - يۇ، ئۇن قەدەم ئارىلىق قالغان مۇشۇ دەقىقىدە بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى، ئۇ، توققۇز يىلدىن بۇيان ئۆزىنى ياشىتىپ كەلگىنى مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى نەپرەت ۋە قىساس ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ، ئۆزىنىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتتە ئىككىلىنىپ، ئارىسالدى بولۇپ قالىدىغىنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدىغۇ!؟

رۇسۇل تۇنجى قېتىم ئىرادىسى بىلەن ھېسسىياتى، مۇھەببەت بىلەن نەپرىتى توقۇنۇشۇۋاتقان پەيتتە، ئۆتتەك قىزىغان يۈزىنى، قىسىلىۋاتقان كۆكرىكىنى نەم قومغا قاتتىق بېسىپ ئىرتىراپ ئىچىدە ئۇزاق ياتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئورنىدىن تۇرغۇدەك كۈچ - جۈرئەت قالمىغانىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى، ئويقۇ ئارىلاش بىر خىل مەستخۇش تۇيغۇ ئىچىدە ناھايىتى يېقىندىن جايىدىن بىر ئاق گەۋدىنىڭ ئاستا شىپىرلاپ، بارا - بارا دەريا بويىدىن يىراقلاپ، تاغ كەينىگە پېتىۋاتقان ئاينىڭ ئاداققى نۇرلىرى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولغانلىقىنى سەزگەندەك قىلدى. سۇ دولقۇنى يېنىك يالاۋاتقان نەم ساھىلدا قومغا سانجىلغان پىچاقنىڭ دەستىسىلا كۆرۈنەتتى...

٤

ئۆتكەن كۈنلەر رۇسۇل ئۈچۈن تامامەن ئۆتمۈش بولۇپ كەتكىنى يوق

ئەلۋەتتە. ئەسلىمىنىڭ ئۆزى بىر خىل ئۇچرىشىش، ئۆتمۈش خاتىرىلىرىنى قايتا ئەسكە ئېلىش، خۇددى ئەمدىلا ساقايغان جاراھەتنى تاتىلىغانغا ئوخشاش ئازابلىق بىر ئىش بولسىمۇ، ئادەم ئۇچۇن بەزىدە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆتمۈشنى قايتا ئەسكە ئېلىشقا مەجبۇر بولىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولۇپ قالىدۇ.

شۇنداق، ئاشۇ چاغلاردا، بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان بۇ تۇرگۇن يىگىت ئۆز ۋۇجۇدىدا ئۇسۇپ يېتىلگەن ئەرلەرگە خاس سېھىرىي كۈچى بىلەن مەھەللىدىكى قىزلارنى جەلپ قىلسا، ئەمدىلا رەسىدە بولغان ئاسىيەمۇ يىگىتلەرنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۈدەك گۈزەللەردىن بولۇپ يېتىشكەنىدى.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەھەللىدە بىردىنلا «رۇسۇل تەنتەك بىلەن كېردىم سەپرانىڭ قىزى ئاسىيە ئىتتىز - قىرلاردا مۇھەببەتلىشىپ يۈرگۈدەك...» دېگەن مىش - مىش پاراڭلار تارقالدى. بەزىلەر «پاھ، خۇدا قوشقان قوشماقلاردىن بولۇپتۇ!» دېسە، بەزى يىگىتلەر لېۋىنى يالاپ: «ھەي، ئىسىت، ئاسىيەدەك لېۋەن قىز رۇسۇلدەك تەرسا، يېتىم ئوغلاققا زايە ئەمەسمۇ، خەپ، ئاسىيە دېگەن جىن تەگكۈرنىڭ ئۆزى گۈزەل بولغىنى بىلەن كۆزى كوركەن. بىزدەك يىگىتلەرنى يارىتماي، تاللاپ - تاللاپ تازغا ئۇچرىغىنىنى دېمەمدىغان!...» دېيىشەتتى.

لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئاشۇ كۈنلەردە رۇسۇلنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. كۈن بويى قاپىقىنى تۈرۈپ، ئىتتىز باشلىرىدا مەقسەتسىز ماڭاتتى. مەھەللە دوقمۇشىدىكى پارچە ھازاق ساتىدىغان دۇكان ئالدىدا پولىدىغان قىزىق سورۇنلارغىمۇ داخىل بولمىدى. ئەلۋەتتە، رۇسۇلسىز بۇ سورۇنلارنىڭمۇ چېكى چىقمايتتى. ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ؟

بىر كەچلىكى رۇسۇل كېردىم سەپرانىڭ ئۆيى ئەتراپىدا يەنە پەيدا بولدى. ئۇ ئاسىيەنى مۇشۇ يەردە ساقلاۋاتقىلى توپتوغرا بىر ھەپتە بولغانىدى. لېكىن ئاسىيەنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. رۇسۇل نېمە قىلاردىنى بىلمەي ئۇيياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. ئاسىيە ئۇنىڭدىن قەستەن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتامدۇ ياكى بىرەر ئۆزگىرىش بولدىمۇ، ئۇ نېمىشقا رۇسۇلنى مۇنداق قىينايدۇ؟ ھەي، قىز بالا دېگەن شەيتان!... رۇسۇل ئادىتى بويىچە كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم ئىسقىرتتى. سۇس يورۇق چىقىپ تۇرغان پەنجىرە تەرەپكە قاراپ كۆزلىرى تالدى. ئاسىيەدىن بولسا ھېچقانداق ئىنكاس يوق. ئۇ پەنجىرە ئالدىغا بىرقانچە قەدەم سۈرۈلدى - يۇ، توختاپ قالدى. بىردىنلا كۆز ئالدىغا ئاسىيەنىڭ تەرسا، ئاچچىقى يامان دادىسىنىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدىكى غەزەپلىك سىيماسى پەيدا بولدى. ئۇ ئالدىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. راست، ئۇ ئاسىيەنىڭ دادىسىدىن قورقاتتى. نېمىشقىكىن كېردىم سەپرا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ تېرىككەك ئادەم رۇسۇلنى يامان كۆرەتتى. رۇسۇلنىڭ ئۇنىڭغا نەرى يارىمايدىغاندۇ، بۇنى رۇسۇل ئۆزىمۇ ئويلاپ يېتەلمەيتتى... رۇسۇل ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ھالدا ئاچچىق خىياللار ئىلكىدە تۇرغىنىدا خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا، بىرى يېنىك قەدەملەر بىلەن رۇسۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. رۇسۇل بۇ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ دېگەندەك، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قارىدى.

ئاپئاق كۆڭلەك كىيگەن ئاسىيە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇن ـ تىنسىز تۇراتتى. ئۇلار بىر هازا سۈكۈت ئىچىدە قارىشىپ تۇردى. رۇسۇل ئالدىغا ئىختىيارسىز بىر قەدەم تاشلىدى.

ــ سەنمىدىڭ، ئاسىيە؟

ــ هەئە... ــ قىزنىڭ ئاۋازى سۇس تىترەپ چىقتى.

ــ ساڭا نېمە بولدى، ئاسىيە، ئەجەب يوقاپ كەتتىڭ!

ــ هېچ... هېچنېمە...

ــ مەندىن خاپا بولدۇڭمۇ ـ يا؟

ــ ياق.

ــ ئەمىسە نېمىشقا كۆرۈنمەيسەن؟ مەن سېنى ساقلىغىلى ساق بىر هەپتە بولدى.

ــ بىلمەن رۇسۇل، بىراق ماڭىمۇ نېمە ئامال، ــ دېدى ئاسىيە تەشۋىش بىلەن ئەتراپقا قاراپ، ــ قايتىپ كېتىڭ رۇسۇل. دادام مېنى هېچيەرگە چىققىلى قويمايۋاتىدۇ، ئۇ سېزىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئەمدى كۆرۈپ قالسا، تۇگەشكىنىم شۇ... خۇپتەن نامىزىدىن يانىدىغان ۋاقىت بولدى، كېتىمەنى ئاڭلاڭ رۇسۇل!

رۇسۇلغا قىز ئەمدى غايىب بولسا، ئەبەدىي كۆرۈش مۇمكىن بولمايدىغاندەك تۇيۇلدى، ئۇ شۇنداق بىر نامەلۇم ـ كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئاسىيەنىڭ بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتتى ـ دە، ئۇنى سۆرىگەندەك ئېلىپ ماڭدى:

ــ مېنى قىينىما، ئاسىيە، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار!

ــ ياق، رۇسۇل، مېنى قويىۋېتىڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي،

رۇسۇل ئاسىيەنىڭ يېلىنىشلىرىغىمۇ، قايتا ـ قايتا ئۆتۈنۈشلىرىگىمۇ پەرۋا قىلمىدى، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قەتئىيلىكنى هەرقانداق كۈچمۇ توسۇپ قالالمايتتى.

ئاسىيە نەگە كېلىپ قالغىنىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى. پايانسىز كۆكتە سانسىزلىغان يۇلتۇزلار سىرلىق جىمىرلىشىپ تۇراتتى. ئەتراپتىن يېلىلىق، كىشىنى مەست قىلغۇچى جىگدە چېچەكلىرىنىڭ هىدى كېلەتتى. ئاسىيە باش ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇرغان جىگدە شاخلىرىدىكى سانسىز كۈمۈش يوپۇرماقلارنىڭ خىرە يالتىراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ناهايىتى يىراق جايدىن سۇ شاۋقۇنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. شاۋقۇن بارا ـ بارا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئاسىيەنىڭ كۆزلىرى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان بىر ئوتلۇق كۆز بىلەن ئۇچراشقاندا ئىختىيارسىز بىر يېلىلىق تۇيغۇدىن ئەندىكىپ، ئۆزىنىڭ جۇش قايناۋاتقان ئەمەس بەلكى، ربئاللىقنىڭ قۇچىقىدا تۇرغانلىقىنى هېس قىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى، مۇشۇ تۇرقىدا شېرىن سۈكۈتتىن باشقا هېچقانداق نەرسىگە ئۇنىڭ قۇربى يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى.

ــ يىغلاۋاتامسەن، ئاسىيە؟ ــ خۇددى چەكسىز بوشلۇقتىن سادا كەلگەندەك، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن رۇسۇلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ مەن... تەقدىرىمدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، مېنىڭ يۈرىكىم سېزىۋاتىدۇ... ــ زادى نېمە بولدى ئاسىيە، راستىنى ئېيتقىنا، مەن هېچنېمىنى چۈشەنمەيدىم، ــ دېدى رۇسۇل تەقەززالىق بىلەن ئاسىيەنىڭ كۆزىگە قاراپ.

ــ شۇنداق، سىز نېمىنىمۇ چۈشىنەتتىڭىز، ئۆز ئۆيۈن ـ كۈلكىڭىز بىلەن ئاۋارە، ــ

ئاسىيە گويا ئاغرىنىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاھاڭدا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى، — مېنىڭ يۈزۈم چىدىمايۋاتىدۇ. مەھەللىدە سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن بولۇۋاتقان پاراڭلارنى ئاڭلىمايۋاتامسىز، سىز ئۈچۈن نە ئات، نە نومۇس!

— زادى نېمە گەپ، ئوچۇق دېسەڭچۇ، ئاسىيە! — رۇسۇلنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلىرى ئۇرغۇدى، ئاۋازى بوغۇلدى.

— ھاشىم دەلتە كوچا - كويلاردا: «رۇسۇل بىر پاقلىنىمنى ئوغرىلاپ سويۇپ يەپتۇ!...» دېگەن گەپلەرنى قىلىپ يۈرگۈدەك...

— خەپ، دەلتە! ھارام تاماق، كىم ئۇنىڭ قويىنى ئوغرىلاپتۇ، مەن ئالسام ئۆز ھەققىمنى ئالدىم، ئۇتتۇرغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە بېرىشى كېرەك - تە! ئۇنى مېنىڭ بىلەن دو تىكىش دەپ مەن مەجبۇرلىمىسام، ئۇتتۇرىدىغاننى ئۇتتۇرۇۋېتىپ ئىچىدىن قان كېتىپتۇ - دە، ھۇ چىدىماس!...

— نېمىشقا ئوينايسىز شۇ نەس باسقان قىمارنى، سىز كىچىك بالا ئەمەسقۇ، يالغۇز ئانىڭىزنى ئايىسىڭىز بولمامدۇ؟

— شۇنىڭغا شۇنچىۋالا خاپا بولۇپ كەتتىڭمۇ، ھەي، ئەل قاتارى ئويناپ قويدۇم. ھېچكىمگە قوشۇلماي، مۆرىمەس لىكتاسما بولۇپ يۈرسەم بولامتى. خوتۇن خەقنىڭ ئىشتىنىنى كىيگەن بۇ دەلتىنىڭ چىدىماسلىقىنى نەدىن بىلەي، ئۇنىڭدىن ئۇتۇۋالغان پاقلاننى سويۇپ يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ئاغىنىلەرنى مېھمان قىلدىم. بۇ دەلتىنىڭ قارا يۈزلۈكىنى نەدىن بىلەي، خەپ، ئالدىمغا ئۇچراپ قالمىسۇن!...

ئاسىيە يىراقلارغا قارىۋالدى. ئۇنىڭ نازۇك مۈرىلىرى يېنىك سىلكىنىپ كەتتى ئىدى.

ئۇ ئىسەدەپ يىغلاۋاتاتتى.

— ئاسىيە، نېمىگە شۇلداق يىغلايسەن، ماڭا قارىغىنا، سەنىلا خۇشال بولىدىغان بولساڭ، بولىدى مەن ئىككىنچى تاۋۇكاغا قوشۇلماي، بولامدۇ، ئاغىنە - بۇرادەرىسىز قالسامۇ مەيلى، قېنى، بىر كۈلۈۋەتە... — رۇسۇل قىزنىڭ مۈرىلىرىدىن يېنىك قۇچاقلىۋالدى.

تىنىمسىز كېچە شامىلى جىگدە ياپراقلىرىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ چەكسىز دالىغا تاراپ كېتەتتى. مەھەللە بىر خىلدا قارىيىپ ياتاتتى. پەقەت ناھايىتى يىراقتىن ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ سۇ شاۋقۇنى كېلىۋاتاتتى...

— رۇسۇل!

قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئاسىيەنىڭ مۇڭلۇق، ئاجىز ئاۋازى كەلدى.

— ھە.

— مەن ئەنسىرەۋاتىمەن.

— نېمىدىن؟

— تەقدىرىمدىن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ئاسىيە؟

— بىرى ماڭا ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ.

رۇسۇلنىڭ بېشىغا كالتەك تەگكەندەك ئەندىكىپ كەتتى.

— بۇ راستمۇ، ئاسىيە، كىم ئۇ؟

— دېيىشكە تىلىم بارمايۋاتىدۇ...

— مېنى تىت - تىت قىلمىغىنا، ئاسىيە! — رۇسۇل ئاۋازىنىڭ بىردىنىلا ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى ھېس قىلدى.

— يەنە شۇ... ھاشىم...

— دەلتە! — رۇسۇل غورت قىلىپ يۇتۇندى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاسىيەنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان، يىگىتنىڭ ئۇچىدەك ئۆتكۈر بىر غەزەپلىك نۇر چاقنىدى، — ئەسلىدە مۇنداقكەن - دە، نېمىشقا ماڭا

چىش بىلەيدىكىن دەپتىمەن ئۇ ماخاۋنى! قېنى كۆرۈپ باقاي، مېنىڭ ئېشىمغا توپا چېچىپ پايدا ئالالامدىكىن، ئوتتۇز ئىككى چىشىنى تۆكۈۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس، مەن رۇسۇل دېگىنىمنى قىلمەن!

— رۇسۇل، سىز نېمانداق قىزىققان، ئاچچىق بىلەن ئىش پۈتەتتىمۇ؟ مەن ھېچ چۈشەنمىدىم، چۈشەنمىم... خوش، بەك كەچ بولۇپ كەتتى... مەن كېتەي...

ئاسىيە رۇسۇلنىڭ بىلەكلىرى ئارىسىدىن بوشاپ چىقىپ، يۈگۈرگەن پېتى جىگدە دەرەخلىرى ئارىسىدا غايىب بولدى. قاراڭغۇلۇقتا رۇسۇلنىڭ «ئاسىيە» دەپ چاقىرغان بوشقىنا ئاۋازىلا قالدى...

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەن بىر كەچلىكى رۇسۇل هاشىم دەلتىنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ مەھەللە سىرتىدىكى يىكەن باسقان كۆل بويىدا ئاتلىرىنى سۇغۇرۇۋاتاتتى. رۇسۇل ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. هاشىم دەلتە رۇسۇلنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ چۆچۈدى بولغاي، خۇشامەتكۈيلۈق بىلەن ھىجايدى.

— كۆرۈنمەيسەنغۇ رۇ... رۇسۇل، ھى... ھى...

— تولكىدەك ھىجايماي، راست سۆزۈڭنى ئېيت، دەلتە، زادى مېنىڭ بىلەن يۈت تېپىشىپ نېمە قىلماقچىسەن؟

— بۇ، بۇ نېمە دېگىنىڭ، ساڭا نېمە بولدى؟...

— ئېپلاس! — رۇسۇل كاپ قىلىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى، — ساڭا ئېيتىپ قوياي، چىدىماس خۇمسى، لۆم - لۆم ئېشەك! مېنى ھەر نېمە دېسەڭ مەيلى، مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك، ئەمما ئاسىيەگە كۆز قىزارتىدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكىڭلى كۆرسىتىمەن!

رۇسۇل ئۇنى كۈچ بىلەن ئىتتەردى. هاشىم دەلتە كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ قارا پاتقاققا ئولتۇرۇپ قالدى. ئاسىيەنىڭ گېپى چىقىشى بىلەنلا هاشىم دەلتىگە جان كىرىپ، رەقىبىگە ئېتىلغان خورازدەك ھۈرپەيدى:

— نېمە قىلالايسەن، تەنتەك، هارامدىن بولغان تەرسا! كىمنىڭ بىگىسى بولسا شۇ خوتۇن ئالالايدۇ، خۇدايىم ئاسىيەنى ساڭا مىخلاپ قويۇپتىمۇ، تولا سەكرىمە، ھېلى بىكار...

بىر چاغدا تۇيۇقسىز كەلگەن بىر مۇشت هاشىم دەلتىنى ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. رۇسۇل ئېتىلىپ بارغىنىچە هاشىم دەلتىنى ئاستىغا باستى. ئۇلار كۆل بويىدىكى سازلىقتا يومىلاقلىشىپ كەتتى. رۇسۇلنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. بىر دەمدىلا هاشىم دەلتىنىڭ ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالدى. كۆل بويىدا قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەھەللىدە رۇسۇل بىلەن هاشىم دەلتىنىڭ ئاسىيەنى تالىشىپ ئۇرۇشقانلىقى ھەققىدىكى پاراڭلار خېلى ئۇزۇنغىچە بېسىقمىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىش ئاللىقاچان ئاسىيەنىڭ دادىسى كېرىم سەپرانىڭ قۇلىقىغا يەتكەنىدى. ئۇ ئاسىيەنى تالا - تۈزگە چىقارمىدى. رۇسۇلنى تۇتۇۋېلىپ يۇخادىن چىققۇچە تىللىدى. ئۇمىدى ئۈزۈلگەن رۇسۇل دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىرقانچە قېتىم قاتتىق ئىچىپ، غەرق مەست بولدى. ئەمما بىر دەملىك مەستلىك بىلەن بۇلداق ئازابلارغا بەرھەم بەرگىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇ ئاسىيەلەرنىڭ ئۆيىنىڭ باغقا قارايدىغان پەنجىرىسى ئالدىدا مۆكۈپ يېتىپ، ھېلىم پىخسىقنىڭ مەھەللە ئىمامى بىلەن داستىخاننى يومپايتىپ كېرىم

سەپرانىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىككى - ئۈچ قېتىم كۆردى. ئۆتۈۋاتقان ھەر بىر كۈن ئۇنىڭ بەختسىز تەقدىر قىسمىتىدىن دېرەك بەرگۈچى سىگنالدەك، يۈرەك باغرىنى قان قىلاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۇ ئۆز دادىسىنىڭ ئۆزىنى يېتىم قالدۇرۇپ، كېتىپ قالغىنىدىن ھەسرەتلەندى.

مەھەللىدە ئەمدى «ھاشىم دەلتە بىلەن ئاسىيەنىڭ تويى بۇغداي ئورمىسىدىن كېيىن بولغۇدەك...» دېگەن سۆزلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئەمدى رۇسۇل تۇرمۇشتا نېمىگە خۇشال بولىدۇ، نېمىگە ئىنتىلىدۇ؟ ئەجەبا، ئۇ ھاشىم دەلتىنىڭ غالىبلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىنى، رەقىبلىرىنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىلىرىنى كۆرۈپ ياشىسۇنمۇ؟ ئاسىيەدىن ھېچقانداق ئىنكاس يوق. ئېھتىمال ئۇمۇ تەقدىرگە باش ئېگىپ، ئۆز قىسمىتىنى ئۈنسىز يىغىسى بىلەن كۈتۈۋالماقچى بولۇۋاتقاندۇ. شۇنداق، ئاسىيەدىن ئاغرىنغىلى بولاتتىمۇ؟ ئەمدىكى بىردىنبىر گەپ، رۇسۇلنىڭ ئۆزىدە، چۈنكى ئۇ ئەركەك - تە!...

رۇسۇل ئۈچۈن كۈنلەر تەشۋىش، خىيال، بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بىچارە ئانىمۇ يالغۇز ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى دەپ قولىدىن كېلىدىغىنىنى قىلىپ باقتى. كېرىم سەپرانىڭ ئالدىغا باش ئېگىپ كىرىپ تۆۋەنچىلىك بىلەن يېلىنىپ - يالۇۋۇردى. ئەمما نەتىجىسى بولمىدى.

ئاي ئۆرلەپ سۇ شاۋقۇنى كۈچەيگەن بىر كەچلىكى، رۇسۇل ئۆز ھاياتىدىكى تەۋەككۇلانە قارارنى چىقاردى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قەتئىي بىر روھ ئىدى. ئېھتىمال، تەقدىر ئىنسان قىسمىتى ئۈستىدىن ئەڭ جىددىي ۋە رەھىمسىز سىناقنى ئېلان قىلغان دەقىقىلەردىلا، ئادەمدە ئەنە شۇنداق ھېچنېمىدىن يانمايدىغان ئەسەبىيلەرچە كەسكىنلىك ئۇرغۇپ چىقسا كېرەك.

مەھەللە ئاسمىنىدا مەزىنىنىڭ خۇپتەن نامىزىغا ئوقۇغان بوغۇق ئەزان ئاۋازى ياڭرىغاندا، رۇسۇل پەم بىلەن ئاسىيەنىڭ ئۆيىنىڭ پەنجىرىسى ئالدىغا كېلىپ يوشۇرۇنۇپ تۇردى. ھايال ئۆتمەي كېرىم سەپرا ئىچىدە ئاللىقانداق ئايەت - سۈرەلەرنى پىچىرلاپ، ئىغاڭلىغان پېتى مەسچىت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. رۇسۇل يۈرىكىنىڭ شىددەت بىلەن سوقۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. پۈتۈن جىسمىدا ئاجايىپ جۇشقۇن بىر ئېقىم ئۆركەشلىمەكتە ئىدى. ئۇ ئەپچىللىك بىلەن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئاسىيەنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلدى. ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. رۇسۇلنىڭ ئوت بولۇپ يانغان كۆزلىرى تۇيۇقسىز شەپىدىن چۆچۈگەن ئاسىيەنىڭ بوتا كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ھەر ئىككىسىلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— رۇ... رۇسۇل، ئۆتۈنۈپ قالاي، تېز چىقىپ كېتىڭ!

رۇسۇل ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى.

— مېنى ئاياڭ، رۇسۇل، دادام كېرىپ قالىدۇ. نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز...— ئاسىيەنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، — تەقدىر - قىسمىتىمىز شۇنداقكەن، بىزدە نېمە ئامال؟!

— مەن ئامال تاپتىم، ئارقامدىن ماڭ، قاراپ تۇرۇپ سېنى ھاشىم دەلتىگە تاشلاپ بېرىدىغان رۇسۇل ئەمەسمەن، بىز بۇ

يۇرتتىن كېتەيلى، ئاسىيە، ھېچنىمىگە تار-
تىشما، باشقا كەلگەننى كۆرىمىز.

— ياق، ياق، سارالڭ بولدىڭىزمۇ؟
قورقىمەن، رۇسۇل، بۇ مۇمكىن ئەمەس،
دادامغا يۈز كېلەلمەيمەن، قېچىپ نەگىمۇ
بارىمىز، گېپىمنى ئاڭلا، جېنىم رۇسۇل،
تېزرەك چىقىپ كېتىڭ!

— ئاسىيە، بۇ يورەك سۆزۈڭمۇ؟ —
رۇسۇلنىڭ ئاۋازى غەلىتە تىترەك بىلەن
چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناۋاتقان
ئۆتكۈر بىر نۇرنىڭ دەستىدىن ئاسىيەنىڭ
تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئاسىيە بىلەتتى،
رۇسۇلنىڭ قارامىلىقى تۇتسا، ئۇنى ھېچقان-
داق بىر كۈچ توسۇپ قالالمايتتى.

— رۇسۇل، ئۆتۈنۈپ قالاي، نىيىتى-
ڭىزدىن يېنىڭ...

ئاسىيەنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، رۇسۇل
شۇنداق تۇيۇقسىز ھەرىكەت بىلەن، ئۇنىڭ
تىترەپ تۇرغان نازۇك گەۋدىسىنى لىككىدە
كۆتۈرۈۋالدى. رۇسۇلنىڭ كۈچلۈك بىلەكلى-
رى ئاسىيەنى مىدىر قىلغىلى قويمىدى.
رۇسۇل قىزنى كۆتۈرگەن پېتى ھېچنېمىگە
قارىماي دەريا بويىغا ئېلىپ ماڭدى.

— رۇسۇل، جېنىم، ئۇنداق قىلماڭ،
ۋارقىرايمەن!...

رۇسۇلنىڭ قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمىدى.
ئۇ ئاسىيەنىڭ يۇلقۇنۇپ تىپىرلاشلىرىغا، بو-
غۇلۇپ يىغلاشلىرىغا، مۇرىلىرىنى ئاچچىقى
بىلەن مورلاپ چىشلەشلىرىگىمۇ پەرۋا قىل-
مىدى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر سۆزلەيتتى. ئەمما
نېمە دەۋاتقىنىنى ئاسىيەمۇ، ئۆزىمۇ
بىلمەيتتى.

— شۇنداق، ئاسىيە، ماڭىمۇ ئامال
يوق، مەن بىر ئەركەك. سېنى ھاشىم دەل-
تىگە تاشلاپ بەرگىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى.

ماڭا ئۆمۈر بويى ئۆچ بولۇپ كەتسەڭمۇ
مەيلى، مەن بەربىر نىيىتىمدىن يانمايمەن.
مەن ھەممىگە تەييارلىنىپ قويدۇم، ھاياتتىن
تويدۇم... بىراق، بىراق...

شارقىرىغان سۇ شاۋقۇنى يىراقلارغىچە
ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرى
كېچە شامىلىدا بىلىنەر - بىلىنمەس يەلپۈ-
نەتتى، مەھەللە يىراقتا قالدى. ئاسىيە
ساھىلدىكى نەم قۇملۇققا يىقىلغاندا، ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى كۈچمۇ تۈگىگەنىدى.
ئۇمۇ قىزلاردا بولىدىغان تەبىئىي قارشىلىق-
نىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى، لېكىن پاي-
دىسى بولمىدى. ئۇ ۋارقىرىماقچى بولدى،
لېكىن ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. كۆزىگە
سۇس قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچنېمە كۆ-
رۈنمىدى. پەقەت ئەمدىلا تولۇشقا باشلىغان
كۆكسىنىڭ ھەر نەپەسدە تىنىمسىز كۆتۈرۈ-
لۈپ - پەسىيۋاتقانلىقىنى، ئەسەبىيلەرچە قار-
شىلىقنىڭ بارغانسېرى پەسكويىغا چۈشۈپ
قەلبىدە ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان
ئاجايىپ بىر ھاياجاننىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقى-
نى سەزدى. ئاسىيە بوشىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ
قارشىلىق قىلىدىغان زەررىچە مادارى قالمى-
دىمۇ ياكى قىزلىق ۋۇجۇدىدىكى ھېسسىيات
كەپتەرىنىڭ قانىتى يېشىلدىمۇ، بۇنى بىلىپ
بولمايتتى...

دەريا سۈيى بىر خىلدا گۇرۇلدەپ
ئاقماقتا...

بىرھازادىن كېيىن ئاستا - ئاستا
پەسكويىغا چۈشۈۋاتقان سىرلىق ھاياجان ئىل-
كىدە ئاسىيە ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى ئاچتى.
خىرە ئاي نۇرىدا يېقىن ئارىلىقتىكى قو-
مۇش ۋە بۇيىلارنىڭ بەرگىلىرىدە يالتىراپ
تۇرغان ئاق شەبنەملەرنى كۆردى. شەبنەملەر
تىنىمسىز چىمىرلاپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى...

ئاسىيە گويا ئەزەلدىن بۇنچىلىك سۈزۈك، بۇنچىلىك يالتىراق، بۇنچىلىك چىرايلىق تامچىلارنى كۆرۈپ باقمىغاندەك، ئۇنىڭغا قوللىرىنى سوزدى، مىڭزىدەك سىڭ- غۇق تامچىلار قىزنىڭ تېخىچە شېرىن تۇيغۇلار تامامەن تاراپ كەتمىگەن بارماقلىرى ئۈستىگە دومىلاپ چۈشتى. ئۇ تاھايىتى تونۇش بىر ئوتلۇق كۆزنىڭ قارىچۇقىدا ئۆيۈپ قالغان ئۆز كۆزلىرىنى كۆردى. بىر- دىنلا دەھشەتلىك گۈلدۈرماما ئاۋازى ئۇنى قورقۇتۇۋەتكەندەك، ئاسىيە ئەنسىز چىرقىراپ، بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئەسەبىيلىك بىلەن چاچلىرىنى يۇلدى. ئۇنىڭ ئاچچىق يىغا ئاۋازى دەريا سۈيىنىڭ شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ يىراقلارغا كەتتى.

— ئاستىيە، ئاسىيە، نېمىگە يىغلايسەن؟

تۇيۇقسىز بېشىغا تەگكەن كالتەك زەر- بىسىدىن رۇسۇل ئويغىنىشقا ئۈلگۈرمەي كەتتى. ساھىلدا بىر توپ ئادەملەرنىڭ قىيا - چىيا ئاۋازى ئاڭلاندى. كېرىم سەپرا شاپ بۇرۇت- لىرىنى تىترىتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ رۇسۇلنى ئەسەبىيلىك بىلەن كالتەكلەيتتى. بوغۇق ئاۋازدا توختىماي تىللايتتى:

— ھۇ مۇتىھەم ھايۋان، يەر يۇتقۇر ھارامى ... سېنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىڭنى ئىتقا تاشلاپ بەرسەممۇ ھېساب ئەمەس، ما- ڭا نېمە كەلگۈلۈك بۇ! بۇ ئىتنىڭ باللى- نىڭ قاپ يۈرەكلىكىنى كۆرمەمدىغان. مېنى قويۇۋېتىڭلار، ئۈستىخىنىنى ئۇن قىلىۋېتىمەن بۇ ھارامنىڭ !...

رۇسۇل مەھەللە بېشىدىكى سىمىتانا تۇۋرۈكىگە باغلاپ قويۇلدى، ئۇنىڭ يۈز- كۆزلىرى تاياق زەربىسىدىن قانغا بويالغا- نىدى، كېرىم سەپرا گويا نېرۋىسىدىن ئازغاندەك، شاللىرىنى چاچرىتىپ، كىملەرنىدۇر

تىللاپ، يۇقىرى - تۆۋەن ماڭاتتى. بەزىدە يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، باشلىرىنى ئىك- كى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، گەز باغلاپ، يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنىڭ ئاستىغا ناس سالاتتى. تۇرۇپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇ- رۇپ، رەقىبىگە ئېتىلغان خورازدەك رۇ- سۇلغا تاشلىناتتى.



شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن رۇسۇل يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئېلىپ كېتىلدى. 3 - كۈنى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدىن كەلگەن

ئىككى ساقچى ئۇنىڭ قانۇن بويىچە قولغا
ئېلىنغانلىقىنى جاكارلاپ، قوللىرىغا كويزا
سالدى. شۇنىڭدىن بىركۈن ئاۋۋال، رۇسۇل
يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ سوراق مەيدانىدا،
ئاسىيەنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرى بېسىلغان
ئەرزنامىسىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي
قالغانىدى. رۇسۇل شۇنچىلىك تۇيۇقسىز يۈز
بەرگەن بۇ ئىشلاردىن گاراڭ بولۇپ قالغانـ
دەك، ھېچكىمگە بىر ئېغىز زۇۋان سۈرـ
مىدى. ساقچى ماشىنىسىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ،
قوشنىسىنىڭ قۇچىقىدا ھوشىدىن كېتىپ يىـ
قىلغان بىچارە ئانىسىنى، بىر چەتتە مەسخىـ
رىلىك ھىجىيىپ، غالىبانە قاراپ تۇرغان
ھاشىم دەلتىنىڭ قىيسىق كۆزلىرىنى كۆردى...

5

تۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بىراق
ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرالامدۇ؟ ئاسىيەمۇ تۇرغۇنلىـ
غان قىزلارغا ئوخشاش تەقدىرگە تەن بېرىپ،
ئۈن-تىنسىز تۇرمۇش قايىنىمىغا سىڭىپ كەتـ
سە، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئېچىنىشلىق خاتىـ
رىلىرىنى قايتا ۋاراقلىمىسا بولماسمىدى؟
ئۇنى نېمە مەجبۇر قىلدى؟ ئەلۋەتتە، بۇ
تەقدىر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن،
ئۈنسىز، شەكىلسىز ئازابقا مەھكۇم بولغان
ئايال ئۇچۇن ئاجاۋىسىز سوئاللار ئىدى...
شاۋقۇن كۆچىيىپ، كۆكتە يۇلتۇزلار
چىمىرلاشقا باشلىغاندا، سۈيى تىنىتىمسىز
ئېقىپ تۇرىدىغان بۇ شاۋقۇنلۇق دەريا ساھىلى ئاسىيەنى يەنە ئۆز قوينىغا چىللاپ
كەلدى. گەرچە كېچىلىك تۇرمۇش ئۆزىنىڭ
قاباھەتلىك زەربىسى بىلەن بۇ ئايالنىڭ
جىسمىنى خورىتىپ، روھىنى سولدۇرغان
بولسىمۇ، تەبىئەت يەنىلا ئۇنىڭغا ئۆز

سېھرى بىلەن ئارام ۋە تەسەللى بەرمەكتە
ئىدى. ئەجەبا، تەبىئەتنىڭ سىرلىق قوينىدا
ئاياللارنىڭ قەلبىدەك مېھرىبانلىق، مۇقەدـ
دەس روھنىڭ نۇرىدەك يىللىقلىق، غايىـ
ۋى جەننەتتەك ئارامبەخشلىك بارمىكىن؟
ئېھتىمال، شۇنداقتۇر، بۇ سىرنى پەقەت ناـ
ھايىتى ئاز كىشىلەرلا ھېس قىلالايدۇ، تەبىـ
ئەتنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇـ
چى سېھرىلىك تەرىپىمۇ دەل شۇ يەردىدۇ...
نەم قۇملۇق ساھىلدا ئاسىيەنىڭ يېـ
نىك ئاياغ ئىزلىرى قالدى. سۇ يۈزىدىن
ئۆرۈلۈۋاتقان مۇزدەك شامال ئۇنىڭ سىقىلغان
ۋۇجۇدىنى سەگىتىپ، يۇمشاق چاچلىرىنى يەلـ
پۈدى. ئۇ ئادىتى بويىچە ساھىل بويلاپ ئاستا
ماڭدى. يالىڭاچ پۇتلىرىغا سوغۇق نۇر چېـ
چىپ يالتىراۋاتقان شەبنەملەر ئۇرۇلدى.
توققۇز يىلدىن بۇيان ئۇ بۇ نەم ساھىلدا قانچە
قانچە قېتىملار ماڭغاندۇ، قانچە-قانچە كېـ
چىلەر سۇ شاۋقۇنىغا قۇلاق سېلىپ، شەبـ
نەم مەزگىلىنىڭ پىنھان كېچىلىرىگە نەزەر
تاشلاپ، يىراقتىكى ئۆزىگىمۇ نامەلۇم بولغان
مەنزىلگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغاندۇ؟ ئەنە،
يىللار ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بىر چاغلارـ
دىكى ھاياجانىغا، گۈزەل ھېسسىياتلارغا باي
مەزگىللىرى ئىز-تىنسىز غايىب بولدى.
ياشلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان
بوتا كۆزلىرىگە مۇڭ چۈشتى. يىپەكتەك
يۇمشاق، قويۇق قارا چاچلىرى يوشۇرۇپ
تۇرغان قىزىل ئالمىدەك مەڭىزلىرىگە بىلىـ
نەر-بىلىنمەس سىزىقلار ئىز سالدى...
شۇنداق، ئۇ ھاردى، تۇرمۇش ئۇنى
ھارغۇزدى...

ئاسىيە ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرغان
قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇردى، ۋۇجۇدى
مۇزلىغاندەك، مۇزلىغىنىنى بىلىنەر-بىلىنمەس

قورىدى، نېپىز ئۇزۇن ئاق كۆڭلىكى ئۇنىڭ ھارغىن جىسمىنى كىچە شامىلىدىن توسۇپ قالالمىدى، كۆڭۈل - كۆكسىدە چەكسىز تەشۋىش ۋە ئىزتىراپلار، زادىلا يەشكىلى بولمايدىغان تۈگۈنلەر تولۇپ كەتكەندەك، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، ئۇنىڭ نەملەشكەن كىرپىكلىرى جۈپلەشتى ...

... بىردىنلا ئۇنى بىر جۈپ كۈچلۈك بىلەك قاماللاپ تۇتتى. بۇ بىلەكلەر تاشتەك قاتتىق، ئەمما ئاجايىپ ئىسسىق ئىدى. ئاشۇ بىلەكلەرنىڭ يىلىلىق ھارارىتى گويا ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئېرىتىۋەتكەندەك بولدى. ئۇ شېرىن ھاياجان قاينىمىدىن ئاستا - ئاستا ئېسىگە كەلدى، كۆزلىرىنى ئاچتى... ناھايىتى تونۇش بىر جۈپ ئوتلۇق كۆز، ئاشۇ كۆزلەرنىڭ قارىچۇقىدا ئويۇپ قالغان ئۆز كۆزلىرى، يەنە تېخى غۇۋا، كىرىمسەن بوشلۇقتا يالتىراۋاتقان سانسىز سۈزۈك شەبنەملەر... ئەجەبا، ئۆتمۈش قايتا تەكرارلىنىۋاتامدۇ؟ بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا ناھايىتى يىراقتىن بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان سۇ شاۋقۇنى ئاڭلاندى. تومۇرلىرىغا ئۇنتۇلغۇسىز ناھايىتى ئۇزاق بولغان ئاجايىپ يىلىلىق تۇيغۇلار يامرىدى... بىراق، بۇ سېھىرلىك تۇيغۇنىڭ شېرىن ھېسلىرى تېخى تامامەن تاراپ كەتمەيلا كۆزلىرىنى ئاچتى، جۈپلەنگەن ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاجرالدى...

خىرە ئاي نۇرى، بوزارغان دالا، كۈچەيگەن شاۋقۇن، يالتىراۋاتقان كىچە شەبنىمى... ئۇ نېمىشقىمۇ ئويغىنىپ كەتكەندۇ، نېمىشقىمۇ رېئاللىققا قايتىپ كەلگەندۇ؟ ئۇ مەڭگۈ ئاشۇ چۈشىنىڭ ئەسىرى بولسا بولاتتى!...

ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە يۇمۇلغاندەك قىلدى... قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر، چاچلىرى چۇۋۇلغان، قولىغا كويزا سېلىنغان رۇسۇل، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناۋاتقان يىگىتلىك ئۇچقۇندەك ئۆتكۈر نۇر... ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئۇلىنىپ كەلگەن توي ناغرىسىنىڭ ساداسى، قاڭسىق ھاراقنىڭ ھىدىنى پۇرىتىپ، دورداي كالپۇكلىرىنى تامشىپ، شەھۋەت تەمەسىدە قىسىلغان كۆزلىرىنى ئويناتىپ ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلگەن ھاشىم دەللەنىڭ رەزگى سىماسى...

ئاسىيە ناھايىتى تەستە كۆزلىرىنى ئېچىۋالدى. كۆزلىرىنىڭ ھەرگىز، ھەرگىز قايتا يۇمۇلۇپ قالماسلىقىنى تىلىدى. ئەمدى ئۇنىڭدا بۇ كۆرۈنۈشلەرنى قايتا ئەسلىگۈدەك مادار قالمىغانىدى. شۇنداق، ئەمدى ئۇ مەڭگۈ كۆرمىسۇن!

ئۇ زادى نېمە بولدى؟ نېمىشقا باش-ئايىغى يوق ئازابىنىڭ قارمىقىغا ئىلىنىپ قالدى؟ بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلەلمىدى. رۇسۇلنىڭ قايتىپ كېلىشى، ئۇنىڭ ئەمدىلا ساقىيىشقا باشلىغان ئۆتمۈش جاراھەتلىرىنى قايتا قوزغاپ، تەشۋىش قاينىمىغا ئىتتىرگەنىدى. شۇنداق، ئۇ بىلىدۇ، رۇسۇل ئەمدى ئىلگىرىكى رۇسۇل ئەمەس. ئۇنىڭ خورلانغان قەلبىدە، ئاسىيەگە نىسبەتەن مېھىر-مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت بار. ئاسىيە رۇسۇلغىمۇ، ئۆزىگىمۇ مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان داغ قالدۇردى. ئاشۇ لەنىتى بارماق ئىزىنى ئەمدى ھېچقانداق بەدەل تۆلەپمۇ قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئاشۇ بارماق ئىزى ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ ھاياتىنى خانىۋەيران قىلغان... قېنى، بىر چاغلاردا قەھرى - دەھشىتى بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدىن تامغان قىزغا ئەبەدىيلىك ھامىي بولالمىغان ئاتىنىڭ غەمخورلۇقى؟ يىللار جىمى كەلگۈلۈكنى

يەلىلا ئاسيەگە قالدۇرۇپ، ئۇنى ئېلىپ
كەتتى. ئەلۋەتتە، ئۆتمۇشكە مەنسۇپ ھەر-
قانداق ئەجدادىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارنى
ئۆزىنىڭ ئىسسىق تۆك-پەيلىرى بىلەن مەڭگۈگە
ئىسسىتالايدىغان قانىتى بولغان ئەمەس ھەم بول-
مايدۇ. ئۆتمۇشنىڭ قانىتى سۇنغان،كەلگۈسى ئۆز
دەۋرىنى پەرۋاز قىلدۇرىدىغان قاناتنى ئۆزى
ياسىشى كېرەك. پەقەت ئاشۇ يېڭى قانات-
نىڭلا ھاياتىي كۈچى چەكسىز بولىدۇ...

ئاسيە، رۇسۇلنىڭ ئۆز كەينىگە چۈش-
كەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرى بىلەن
ئۆزىنى تابۇت قىلغان بىر ئايالدىن چوقۇم
ئەنتى ئالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداق، رۇ-
سۇل ئادەتتىكى ئەرلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ-
دا قەھرىمۇ، ئىنسانىي مېھرىمۇ بار. شۇ
پەيتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمرىدە رۇسۇلدىن باشقا
ھېچقانداق ئەرنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغان-
لىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ تەن بەردى. يىللار
ئۇنىڭ رۇسۇلغا بولغان ھېسسىياتىنى كۆمۈپ
تاشلىيالمىدى. ئەكسىچە بارغانسېرى ئۇلغىي-
تىپ باردى. ئۇنىڭ تۇنجى ھاياتلىق قەدىمى
رۇسۇلنىڭ مۇھەببىتى بىلەن باشلانغان.
ئەمدى ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى رۇسۇلنىڭ
نەپرەت پىچىقى بىلەن ئۆچسۇن! ... شۇن-
داق، روھىي ئازاب ئالدىدا جىسمانىي ئازاب
قانچىلىك ئىش ئىدى؟ ئۇ مۇھەببەتنىڭ سېھ-
رىي نۇرىنى پەقەت رۇسۇلنىڭ ۋۇجۇدىدىنلا
كۆرگەن، ئەمدىلىكتە رۇسۇلنىڭ كۆزلىرىدىن
چاقنايدىغان يىگىننىڭ ئۇچىدەك ئۆتكۈر نۇر
ئاسىيەنى ئۇ ئالەمگە دەپنە قىلسۇن! ...

ئاسيە ئولتۇرغان قورام تاش ئەترا-
پىدىكى نەم قۇمغا خىرە ئاي نۇرىدا بىر
قارا سايە چۈشتى. ئاسيە چۆچۈگەندەك
بولدى-يۇ، قىمىر قىلماستىن ئۆز ئورنىدا
ئولتۇرۇۋەردى. ئۇ ھاياتىدىكى ئاخىرقى مى-
نۇتلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.
ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئۆلۈمنى كۈ-
تۈپ ئولتۇردى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئۆزى-
گە پىچاق تەڭلەپ تۇرغان بۇ ئەركەكنى
بىر كۆرۈۋېلىشنى ئويلىدى. شۇنداق، ئۇ
ئاشۇ قەھرلىك، تەرسا يىگىتنى قانچىلىك
ياخشى كۆرگەن-ھە؟ ئۇنىڭ يولىغا قانچى-
لىك تەلمۈرگەن، قانچىلىك ئىنتىزار
بولغان! ... نېمىشقا ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا بول-
سىمۇ ئۇنىڭغا بىر لەھزە قاراۋېلىشقا جۈرئەت
قىلالمايدۇ؟ ياخشى كۆرۈش، ئاگسىز دەرت-
جىندىكى قارشىلىق، ئۆكۈنۈش يەنە جۈرئەت-
سىزلىك — ئەجەبا، ئۇلار ئاسيەنىڭ ھاياتىنىڭ
مەزمۇنىمۇ؟ ئايالىق قەلبىنىڭ گۇمانى ئۇ-
نىڭغا ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىنىڭ يېتىنلاپ
كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدۇرگەنىدى. ئۇ كۆزىنى
يۇمۇپ ئاشۇ دەقىقىنى كۈتتى. ئۇزاق كۈت-
تى... ئەمما تىۋىش بولمىدى، ئۇ ئىختىيار-
سىز كۆزلىرىنى ئاچقانىدى. ئوخشاش بە
دۇنيا... سۈتتەك ئايدىڭ، تىنىمسىز شاۋقۇن،
قومۇش بەرگىدە شەبنەم... يەنە نەم قۇم-
غا چۈشۈپ تۇرغان بىر ئادەمنىڭ كۆ-
لەڭگىسى...

— رۇسۇل!

سادا چىقمىدى. ئاسيەنىڭ ئاۋازى
بوشلۇققا تاراپ كەتتى.

— رۇسۇل، مەن ھامىنى ئۆلۈپ كې-
تىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم، لېكىن سىزنىڭ قو-
لىڭىزدا ئۆلىدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ
باقماپتىمەن! ...

يەنە بىرھازا ئۆتتى. ھېلىقى سايە-
دىن تېخىچە جاۋاب يوق.

— ماڭا قول سېلىۋېرىڭ، مەن ئاغ-
رىنمايمەن، نېمىگە جىم تۇرىسىز، رۇسۇل! ؟

— ... ؟

دەريا سۈيى بىر خىلدا گۈركىرىمەكتە. سالقىن كېچە شامىلى ئاسىيەنىڭ يۇمران چاچلىرىنى تاراپ ئۆتۈپ، قومۇش ياپراقلىرىدىكى ئاق شەبنەملەرنى ئۇچۇراتتى.

— بۇياققا قارا، ئاسىيە، مەن كەينىڭدىن يوشۇرۇنچە پىچاق سېلىشنى خالىمايمەن، ھەممە ئىش يۈزتۇرانە بولسۇن!

ئەرلەرگە خاس بىرخىل بوم ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاسىيەنىڭ ۋۇجۇدى گويا توك ئېقىمى ئۆتكەندەك تەۋرەپ كەتتى. بۇ ئاۋازنى ئۇ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلار ئىلگىرى گويا چۈشىدە ئاڭلىغاندەك ھېس قىلدى. ئاجايىپ بىر سېھىرلىك تىترەك بەدەن-بەدەنلىرىگە يامرىدى. شۇنداق، بۇ رۇسۇلنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئىككى جۈپ كۆز ئۆزئارا ئۇچراشتى. بۇ كۆزلەردە نە ئازاب، نە خۇشاللىققا ياتمايدىغان، ئاجايىپ مۇرەككەپ ھېسلار چاقنىماقتا ئىدى.

— مەن بۇنىڭدىن توققۇز يىل ئىلگىرىلا سېنى ئۆلتۈرۈشكە ئەنت ئىچكەن، قىساس مېنى بۈگۈنگىچە ياشاتتى! — رۇسۇل ئاسىيەدىن كۆز ئۈزمەستىن شۇنداق دېدى.

— مەن بىلىمەن، رۇسۇل...

ئاسىيە، رۇسۇلنىڭ كۆزلىرىدىن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلار ئىلگىرىكى ھېلىقى تونۇش ئۇچقۇننى كۆردى.

— باشقا كېپىڭ يوقمۇ، ئاسىيە، مەندىن بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلىمەمسەن؟

— ئەمدى ھاجىتى قالمىدى.

— ئۆلۈمنى شۇنچىلىك ئاسان چاغلامسەن؟

— ماڭا بەرىبىر.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟...

— ھېچ... ھېچنېمە...

ئاسىيەنىڭ كىرپىكلىرىگە قونغان ياش تامچىلىرى سۇس ئاي نۇرىدا بىلىنەر-بىلىنمەس چاقنىماقتا ئىدى. ئاجايىپ بىرخىل سوغۇق تىترەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بوشاشتۇرۇپ تاشلىدى. ئاسىيەگە گويا دەريا سۈيى ئۆلگىيىپ، شاۋقۇنى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. ئىككى جۈپ كۆز ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان سىرلىق ھېسسىيات ئىلكىدە بىر-بىرىگە ئۇزاقتىن-ئۇزاق قارىشىپ تۇردى.

— سەن مېنىڭ ھامىنى بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانسەن. شۇنداق، مەن ئاخىرى قايتىپ كەلدىم!

— مەن، بىلىمەن... — ئاسىيە سۇس پىچىرلىدى.

— مەن ھېساب ئالىمەن، ئاسىيە، مەن بۇرۇنلا قەسەم ئىچكەن.

— بۇنىمۇ بىلىمەن...

— بۇنىڭغا قارىغاندا ئۆز قىلمىشىڭدىن تانمايدىكەنسەن-دە!؟

— مېنىڭ تېنىۋالغۇدەك قىلمىشىم يوق.

— بۇ گەپنى قانداق دەۋاتىسەن، ئاسىيە؟

— ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان بىر ئايال يالغان ئېيتامدۇ؟ بۇنىڭغا ئىشىنىڭ-ئىشەنمەك، بۇ مېنىڭ ئاخىرقى سۆزۈم.

رۇسۇلنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ قالدى. ئۇ ئاسىيەنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئەجەبا، ئۇ خاتالىشىۋاتامدۇ قانداق؟ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئاسىيە ھەرقانداق سۆز بىلەن ئۆز ئۆتمۈشىنى ئاقلىيالمايدۇ. يىللار رۇسۇلدىكى رەھىم-شەپقەتنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇتۇپ تاشلىغان. رۇسۇل

ئاسيەنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدا يالتىراۋاتقان ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ، چېكىش روھىي توقۇنۇش ئىچىدىن ئۆزىنى ئېلىپ چىقىشقا تىرىشتى. قولىدىكى پىچاق دەستىسىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتتى.

— يىغلاۋاتامسەن، ئاسيە، ئەمدى كۆز يېشىڭ سېنى قۇتقۇلدۇرالمايدۇ!

— مەن ئۆلۈمدىن قورقۇپ يىغلاۋاتقىنىم يوق. رۇسۇل، ئەگەر سىز شۇنداق نىيەتكە كەلگەن بولسىڭىز، مەيلى. مېنىڭ ھېچقانداق قارشىلىقىم يوق، ئۆزۈمنى ئاقلىماقچىمۇ ئەمەسمەن، ئۇنىڭسىزمۇ مېنىڭ روھىم ئاللىقاچان ئۆلگەن، يۈرىكىم مۇزلىغان، ياشاش بىلەن ياشىماسلىق مەن ئۈچۈن بەرىبىر... سىزنىڭ قولىڭىزدىكى پىچاق، ھېچ بولمىغاندا مېنى بۇ دۇنيانىڭ ساناقسىز دەرد ـ ئەلەملىرىدىن خالاس قىلىپ، ئارام تاپقۇزار...

ئاسيە يىراقلارغا قارىۋالدى. يىراق جەنۇب ئاسمىنىدا، زېمىن بىلەن ساما ئۇچراشقان كۆككۈچ بوشلۇقتا، بىر قەۋەت سۇس مانان سىرغىپ تۇراتتى. تۈن سۈزۈلۈپ، كۆك بارغانسېرى روشەنلىشىپ بارماقتا ئىدى...

— ھەيرانمەن، ئاسيە! — دېدى رۇسۇل ئاچچىق كۈلۈپ، — سەن مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يەتتىڭ، ئەينى ۋاقىتتا ئەرزىنامىگە ئۆز بارماقلىرىڭ بىلەن مۆھۈر بېسىپ، مېنى تارىم چۆللۈكىگە ئۈزىتىپ قويدۇڭ، بۇنىڭ ھېسابىغا ھاشىم دەلتىنىڭ خوتۇنى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتىڭ. ئىشقىلىپ قىلمىدىغاننى قىلدىڭ. ئەمدى يەنە نېمە ئارمىنىڭ قالدى، نېمە دەرد ـ ئەلىمىڭ بار؟...

گۈرۈلدىگەن سۇ شاۋقۇنى رۇسۇلنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. يار لېۋىدىن نېمىنىڭدۇر شىددەتلىك ئېقىمغا چولتۇك قىلىپ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. كېچە شامىلى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. شامال ئۇچۇرغان قومۇش توزغاقلىرى ھاۋادا تىنىمسىز لەيلەپ نەلەرگىدۇر غايىب بولاتتى.

— رۇسۇل! — ئاسيە كۆزلىرىنى بىر نۇقتىدىن ئۈزمەي تۇرۇپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىلىپ بولمايدىغان بىر مۇڭ چىقىپ تۇراتتى، — سىزدىن ئاخىرقى قېتىم بىر ئىشنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن!...

— نېمە گەپ؟

— ئۇنىڭغا چېقىلماڭ...

— نېمە دېدىڭ، ھاشىم دەلتىنى دېمەكچىمۇ سەن؟

— ھەئە..

— نېمىشقا؟

— بۇنى سورىماڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي...

— ئىچىڭ ئاغرىپتۇ ـ دە!

— مەن ئۇنى ئۆچ كۆرسەممۇ، لېكىن، ئۇ بەرىبىر مېنىڭ ئېرىم... تەقدىر ئىرادە مېنى ئۇنىڭغا باغلىغانىكەن، بۇنىڭدىن تېنىۋېلىشقا ھەققىم يوق. مانا مەن ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەن، بارلىق قىساسىڭىزنى مەندىن ئېلىڭ، ھەممىنى مەن ئۈستۈمگە

ئالاي، ئۇنىڭغا تەگمەڭ... ئادەم ئۆز قىلـ
مىشىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ، ئۇ ئۆز
جازاسىنى خۇدانىڭ قولىدا كۆرسۇن...

— بىراق، مەن خۇدانىڭ ئۇنى جازاـ
لىشىنى كۈتۈپ تۇرالمايمەن... ئەينى
ۋاقىتتا ماڭا قانداق پەسكەشلىك قىلغان
بولسا، بۈگۈن مەن ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسـ
سە ئاشۇرۇپ ئۆچ ئالىمەن!...

— رۇسۇل!

ئاسىيە رۇسۇلنىڭ ئالدىدىكى نەم
قۇملۇققا تىزلاندى ـ دە، كۆزلىرىنى چىڭ
يۇمۇپ، تىنىمسىز پىچىرلاشقا باشلىدى.
ئۇنىڭ جۈپلەنگەن كىرپىكلىرى ئارىسىدىن
ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ سىيـ
رىلىپ چۈشتى:

— رۇسۇل. مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ، مەن
رازى، سىزدىن ئاغرىنمايمەن. بىراق،
ئۇنىڭغا تەگمىسىڭىزلا بولىدى. بۇ دۇنيانى
ئەمدى كۆزۈم كۆرمىسۇن، مەن جان بەرـ
گەندىن كېيىن، ئۆلۈكىمنى دەرياغا تاشلىـ
ۋېتىڭ، سۇ بىلەن بىللە تېنىممۇ ئېقىپ
كەتسۇن، ھېچكىم كۆرمىسۇن، مەن ھاردىم،
راستىنلا ھېرىپ كەتتىم، سىزنىڭ ئازابلىـ
رىڭىزنى چۈشىنىمەن. توققۇز يىللىق دەردـ
ھەسرەتلىرىڭىزنىمۇ بىلىمەن، توققۇز يىل!
قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ـ ھە!... مۇشۇ توقـ
قۇز يىل ئىچىدە مەن قانچە كېچىلەرنى
مۇشۇ دەريا بويىدا ئۆتكۈزگەندىمەن، سىزـ
كەتكەن تارىم تەرەپكە قانچە ـ قانچە قېتىمـ
لار قارىغاندىمەن. بۇنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن.

لېكىن ئاشۇ كېچە مېنىڭ ئېسىمدىن ھەرـ
گىز چىقىپ كەتمىدى، قورقۇنچلۇق ھەم ئۇنـ
تۇلغۇسىز ئاشۇ كېچە مېنىڭ ئۆتمۈشۈمنىڭ
بىردىنبىر ئەسلىمىسى. مېنىڭ ھاياتىمدا
ئۇندىن باشقا ئەسلىگۈدەك بىرەر ئىز قالـ
غان ئەمەس، سىز ماڭا نەپرەتلىنىسىز. ئەلـ
ۋەتتە، بۇنىڭغا ھەقلىقسىز، چۈنكى ئەينى
ۋاقىتتا دادامنىڭ قامچىسى ئاستىدا مەجبۇـ
رىي ھالدا بارماقلىرىم بىلەن مۆھۈر باسقان
ئەرزنامە سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى خاراب قىلـ
دى، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەيىبلىكـ
مۇ؟ مېنىڭ ھەممە نەرسەمگە ھامىيلىق قىلـ
غان داداممۇ مەڭگۈگە قالالمىدى. يىللار
ھەممە كەلگۈلۈكنى ئۈستۈمگە يۈكلەپ قوـ
يۇپ كەلمەسكە كەتتى... مەن بۇنىڭ يۈكـ
نى ھارغىنچە كۆتۈردۈم، يەنە كۆتۈرۈۋېـ
رىشكە ئەمدى قۇربىم قالمىدى. ئىلگىرى
سىز مېنى ئويغاتقان، تىپتىنچ ھاياتىمـ
غا شاۋقۇن سالغان، مەن شۇ چاغدا بۇ دۇنـ
يانىڭ گۈزەللىكىنى سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز
ئارقىلىق كۆرۈپ چۈشەنگەن. ئەمدى يەنە
ئۆز قولىڭىز بىلەن مېنى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇـ
غا كەتكۈزۈۋېتىڭ، شۇنداق، رۇسۇل، مېنى
قانداق ئويغاتقان بولسىڭىز، يەنە شۇنداق
ئۇخلىتىپ قويۇڭ، مەن ئاغرىنمايمەن، بۇـ
نىڭ ئۈچۈن سىزمۇ ئەيىبلىك ئەمەس...
مەن پەقەت شۇنى كۈتىمەن...

يىراقتىن چولپان يۇلتۇزى كۆرۈندى.
ئاسماننىڭ شەرقىي بۇرجىكى ئاقىرىشقا باشـ
لىغان، ئاي ئاللىقاچان پاتقانىدى. خۇددى

يەر تەۋرىگەندەك سىلكىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنىڭ تىنىمسىز شاۋقۇنى پەسىيدىغاندەك ئەمەس. رۇسۇل ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئالدىغا بىر قەدەم باستى. ئاسىيە بىر خىلدا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، نەم قۇمدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. جۇپلەنگەن كىرپىكلىرىدىكى ياش ئۇچقۇنى يالتىرايتتى. كېچە شامىلى ئۇنىڭ ئاقارغان يۈزلىرىنى قىيا يېپىپ تۇرغان چاچلىرىنى تىنىمسىز يەلپۈتۈپ تۇراتتى. رۇسۇل ئىختىيارسىزلا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلار ئىلگىرىكى ئاشۇ كېچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئەجەبا، مۇشۇ ئايال ئاشۇ چاغدىكى ئاسىيە بولسا-ھە!؟ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇ نېمىشقا ئۆزى بىر چاغلاردا ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ئالدىغا پىچاق كۆتۈرۈپ كەلدى؟ بۇنىڭ ئۈچۈن راستتىنلا ئالدىدا ئولتۇرغان مۇشۇ ئايال ئەيىبلىكمۇ؟ ئۇنىڭدا راستتىنلا قىساس ئېلىشتىن باشقا يول يوقمىدۇ؟

— رۇسۇل، نېمىگە ئىككىلىنىپ تۇرسىز، ئەگەر ئىسسىق قېنىمنى ئاققۇزۇش بەدىلىگە قىساسىڭىزدىن چىقىدىغان بولسىڭىز، قورقماستىن ماڭا قول سېلىۋېرىڭ، مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. ئەمدى مەڭگۈگە ئاچماي...

رۇسۇل نەم قۇمدا ئۆسكەن قومۇش ئارىلاش ئاق بۇيىلارنىڭ بەرگىدىكى سۈزۈك شەبنەملەرنىڭ ئاسىيەنىڭ كۆڭلەكلىرىگە دومىلاپ چۈشكەنلىكىنى كۆردى. ئاشۇ دەقىقىغا ئاجايىپ بىر كۈچ ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى. قولىدىكى پىچاق ئىختىيارسىز قۇمغا سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇ گويا ئالدىدا ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بۇ ئايالنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، باغرىغا باسماقچى بولغاندەك قوللىرىنى ئالدىغا سوزدى. لېكىن قوللىرى بوشلۇقتا قېتىپ قالدى. گەپ قىلماقچى بولدى. لېكىن ئاۋازى چىقمىدى. مۇشۇ ھالەتتە قانچىلىك تۇردىكىن، ئۆزىمۇ ئۇقمىدى. بىر چاغدا، ئاسىيەنىڭ چىرايىغا ئاخىرقى قېتىم تىكىلىپ قارىدى. ئاسىيە تېخىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇراتتى. رۇسۇل گويا ئاخىرقى قارارغا كەلگەندەك، شۇنداق جىددىي ھەرىكەت بىلەن ئارقىغا بۇرۇلدى-دە، كېچە شامىلىدا تىنىمسىز پىچىرلىشىپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ قويۇق ياپراقلىرى ئارىسىدا، كېچە قاراڭغۇلۇقىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. ئاسىيە كۆزلىرىنى ئاچقىنىدا ئالدىدا پەقەت رۇسۇلنىڭ قۇمغا پاتقان ئاياغ ئىزلىرىلا قالغانىدى.

## 6

تاڭ ئالدىدىكى ئۆلۈك قاراڭغۇلۇق مەھەللىنى ئۆز قوينىغا ئالغانىدى. قاياقلاردىندۇر توخۇلارنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ چىللىغان ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. ئەنە ئاشۇ تىنىق قاراڭغۇلۇقتا بىر ئادەم مەھەللىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان زاراتگاھلىقا كېلىپ توختىدى. بۇ رۇسۇل ئىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ

قەبرىسى ئالدىدا بىر هازا جىمغىنە ئولتۇر-
غاندىن كېيىن، قوينىدىن بىر كىچىك خال-
تىنى چىقىرىپ، قەبرە توپىسىدىن بىر ئوچۇم
ئالدى - دە، خالتىغا قويۇپ قوينىغا سالدى.

شاۋقۇن كۆچەيگەن، مەھەللە تىنىق
قاراڭغۇلۇققا ئورىنىپ ياتماقتا ئىدى. كېچە-
دىن بۇيان توختىماي سوققان شامال ئەمدى-
لىكتە سەل پەسەيگەنىدى. رۇسۇل شى-
مال ئاسمىنىغا قارىدى. تاغلارنىڭ ئۈچلىرى
بارغانسېرى ئاقىرىپ، قەۋەت - قەۋەت كۆك
تۇمانلار تارقىماقتا ئىدى. ئەنە مەھەللىدە
بىر - ئىككى ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن چىراغ
يورۇقى كۆرۈندى. توخۇلارنىڭ چىللاش-
لىرىمۇ كۆچەيدى. هايال ئۆتمەي مەزىنىنىڭ
بامدات نامىزىغا چاقىرىپ ئېيتقان ئەزان
ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، كېسەك ۋە سوقما ئۆي-
لەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن ئىس - تۈتۈنلەر
چىقىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ خىل-
ۋەت مەھەللە ئاۋۋالقىدەكلا ئۆزىنىڭ بىر
كۈنلۈك هاياتىنى باشلايدۇ...

رۇسۇل بارا - بارا سۇزۇلۇۋاتقان تاڭ
پەردىسى ئاستىدا بىر خىلدا قارىيىپ يات-
قان مەھەللىگە ئاخىرقى قېتىم نەزەر تاش-
لاپ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: خەير، تۇغۇ-
لۇپ ئۆسكەن ئانا تۇپراق. خەير، ئۆتكەن
كۈنلەر ... مەن كېتىدي، يىراقلارغا كېتىدي،
مەڭگۈ قايتىپ كەلمەي ... ئاسىيەگە بولغان
مۇهەببىتىمنىمۇ، نەپرىتىمنىمۇ ئۆلتۈرۈپ
كېتەي، ئۆتمۈش بىر مەيدان چۈشكە ئوخ-
شاش ئىز - تىزسىز غايىب بولسۇن، ھەممى-
سى ئۇنتۇلۇپ كەتسۇن.

رۇسۇل دۆڭدىن چۈشۈپ، ئوت - چۆپ
باسقان ساھىل بويلاپ ئىتتىك - ئىتتىك
مېڭىپ كەتتى. شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا
يۈزىدىن مۇزدەك سوغۇق ئېقىم ئۆرۈلماقتا
ئىدى. ئەتىگەنلىك سوغۇق شەبنەم ئۇنىڭ
پۇشقاقلىرىنى هۆل قىلىۋەتتى. ئەمما ئۇ
هېچنېمىگە پەرۋا قىلمىدى، كەينىگە بۇرۇ-
لۇپ قاراپمۇ قويمىدى. مەھەللە ئاللىقاچان
كۆرۈنمەي قالغانىدى. سەھەرنىكى نېپىز
تۇمان تارقاپ، زۇمرەتتەك كۆكۈچ ئاسمان
جىلۋە قىلغانىدى... رۇسۇل ئېتىن بويلاپ
ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى
گويا ئاشۇ مەڭگۈ بىر نۇقتىغا قاراپ تۇخ-
تىماي ئاقىدىغان دەريا سۈيىگە ئوخشاش،
چەكسىز يىراقلارغا تىكىلگەنىدى...

مەسئۇل مۇهەررىرى سارەم ئىبراھىم

## ئەسەر ۋە باھا

ئالىمجان ئىسمايىل

# شەبنەم تېخىمۇ يالتىرسۇن

تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەن ئەسەرلەر ئىچىدىن ياخشى يېزىلغان بىر قول يازمىنى ئۇچرىتىش ژۇرنال مۇھەررىرىنى گويا جەزىرىدىن گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش قىلىدۇ. بۇنداق ئەسەرنى تەھرىرلەشمۇ مۇھەررىرگە خۇددى مەي بىرلوپ پىشقان مېۋىنى يېگەندەك لەززەت، يېقىملىق مۇزىكىنى ئاڭلىغاندەك ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. بۇ، بەلكىم ئۇنىڭ ژۇرنال كىتابخانىلىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تۇغدۇرغان «كېسەللىك» بولسا كېرەك. ئەسئەت سۇلايماننىڭ «شەبنەم يالتىرىغان كېچە» ناملىق ھېكايىسىنىڭ ئورىگىنالىنى كۆرۈۋېتىپ، ئەنە شۇنداق تۇيغۇ قەلبىمنى لەرزىگە سالدى. مەن ئىسمى بىزگە ناتونۇش بولغان بۇ ئاپتورنىڭ ھېكايىسىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتىم، ھەر قېتىم ئوقۇغاندا ئاپتورنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىغا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىۋاتقاندەك، ئاشۇ شەبنەم يالتىرىغان كېچىدە دەريا شاۋقۇنىغا ـ ھاياتنىڭ شاۋقۇنىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، ئىنسان تەقدىرى ھەققىدە مۈڭلۈك خىياللارغا چۆككەندەك بولدۇم.

ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىر چاغلاردا ئەختەم ئۆمەرنىڭ «زېمىن»، قارا ئادەملەرنىڭكە» ناملىق پوۋېستىنى ئوقۇغىنىمدا ۋە خالىدە ئىسرايىلنىڭ «ئېھ، ھايات» ناملىق ھېكايىسىنى تەھرىرلىگىنىمدىمۇ خۇددى بۈگۈنكىدەك تۇيغۇغا چۆككەن ئىدىم، ئۇلارنىڭ ئاشۇ تۇنجى ئەسىرىدىكى باشقا يازغۇچىلارنىڭ يازغانلىرىغا ئوخشىمايدىغان يېڭى پىكىر، ئۆزگىچە ئۇسلۇب، ئۆزگىچە بەدىئىي تەم مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغانىدى. تەھرىر بۆلۈمىدە ئاشۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە قىزغىن سۆھبەت، مۇنازىرىلەر بولدى، ژۇرنال بۇ ئەسەرلەرگە ئۆز سەھىپىسىدىن ئەتىۋارلىق ئورۇن بەردى. مانا ھازىر بۇ ئىككىيلەن كىتابخانلىرىمىز ياخشى كۆرىدىغان يېڭى يازغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى. مەن ئىنىمىز ئەسئەت سۇلايماننىمۇ ئاشۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭسىكەن، «شەبنەم يالتىرىغان كېچە» مۇ ئەسئەتنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلىنىشى بولۇپ قالسىكەن دېگەن ئۈمىد ۋە ئىشەنچتە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھېكايىچىلىقىمىزدا غايەت زور يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى،

ئېلىپ بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرىلا بىزنىڭ پروزا ئاپتورلىرىمىز بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئىدى. ھازىر قارايدىغان بولساق، پروزىنىڭ ھەممە ژانىرلىرى بويىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىۋاتقان خېلى زور بىر تۈركۈم ئاپتورلار قوشۇنى ۋۇجۇدقا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھېكايىچىلىق يەنىلا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مۇنەۋۋەر ھېكايىلار كەينى - كەينىدىن بارلىققا كەلدى. لېكىن شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، بۈگۈنكى دەۋر كىتابخانىلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىۋاتقان زوقلىنىش تەلىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، كىشىلەرنى قاتتىق ھاياجانغا سالالايدىغان ھېكايىلار يەنىلا ئاز.

ھەممىگە مەلۇم، ھېكايە يازغۇچىنىڭ قانداقتۇر ئاجايىپ قىزىقارلىق بىر ۋەقەلىكنى ياكى ھېچكىم قول تەگكۈزمىگەن دەپ قارالغان يېڭى تېمىنى يازغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق بىر تېمىنى ئىنچىكە، تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن ھالدا ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بېرىشى بىلەن مەشھۇر. ھەجمى چەكلىك بولغان بۇ ژانىردا تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ تەقدىرىنى كىتابخان قانائەتلەنگۈدەك، تەسىرلەنگۈدەك يورۇتۇپ بېرىش ھەر قانداق بىر يازغۇچىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن پىشقان ماھارەت كېرەك. ھېكايە ئىجادىيىتىدە ئىخچام قۇرۇلما، چىنلىق يالتىراپ تۇرغان دېتال ھەم ۋەقەلىكنى تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىدىغان تىل كېرەك.

مېنىڭ بىلىشىمچە، تالانتلىق يازغۇچىلار ھېكايىنىڭ باشلىنىشىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. خۇددى ئۇستا ناتىق بىرىنچى جۈملە سۆزى بىلەن تىڭشىغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانلىقىغا ئوخشاش يازغۇچىمۇ ھېكايىسىنىڭ بېشىدىلا كىتابخانىنى ئۆزىنىگە تارتالىسا، بۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيىتى بولىدۇ. «دەريانىڭ سۈيى ئۆلغايغان ۋاقىتلاردا ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ قۇمساڭغۇ سايدا شەبنەم مەزگىلى باشلىنىدۇ. كۆكۈچ رەڭگە كىرگەن تىنىق سامادا يۇلتۇزلار تىنىمسىز جىمىرلىشىدۇ، پاكار ئۆسكەن قومۇشى، كۆك بۈيەلارنىڭ ياپىراقلىرىدىكى كرىستالدەك سۈزۈك، ئاپئاق شەبنەملەر يۇلتۇزلار بىلەن نۇر تالىشىپ، سېھىرلىك يالتىرايدۇ...» ئەسئەت سۇلايمان مانا مۇشۇنداق يېقىملىق مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن ھېكايىسىنى باشلايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ھېكايە ۋەقەلىكىگە مۇناسىۋەتسىز تەسۋىر ئەمەس، ئاپتور ھېكايىنىڭ باشلىنىشىنى، كومپلېكتىنى ۋە ئاخىرقى يېشىمىنىمۇ ئاشۇ دەريا بويىدىكى شەبنەم يالتىراپ تۇرغان كېچىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. مۇشۇ تىنچ گۈزەل ياز كېچىسىدە بىر جۈپ ياش مۇھەببەتنىڭ ئازابلىق لەززىتىگە چۆمۈپ پاك قەلبىنى ئىزھار قىلىشىدۇ، يەنە شۇ ساھىلدا ئۇلارنىڭ ھىجرانلىق تەقدىرى باشلىنىدۇ. ئاسىيەنىڭ نائىلاج يول قويۇشى بىلەن روسۇل بىگۇناھ قارىلىنىپ، ياشلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل پەسلىنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىدا ئۆتكۈزىدۇ. دۇنيادىكى يالغۇز ئانىسىنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ. ۋاپاسىزلىق دەستىدە ھېسابسىز جەبرۇ - جاپا تارتقان روسۇلنىڭ ئاسىيەدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولۇشى تەبىئىي ئىش ئىدى، لېكىن بىر چاغلاردا ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرگەن ئاسىيەنى ئاشۇ شەبنەم يالتىرىغان كېچىدە دەريا ساھىلىدا ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ يۈرەك نىداسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، روسۇلنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنتىقام ئوتى خۇددى قۇياش قۇرۇتقان شەبنەمدەك يوقاپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ياندۇرىدۇ. ھېكايىنىڭ بۇ باسقۇچىنى

ئاپتور بايان ۋاستىسى بىلەن مۇنداق يورۇتۇپ بېرىدۇ: «... رۇسۇلنىڭ قولىدىكى پىچاق ئىختىيارسىز قۇمغا سىيرىلىپ چۈشتى، ئۇنىڭ پىچاقنى ئالغۇدەك مادارى قالمىدى. ئۇ گويا ئۇنبەش قەدەم نېرىدىكى سۇ بويىدا نەم يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋاتقان، سىرلىق ئايالنىڭ تىنىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، ۋۇجۇدىدا ئۇنتۇلغىلى ئۇزاق بولغان يىلىلىق تۇيغۇلار قايتا جۇش ئۇرغاندەك، بەدەن - بەدەنلىرى غەيرىي بىر ئىسسىقنىڭ ئىلكىدە كۆيۈشتى ...» مانا بۇ ئىنساننىڭ چىن تەبىئىتى، مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى، شەپقەتنىڭ ياۋۇزلۇق ئۈستىدىكى غەلىبىسى.

مېنى ئەڭ قايىل قىلغىنى ھېكايىنىڭ يېشىمى بولدى. ئاسىيە رۇسۇلنى دەريا بويىدا ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى يالۋۇرۇپ تۇرۇپ تىلەيدۇ. مەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ رۇسۇل ئاسىيەنى ئەپۇ قىلىدىغان بولدى، ئۇلار مۇھەببەتنىڭ مۇشەققەتلىك سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، بەختلىك يېڭى ھاياتنى باشلىشىدىغۇ ئەمدى دەپ پەرەز قىلغانىدىم. ياق، ئۇنداق بولمىدى، ھېكايە مېنىڭ ئارزۇيۇمنىڭ ئەكسىچە تاماملاندى. ئاسىيە رۇسۇلغا ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن رۇسۇلنىڭ كۈشەندىسى بولغان، تەقدىر تەرىپىدىن ئۇنىڭغا مەجبۇرىي تېڭىلغان ھاشىمغا تەگمەسلىكنى يالۋۇرۇپ تۇرۇپ تىلەيدۇ. رۇسۇل بۇنى ئاڭلاپ ئاسىيەنىڭ ئۆزىگە مەڭگۈ مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى ئەلەم بىلەن چۈشىنىپ يېتىدۇ ۋە تۇرمۇشنى يېڭىباشتىن باشلاش ئۈچۈن بۇ يۇرتتىن كېتىدۇ. شەبنەم يالتىرىغان ئاشۇ قەدىردان ماكاندا، تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ئاشۇ دەريا ساھىلىدا «رۇسۇلنىڭ قۇمغا پاتقان ئاياغ ئىزلىرىلا قالدۇ...» ھېكايە مۇڭلۇق سىمفونىيىنىڭ چۈشۈرگىسىدەك سىلىق، لەرزان ئاخىرلىشىدۇ، كىشىنى چوڭقۇر خىيالغا پاتۇرىدۇ. مەن ئەسەت سۇلايماننىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىغا، تۇرمۇشنى، ئىنسان پسىخىكىسىنى ئاشۇنداق ئىنچىكە كۆزىتەلىگەنلىكىگە قايىل بولدۇم.

مەن بۇ ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە نۇقسانلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىشنى بىزنىڭ تەقرىزچىلىرىمىزگە قالدۇرىمەن. مەن بۇ ماقالەمدە پەقەت ھېكايىنى تەھرىرلەش جەريانىدا پەيدا بولغان ھېسسىياتىمنىلا يازدىم. بەلكىم ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ ئاشۇرۇۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا كىتابخانلارنىڭ بۇ ھېكايىنى بىر ئوقۇپ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

**تۆمۈر داۋامەت**

# ئەنگلىيە خاتىرىلىرى

(چاتما)

## سەپەر

سەپەر قىلدىم يىراق داڭلىق مەنزىلگە،
ئاق قاناتلىق ئاق قۇش ئۇچتى پەلەكتە.
قۇياش بىلەن ياندىشتۇق ھەم بەسلەشتۇق،
قالدى بۇلۇت، قالدى چاقماق كۆپ پەستە.

قۇياش مۆكتى غەربنى ئۇزۇق كەينىگە
تاماشىغا چىقتى يۇلتۇز، چىقتى ئاي.
كۆك پەرىسى ياغلىقىنى قايرىدى،
كىردى ئۇيقۇ قۇچىقىغا ھەممە جاي.

چواپان بىلەن گىرپىكىمنى قاقتىم تەك،
تاڭنىڭ سۈزۈك كۈلكىسىگە باقتىم مەن.
سالام بەردى پارىژ، ساجا، سەئۇدى،
قالدى ئارتتا دەريا، چۆللەر شۇنچە كەڭ.

قالدى ئورمان تاغلار بىلەن چىرمىشىپ،
قالدى يېزا-شەھەر جىلۋە تالىشىپ.
زەپ ئوينىتتى دىلنى ئۇزلۇق، يېشىللىق،
قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز پات-پات ئالمىشىپ.

شۇنداق ئۇچتۇق ئونبەش سائەت، ئاخىرى
لوندون تۇمان پەردىسىدىن يۈز ئاچتى.
قىزىپ كەتتى كۈتۈۋېلىش، ئۇچرىشىش،
ساھىبخاندىن دوستانىلىك نۇر چاچتى.

## لوندۇن سىنىڭ قۇچىقىڭدا...

ئاسمىنىڭ سۇ بىلەن يۇيۇلغاندەك كۆك،
چۆپ-گىياھ زۇمرەتتە پۈتۈلگەندەك كۆك.
ئەي لوندۇن، گۈللىرىڭ رەڭدار، جەزىبىلىك،
ئېقىنلار ئاسماندىن تۆكۈلگەندەك كۆك.
تايمىس دەرياسى ئاقار قوينىڭدا،
ئاستىدا بېلىقلار، ئۈستىدە پاراخوت.
پەردىگە ئورايدۇ ئىككى قىرغاقتا
بىنالار تۈپىنى تۇمان ۋە بۇلۇت.

يىگىرمە يەتتە چوڭ كۆۋرۈك قەد كېرىپ،
تۇرۇپتۇ دەريانىڭ ئۈستىدە مەغرۇر.
پارلاپتۇ رەتمۇرەت ھەسەن-ھۈسەنلەر،
كوچىلار تۇرمىدۇ، يا كېچىمە نۇر؟

ياندىشار ئىككى مىڭ يىللىق تارىخنىڭ،
باغرىڭدا گۈللىگەن پەن-مەدەنىيەت.
سەندە كۆپ ئالىملار، شائىرلار ئۆتكەن؛
تارىخنىڭ ئاچتى كۆپ شان-شۆھرەتلىك بەت.

كۆكسىڭدە نۇرلارنى چېچىپ تۇرۇپتۇ،
ماركس ۋە ئېنگېلىس ئىزلىرى چاقناپ.
ئۇلار قالدۇرغان ئىشچى ھەرىكىتى
كۆتۈرگەن شاۋقۇنلار ئاڭلاندى شۇ تاپ.

ئويغاتتى دىللاردا باھار، ئۇلارنىڭ
غايىسى، ئېتىقاد يالقۇنى بولۇپ.
لاۋۇلدىغان ئۇمىدكە ماڭدى ئەگىشىپ
كىشىلەر بوراندەك قۇدرەتكە تولۇپ.

ئەدىبلەر قەلىمىدە كۆرگەنمەن سېنى،
جىلۋىگەر، قاراڭغۇ تۇمانلىرىڭنى.
كىم خالار ئىشسىزنىڭ دەرد تارتىشىنى،
يېتىملەر، نامراتلار پىغانلىرىنى.

ئەي لوندۇن ياڭراقتۇر نامىڭ ئەل بىلەن،
چۈنكى سېنى ياراتقان، گۈللەتكەن خەلق.
خەلقىڭگە خەلقىمدىن سالام ئەكەلدىم،
تۈزۈم، تىل ئوخشىماس، ئورتاقتۇر قەلب.

ئەسلىتەر دولقۇنلار پەن بەيگىسىنى،
باتۇرلۇق، قارامىلىق چىرمىغان دىلنى.
كۆرسىتەر دەرەخ ۋە مۇنار ئۇچلىرى
ئاسمانىنى، قاتمۇقات يۈكسەك مەنزىلنى.

كەپتەرلەر پەرۋازىغا چۈشتى نەزەرىم،
ئاق كەپتەر، كۆك كەپتەر، ئۇچار كۆپ كەپتەر.
ئەگىيدۇ، ئوينايدۇ، مۇللاق ئاتىدۇ،
پەرلەردە جۇلالار ياسايدۇ سەھەر.

ئۇلارغا قول شىلتار ئاشىق - مەشۇقلار،
ئۇلارغا دان چاچار ئۆسمۈر باللار.
قاناتلار شاۋقۇنى مۇزىكىمىدۇ،
ئارامىلىق تاپقاندەك تىڭشار ئانىلار.

## ماركس قەبرى ئالدىدا

قولۇمدا گۈلچەمبەر، كۆزلىرىمدە ياش،
مۇقەددەس قەبرىڭىزگە جىمجىت ئەگدىم باش.

ھېلىلا مۇزېيدا كۆرگەندە سىزنى
ھاياجان ئىچىدە تىلىم بولغان لال.
كىتاب كۆرۈش ئورنىدا ئولتۇرۇپ تەمكىن
سورۇپسىز باش ئېگىپ ئالەمچە خىيال.

بۇ يەردە ئەيگىت قەبرىستانىدا،
تارىخ نۇرلىرى ياندى ئالدىمدا.
ھەيكىلىڭىزدىكى يەل - يېشىن ئىزى
جاھان كەچمىشىنى سالدى يادىمغا.

ئىنزكانىمشىن، كەشپىياتى پىشكچىسى سىز،
تەسەۋۋۇر بولغانتى سىزگە چىن ھەمراھ.
ئۈنىڭىز يورۇش ۋە زەپەر ناخشىنى،
پىكرىڭىز پاكلىغان جانلارنى گويا.

تارىخ ئۇپۇقىدىن ئۆرلىگەن قۇياش،
جاھالەت باغرىنى يېرىپ ئاچقان يول.
كۆكسىدە ئۆرلىتىپ بارماقتا بىزنى،
ئىنسانلار غايىسى بېغىغا ئۇدۇل.

ماركس كۆتۈرۈلۈپ گرانىت تاشتىن،
تاشلىماقتىسىز كۆك چېتىگە نەزەر.
دولقۇنلار ئېگىز - پەس، يول ئەگرى - توقاي،
بۇ شۇنداق ئۇزاققا قىلىنغان سەپەر.

ئەقلىڭىز يىقىلماس بايراق ھەرقاچان،
قەلبىڭىز ئۆچمەس نۇر، پاتماس بىر قۇياش.
روھ، خىيال، پىكرىڭىز، نەزەرلىرىڭىز
بىزگە كۈچ، كومپاستۇر، غەمخانە يولداش.

ئۆتمۈشتىن كەلگۈسى ئەسىرلەر تامان
سىز باشلاپ بارىسىز بىزنى چارچىماي.
سىپىمىز ئالدىدا قەدەم شەپىڭىز،
ئىزلاردىن گۈل ئۈنۈپ تۇرار توختىماي.

ناخشىمىز رىتىمىدە قەدەم شەپىڭىز،
بار مىلتىق ئۈنى ھەم كەپتەر كۈيىدە.
ئويغىمىز، چۈشىمىزدە قەدەم شەپىڭىز،
بار ھەم تاغ بەستىدە، دەريا سۈيىدە.

مەن شادلىق ئالغۇچى مۇقەددەس يەر بۇ،
ئىدىيە ئوتىڭىز تاۋلايدۇ ھەر دەم.
بولىمەن چىن شاگىرت ئەبەدىي سىزگە،
قىزىرىپ، نۇرلىنىپ، سۆزۈكلىنىپ ھەم.

ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدىم،
قارىدى بەزىلەر بولۇپ بەك ھەيران.
بۇ تاشقان ياش ئەمەس، ھېسسىيات ئىدى،
سۆيگۈدىن قەلبىمدە پاتماي قايىنىغان.

قولۇمدا گۈلچەمبەر، كۆزلىرىمدە ياش،
مۇقەددەس قەبرىڭىزگە يىغلاپ ئەگدىم باش.

1991 - يىل 6 - ئاي لوندۇن.

مۇھەممەتجان راشىدىن

# ئۆمۈر ئىلھاملىرى

## ئۆمۈر ئىلھاملىرى

ھايات، دەپ ئاتىشىدۇ تۇغۇلماقنى،
لېكىن، ئۇ ئۆلۈمنىڭمۇ تەرەددۇتى.
شۇندىمۇ ئىسسىق بەرگەي ئۆز ئېلىگە
ھەر كىمنىڭ ئاز بولسىمۇ ياققان ئوتى.

ئوت ئىدىم ئاتام ياققان، بىراق بىر كۈن
يېنىمغا بىرى كەلدى، ئۆچۈپ قالدىم.
ياندۇردى بىرى كېلىپ يەنە مېنى،
ئەمما مەن كۆيەي دېسەم، چۆچۈپ قالدىم...

ئاددىي شام بولغىنىم بار، لېكىن بىر مەش —
بولالماي كەلدىم ئىسسىق تاراتقىلى.
بارىمەن تاتىلاشتۇرۇپ شۇنداقتىمۇ،
يارالغان چۈنكى، مەنىمۇ ياراتقىلى.

## يارىمغا مەكتۇپ

كېلەر بولساڭ، بۈگۈن كەل، يارىم،
ئاتلا كەلسەڭ، بۇ چىرايىم يوق.
ئۆمۈر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ،
ياشلىق دېگەن بىزدە دائىم يوق.
بۈگۈن كەلگىن، يېشىل - قىزىل رەڭ —
ئارىسىدا ئەتە جايىم يوق.
تەنھالىقنى كۆنمەيمەن، ئەمدى،
ئاتتى تاڭلار ياندا يارىم يوق.
مەن تاقەتسىز تۇغۇلۇپتىمەن،
كۆپ تاقەتكە ئىقتىدارىم يوق.
بۇ جاھانغا سېنى دەپ كەلدىم،
سەن بولمىساڭ ئېتىبارىم يوق.
ئاتلا كۆرسەڭ، تانارسەن بەلكىم،
شۇندىن ئۆزگە مەندە ۋايىم يوق.
قانداق كىرەي باغلارغا يالغۇز،
جەننەتكىمۇ سەنسىز رايىم يوق.

## «شۆكرى» سۆزىنى ناخشادەپ كەلدىم

شۆھرەت ئىشىكلىرىدە ساقلىماس مېنى،
خۇشامەت سورۇنلىرىدىن ئىزدىمە ھەمدە.
سەن كۈتكەن باغلاردىن چىقماسمەن، بەلكىم،
كىم بىلگەي، يانارسەن يىغلاپ ئەلەمدە.

رەزىللەر ئارىسىدىن ئاقتۇرما ئەسلا،
تەمەخورلار رەڭ سېپىدە يوقمەن.
«شۆكرى» سۆزىنى ناخشا دەپ كەلدىم،
ئاچلىقتىن ئۆلسەممۇ، تالايدىن توقمەن.

دەرەخلەر خىسلىتىدىن دەرس ئالغانمەن،
مېۋە بېرەلمىگەندە سايە تاشلىغان.
ئۆمىد رۇجەكلىرىدىن باقتىم كۆز ئۈزمەي،
گۈزەل مەنزىللەرگە، مېنى باشلىغان.

بەلكى، كۆرەرسەن يۈرگەنلىرىمنى
ۋىجدان سوراقلىرىدا قىلىپ دەتالاش.
ھاراملىق باغلىرىدىن مىڭ ئەلا ماڭا،
ھالاللىق ئوچاقلىرىدا مەڭگۈ ئوت قالاش.

مەن شۇنداق ياشارمەن: تەشنا چۆللەرگە،
ئاققان سۇلارغا ئوخشاپ ياشارمەن.

بىلمىدىم، ئالدىمدا نە داۋان، نە توز،
يا خۇشال، ياكى مەن قاقشاپ ياشارمەن.

ئۆتەرسەن دۇنيادىن بىر ئۆزۈڭ، مېنى
مۇنبەرلەر ئۈستىدە كۆرەلمەي بەلكىم.
قاقشارسەن ئەپسۇستا كەينىمدىن زار-زار،
مەن باسقان يوللارغا كۆنەلمەي بەلكىم.

باي بولساق بىز بۇندا بىللە بولارمىز،
تەڭ كۆتۈپ ئالارمىز گادايلىقنىمۇ.
سىنىقى چىلەك، كۆلۈم، تەقدىرداشلىقنىڭ،
گاھ ماكان تۇتارمىز قورايلىقنىمۇ.

تەس سېنىڭ بۇ يولدا مەشۇق بولمىقىڭ،
مۇبادا بىلىڭ چىلەك چىگىلمىگەندە.

يار دەيمەن قايسىكۈن مۇشكۈل شەمشىرى —
تەگلەنسە، سەن ئاڭا ئېگىلمىگەندە.

قولۇڭغا يىپ - يىڭنە ئالغايسەن كۆلۈم،
چاپىنى يىرتىقنىڭ دوستىمەن، چۈنكى.
ئەتىكى بەختنىڭ پىدائىيسى مەن،
ئاچلارنىڭ قاياشى ھەمدە بۈگۈنكى.

*        *

شۆھرەت ئىشىكلىرىدە ساقلىما مېنى،
خۇشامەت سورۇنلىرىدىن ئىزدىمە ھەمدە.
سەن كۈتكەن باغلاردىن چىقماسمەن بەلكىم،
كىم بىلگەي، يانارسەن يىغلاپ ئەلەمدە.

## غەزەل

قۇياش، توختا، چاپاي مەنمۇ، سېنىڭ كەينىڭدە قالغۇم يوق،
ماڭا ساپ كۈندۈزۈڭ لازىم، كېچەڭگە كۆرپە سالغۇم يوق.
كېچەك - تەھقىق قېرىلىقكىم، ئۆلۈم ھەم شۇ تۈشەكىڭدە،
ئالاي ئۆلمەس ئۆمۈر بەرسەڭ، ئۆلۈمنى ئەمما ئالغۇم يوق.
سېنىڭ پارچەڭ بولاي مەنمۇ، كۆيەرگە مەڭگۈلۈك چوغ بەر،
چىراغدەك پەرلىسە ئۆنداق، مېنىڭ بىر دەمگە يانغۇم يوق.
سېنىڭدىن ئۆزگە ئىنسانىنى ئۆلەيمەن باشپاناھ تۇتسام،
سېنىڭ خۇلقىڭدا چىققانىنىڭ يەنە كەينىدە ماڭغۇم يوق.
دېگەيمەن ئۇشبۇ ئالەمگە تۈمەن نۇقسان بىلەن كەلدىم،
مېنى ھەرنە دېسەڭ مەيلى، ئۇنىڭدىن قىلچە تانغۇم يوق.
ئىچىڭنى ئوگشىماي ئوگلۇق بولۇش تەس دەيدۇ بۇ دۇنيا،
يوقال ئىللەتلىرىم، ئەمدى مېنىڭ توزدەك بويالغۇم يوق!
ماڭا ئالەمنى بەرسەڭمۇ: نېسىۋەڭدۇر، قۇچاقلا! دەپ،
قۇياش ئاڭلا، بۇ دۇنيادا سېنىڭ پەيزىڭگە قانغۇم يوق.
ئەجەب بەرمەپتىكەن تەڭرىم جىسمىگە سەنچە خىسلەتنى،
يەنە كەلمەك ئېسىپ بولسا، يەنە قايتا يارالغۇم يوق.
ياشاپ قانغايمۇ بۇ جىسمىم تۈمەنلەپ تۇرسا خام سۈيىم،
پىلىخەمەك پىشماس پېيلەكلەرنى مېنىڭ ئارتۇقچە يايغۇم يوق.

سىغىندىم بىر ساڭا قۇت دەپ، تالايىنى ئەگىشىپ ئاخىر،
سىڭىڭدىن ئۆزگە، چىن پۇتكىن، مىنىڭ ھىچ يەرگە بارغۇم يوق.

نەيىم يۇسۇپ

## يەنئەن ئىلهامى

### يەنئەن يولى

يولغا چىقتۇق تاڭ سەھەر باۋتاشەنگە تاۋاپقا،
تەبىئەتنى رەڭمۇرەڭ گۈل قاپلىغان ياز كۈنى.
ياپىيېشىللىق ئىچىدە خۇددى كۆمۈش يىلاندەك
تولغىنىپ گاھ سوزۇلۇپ ياتار يەنئەن تاشيولى.

ئەگرى - توقاي، ئېگىز - پەس ئىكەن يەنئەن يوللىرى،
گاھى دەسسەپ بۇلۇتنى چوققىلارغا ياماشتۇق.
گاھى تۆۋەن سىيرىلىپ چۈشۈپ تىرەن جىلغىغا
دوپپىلارنى چىڭ بېسىپ تاغ ئۈستىگە قاراشتۇق.

قېرىشقاندەك ھاۋامۇ شۇ كۈن تولا ئۆزگىرىپ،
گاھى ئاسمان تۇتۇلۇپ ياغدى، يامغۇر شارقىراپ.
گاھ شاماللار بۇلۇتنى سۈرۈپ قوغلاپ بىر چەتكە،
كۆز چاقنىتىپ، نۇر چېچىپ كۈلدى قۇياش پارقىراپ.

يەنئەن يولى ئەسلەتتى بىزگە قايتا شۇ كۈنى
ئىنقىلابنىڭ جاپالىق، ئەگرى - توقاي يولىنى.
باۋتاشەنىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈنگەندە بىر مۇنار،
بولدۇق گويا تۇتقاندەك ماۋ جۇشىنىڭ قولىنى.

### تاۋاپ

ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەر مۇقەددەس جاي — ماۋ جۇشى «نۇتۇق»لى سۆزلىگەن زالغا —
كىرگەندە، دىللارغا كەتتى نۇر تاراپ. — يەنئەننى ئىخلاس بىلەن قىلدۇق تاۋاپ.
يەتكەندەك سېزىلدى بېشىمىز كۆككە، — باۋتاشەن مۇنارى بولدى قىبلىگاھ،
يەنئەنىنىڭ جامىدا ئىچكەندە شاراب. — تەڭداشسىز ھۆرمەت بىلەن تۇردۇق قاراپ.

ماۋ جۇشى، جۇزۇگلى ... تۇرغان گەملەر
ئۆز ئەينى تۇرۇپتۇ ئۇلۇغۋار شۇ تاپ.
داھىيلار شۇ يەردە تۈزۈشۈپ پىلان
يول ئاچقان غەلىبىگە قوشۇلنى باشلاپ.

ئازادلىق قۇياشى ئاشۇ گەمىدىن
بالقىغان، تاراتقان زېمىنگە ئاپتاپ.
شۇ ئاددىي گەمىلەر ئەبەدىلئەبەد
غەلىبىدىن غەلىبىگە قىلدۇ خىتاب.

ئابلەت ئابدۇللا

# تاغ سۈرەتلىرى

## كۆك چوققا

ئاستىمدا كۆك چوققىنىڭ ساي - سالاسى،
ئۈستۈمدە قولۇم سوزسام تېگەر ئاسمان.
تاغ - جىرا يېشىل ھايات — كۆك دۇنياسى،
ئۇچماقتا بۇركۈت لەرزان ئاچال* تامان.
تىنچ ۋە گۈزەل ئاۋغۇست سەھەرى بۇ،
يايلاقتا ئاق لەيلىدەك ئاپئاق ئۆيلەر.
قايشانىڭ* سۈزۈك سۈيى كۆمۈشمىدۇ،
بورسۇقلار چۆپلەر ئارا يۈگرۈپ يۈرەر.
سۆز ئېيتساڭ بۇ تاغلارغا زەپ ئاڭلايدۇ،
ساداسىز قالماس ھەتتا پىچىرلاشمۇ.
چېكى يوق بوشلۇقتا بىر كۆي تارايدۇ،
تەن يايراپ كېلەر بەزەن كۆزگە ياشمۇ:
ئاسمان يېشىل، يەر يېشىل،
قارىغاي يېشىل، بەل يېشىل.
ھارمىغىن تاڭ يايلاقتەك،
جانىغا راھەت يەر ئېسىل.
شارىلداپ ئايىغىغا تاش ئاتىدۇ،
چوققىدىن غايىب بولغان قۇۋ ئارقارلار.
قاراڭغۇ چاتقاللارغا باش ئاتىدۇ،
ئۆندەرەپ ھۆركۈپ كەتكەن ياش ماراللار.
مىڭ مارال* تۇمان ئىچرە كۆز تارتىدۇ،
سۈرىلەر ئاچال تامان تۇمان يەنە.
كۆيەك تېغى* ئۈززە بۇلۇت ئۇچار ئاستا،
سايىسى كۆك قاپتالنى* قاپلاپ ئەنە.
چۇلغايدۇ قىمىز ھىدى شامىلىنى،
ياپراقلار كەڭ يايلاققا سالغان گىلەم،
كۆرمىدىم مەن جەننەتنىڭ رۇخسارىنى،
جەننەتنىڭ ئۆزى مۇشۇ تاغلار، بىلسەڭ.
ماختىساڭ تاغنى ماختا، تاشنى ماختا،
دۇنياغا بار ئۇنىڭدا ئورتاق سادا.
ھەر گىياھ تاغ روھىدىن نەپەس ئېلىپ،
مىننەتسىز نېمەت بېرەر ئادەمزاتقا!

## بۇلاق كۆيى

كۆل رەڭ تاشلار ئاستىدىن ئۇرغۇپ چىققان شوخ بۇلاقلار
تاغ تېرىكى، قارىقات — مۇھەببەتنىڭ گۇۋاھى.
تەلەي سىناپ بۇ يەردە ئىزدىدىم تۆت قۇلاقلار،
تەلەي - بەختىم كاژ ئىكەن، كۆرۈنمەس يار نىگاھى.

---

(*****) جاي ئىسىملىرى.

نەغمە دېگەن نېمە ئۇ، نەغمىسىنى بۇلاقنىڭ
ئوخشاتمايمەن، بۇرادەر ئۆزۈڭ چالغان دۇتارغا.
ئولتۇرغاندا بۇ يەردە تەبىئەتتىن لەززەت ئېپ،
يۈرەك باغرىم تولىدۇ كۆپۈلدىگەن ئىپارغا.

شىر - شىر قىلىپ شىرىلداپ خىيالىمنى ئېپ كېتەر
رەڭمۇرەڭ كۆل، تاشلارنىڭ سۆيگەن چېغى يۈزىگە.
پىچىرلىشىپ قۇلاققا يۈرىكىمنى چاك ئېتەر،
نېمە مۇنچە تەم قوشتى، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىگە.

ھەر خىل تۈياق ئىزلىرى قىزىق سۈرەت بۇ يەردە،
تۈياق دەسسەپ ئەزگەن ئوت كۆتۈرىدۇ ئاستا باش.
قاپتالدىكى سېرىق يول ئەگىم يىلان ئىزىدەك،
سۇ ئالغىلى چۈشىدۇ چاچتەڭگىلىك قەلەمقاش.

سۇسىرىغان قوي - ئۆچكە يۈگرىشىدۇ مەرىشىپ،
زۇمرەت بۇلاق سۈيىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ئالدىراپ،
جىرەن ئاتتا سىڭايان ئولتۇرىدۇ ياش مالچى،
كۆرۈنىدۇ ماللىرى ئاق بۇلۇتتەك پارقىراپ ...

كۆن لەشكىرى پەلەكنىڭ قانىلىرىنى ئېقىتىپ،
خوشلاشقاندا ئۇپۇقتىن قايتىپ زېمىن تەكتىگە.
تېنىنىڭ قارا كىيىملىك سېركچىسى رەڭمۇرەڭ
مۇنچاقلارنى تاقايدۇ چۈشۈپ بۇلاق كۆكسىگە.

سايە تاشلاپ ئەتراپقا گاھى كېچە ئوغرىسى
پەلەكتىكى قەمەرنى تاشلاپ ئوينار بۇلاققا.
پىچىرلايدۇ سېھىرلىك تىلىدا ئاي شولىسى
كائىناتنىڭ سىرىنى زېمىندىكى قۇلاققا.

بۇلاق زېمىن تەكتىدە يول باسىدۇ ئەسىرلەپ،
ئېلىپ چىقار ئالەمگە ئەڭ مۇقەددەس يېڭى كۈي.
شۇڭا ھامان تۇرار ئۇ زېمىننى چىڭ قۇچاقلاپ،
ئاي چۈشكەندە گاھىدا باسار ئۇنى خىيال - ئوي.

شېرىن ۋىسال ئىلكىدە نۇرلىنىدۇ ئاي بۇلاق،
ئادەملەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدۇ پەرىزات.

قاراڭغۇلۇقنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ ئايدىڭلىققا چىقار جۇپلەرنى،
بۇ پىراقتا چىداپ تۇرغان ئۇيغۇر ئەۋلادى تەبىئەت.

شۇڭا رەڭدار چېچەكلەر، يېشىل چىمەن، ياپراقلار
يۇلتۇزلاردەك يانىدۇ زىنىنتى بوپ بوستانلىق.
ئۇچراشقاندا بۇ يەردە تەشنا ئاشىق ـ مەشۇقلار
شەربەتنى تېتىيدۇ پەرىشتە بوپ ئۇچماقنىڭ.

ئاي شولىسى بۇلاقتا، زېمىن تۇغقان زۇمرەتتە،
ئاي شولىسى بۇلاقنىڭ مەست قىلىدۇ ئۆزىنى.
جامالىنى نىگارنىڭ كۆرۈش ئۈچۈن سۈكۈتتە،
يەر ئاستىدىن ئۆستىكە يۆتكىگەن ئۇ كۆزىنى.

**ھاجى ئەخمەت**

## تەبىئەتتۇر مېنىڭ داۋامىم

### مۇقەددىمە

تەبىئەتتۇر سۆيگۈ ماكانىم،
تەبىئەتتۇر بايلىقىم ـ كانىم.
مەن ئۇنىڭدىن تۆرەلگەن زەررە،
«تەبىئەتتۇر مېنىڭ ماكانىم...»

### تۇپراق

ھاياتلىقنىڭ ھۇل تېشى بولۇپ،
يارالغانسەن ئالەمگە دەسلەپ.
جۇدۇنلاردا كەتمىدىڭ سولۇپ،
ساڭا مەزمۇت تۇرغاچقا دەسسەپ.

### قۇياش

ھەممىنىڭدىن ياشنار ھاياتلىق،
يورۇقلۇقتا تەشنا زېمىندا.
نۇرغا باقسام ئىزدەپ نىجاتلىق،
ئاتەش تەپتىڭ ئاقار قېنىمدا.

### ھاۋا

ھايات! ... سەندىن ئالماق بىر نەپەس،
مامات! ... سەندىن قالماق بىر نەپەس.
ياشاش ئىشقى يالقۇنجار دىلدا،
ئالسام سەندىن قايناق بىر نەپەس.

### بۇلۇت

ئۇستا رەسسام سىزغان رەسىمدەك،
ئوبرازىڭدا يوق قىلچە ئېھۋەن.
يالىغاندا جىسمىمنى ئاتەش،
باش ئۈستۈمدە بولدۇڭ سايىۋەن.

### شامال

شامال، ساڭا بولاي ھەمسەپەر،
مەقبۇل تۇتساڭ كەل قېنى، قول بەر.

مەنزىلىڭدىن ئۇزاق نىشانەم،
مېنى توسۇما ...
سۇرئەتتە يول بەر!

## يۇلتۇز

سەن چاراقلاپ نۇر تۆككەن كېچەم،
مۇھەببەتكە بۆلىنەر ئالەم....
تۇركۇمىڭگە كەتتى قوشۇلۇپ
ئەزگۈ روھىم — جىلۋىگەر غايەم!

## يامغۇر

كائىناتنى پاكلار نۇسرىتىڭ،
تېشەر تاشنى قەترەڭ - قۇدرىتىڭ.
خىسلىتىڭدىن ياشىرار ئالەم،
دىلدا ئىلھام قوزغار ھىممىتىڭ.

## ئاي

بولساڭمۇ ئۈز، نۇرلۇق - بىغۇبار،
دەيدىكەن ئەل «ئايدىمۇ داغ بار».
ئەسكە چۈشتى ھۆسنىڭگە باقسام،
چېھرى يىلتىق، مېھرى سوغۇق يار ...

## چاقماق

مىسران قىلىچ ئۇرۇپ - ئۆچىسەن،
يالماۋۇز تۈن شاھى بوينىغا.
ئۆلسەم مەيلى چېچىپ زەررە نۇر،
مەنمۇ سەندەك زۇلمەت قوينىغا.

## تاڭ

بوز تورغايلار چۇۋ - چۇۋلىغان تاڭ،
سېھرىي كۆچكە بايدۇر خاسلىقىڭ.
قۇتلۇق بولسۇن ئەي يېڭى ئەييام،
ئۆتكەن تاڭغا ئوخشىماسلىقىڭ ! ...

## كېچە

ئاي يورۇتقان ئاق، دىلدار كېچە،
ئاشىق جانلار ئىنتىزار كېچە.
قانات پۇتتۇك تەپەككۇرۇمغا،
ئارزۇلارغا ھامىلدار كېچە.

## دەريا

توختىماستىن تاغلار ئاشقىنىڭ،
مەنزىلىڭگە يوللار ئاچقىنىڭ.
ئوخشار ئۆمرۈم مۇساپىسىگە ...
ئىلھامىمغا ئوخشار تاشقىنىڭ.

## يايلاق

يېشىل يايلاق، باغرىڭنى كېزىپ
توسۇن تايدەك شاشتىم - قۇۋاندىم.
سېھىرىڭدە مەن ھوشۇمدىن ئېزىپ،
شوخ بالىلىق دەۋرىگە ياندىم.

## تاغ

تاغلار، تاغلار، يۇرتۇمنىڭ تېغى!
ھەممە تىلىكسەن — ھاتەمدەك سېخىي.
تارتقىنى راست قامىتىم ساڭا،
ئاچمىدى كۆز ئامىتىم تېغى ...

## ئورمان

پاك قويىنىڭنى ئاشيان ئەتسەم،
بىر قۇشقۇچدەك قەدرىڭگە يەتسەم.
سەن كەبى يەپ زەھەر، بېرىپ زەر،
ئەھلى يۇرتنىڭ ھالىغا يەتسەم!

## بۇلاق

ھالسىراتتى ھايات مومامنى،
چۆچەك ئېيتماس ئەمدى تۈنلىرى ...
يالغۇزلۇقتا يار بولدۇڭ ماڭا،
ئاھ، سېھىرلىك بۇلاق كۈيلىرى!

## باھار

ھۆرلەردەك ئۈز چىراي ئاچىسەن،
تىنىقىڭدىن ئىپار چاچىسەن.
جىلۋە - نازىڭ بىلەن ئوغرىلاپ،
ھېسلىرىمنى ئېلىپ قاچىسەن.

## ياز

گۈل پەسلىسەن،
بۇلبۇل پەسلىسەن،
جان لېۋىڭدىن شەربەت شورايدۇ.
ئىلھامىڭدىن كۆيلىرىم دەريا،
«بۇلبۇل مەندىن قوشاق سورايدۇ».

## كۈز

باغلىرىڭدىن مېۋە تەرمىكىم —
زەر ھۆسنىڭنى كۆرۈش ئەرمىكىم.
يېتىپ كەپتۇ ئۆمرۈمنىڭ كۈزى،
بۇرچۇم سەندەك مېۋە بەرمىكىم.

## قىش

ئاپئاق قارىڭ ئوخشايدۇ ئەجەب،
چاچلىرىمنىڭ رەڭگى — ئېقىغا.
ئىلھامىڭدىن تۇغۇلغان شېئىر،
ئىسپات ئىشقىم قايىنا قلىقىغا..

## خاتىمە

ئاھ، تەبىئەت — جانىجان ئانا!
لىرىكاڭغا يېزىلدى ئىسمىم.
ئاخىر بىر كۈن قايتىمەن ساڭا،
ۋۇجۇدىڭغا قوشۇلار جىسمىم..

گۈلبوستان ئابدۇرېھىم

## ئىناقلىق، چىن دوستلۇق ئەلا ھەممىدىن

نۇر ياغار ھەر مىللەت خەلقى چېھرىدىن،
ۋۇجۇدى سۆيۈنگەچ دوستلۇق مېھرىدىن.
يارالدى ئاجايىپ گۈزەل بىر دۇنيا،
ئۆم - ئىناق بولۇشۇپ قىلغان ئەجرىدىن.
شۇڭلاشقا ئىناقلىق ئەلا ھەممىدىن،
ئۇنىڭسىز سۆز ئېچىش قىيىن غەلبىدىن.

ئىناقلىق بېغىدا ئېچىلدى گۈللەر،
گۈللەرنىڭ ھىدىدىن كۆلدى كۆڭۈللەر.
ھاياتقا نۇر بېرەر، رەڭ بېرەر شۇ باغ،
شۇ باغدا تۆرىلەر بەختىيار كۈنلەر.
شۇڭلاشقا ئىناقلىق ئەلا ھەممىدىن،
ئۇنىڭسىز سۆز ئېچىش قىيىن غەلبىدىن.

چېلىشقا ئاتلاندۇق شىمايلاپ بىلەك،
بەخت، قۇت، سائادەت بىزدىكى تىلەك.
ئىناقلىق بولمىسا كۆلمەس ئەتىمىز،
ئەنگۈشتەر يوق بىزگە بۇنىڭدىن بۆلەك.
شۇڭلاشقا ئىناقلىق ئەلا ھەممىدىن،
ئۇنىڭسىز سۆز ئېچىش قىيىن غەلبىدىن.

ئىناقلىق قىممەتلىك بىز ئۈچۈن ھامان،
ئۇ بىلەن گۈللەيمىز - ياشنايمىز ھامان.
دىلداش بىز، سىرداش بىز ئۆزئارا مەڭگۈ،
ياشنايدۇ تېخىمۇ بەختىيار زامان.
شۇڭلاشقا ئىناقلىق ئەلا ھەممىدىن،
ئۇنىڭسىز سۆز ئېچىش قىيىن غەلبىدىن.

رۇسۇل ئىمىن

# يول تاپشىنگىزنىڭ ئاستىدا

(هېكايە)

هەر قېتىم ئەسەر يېزىش ئۈچۈن ئولتۇرغىنىمدا ئەڭ ئالدى بىلەن يېزىقچىلىق شىرەسىنىڭ تارتمىسىدىن قاتتىق مۇقاۋىلىق خاتىرە دەپتەرنى ئالىمەن ـ دە، ئۇنىڭ بىرىنچى بېتىگە يېزىلغان بىر جۈملە خەتكە خېلى ئۇزاق قارايمەن. ئۇندىن كېيىن ئىلھام پەرىسىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن تەپەككۇر ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا باشلايمەن. قەلىمىم ئاپئاق قەغەز ئۈستىدە يورغىلىغىنىچە مېڭەم يەتكۈزگەن «ئۈچۈر» لارنى خاتىرىلەيدۇ.

ھېسابلاپ باقسام قولۇمغا قەلەم ئېلىپ رەسمىي يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغىنىمغا ئون يىل بوپتۇ. مۇشۇ ئون يىل مابەينىدە مەندە خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. مەن «كەسپىي يازغۇچى» دېگەن شەرەپلىك ئۇنۋانغا ئېرىشتىم، ئىپكىن كىرپىمنىڭ تىكىنىدەك يېرىك ۋە قويۇق چاچلىرىم شالاڭلاپ پىلىكتەك يۇمشاپ كەتتى. بۈركۈتنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىم ئاجىزلاپ، ئۇششاق قورۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى. لېكىن يېزىقچىلىق شىرەسىنىڭ تارتمىسىدىكى ھېلىقى خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىرىنچى بېتىگە يېزىلغان خەتكە قاراش ئادىتىم ئۆزگەرمىدى. چۈنكى خاتىرىدىكى ئاددىي لېكىن مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان ھېلىقى بىر جۈملە خەت ماڭا «كەسپىي يازغۇچى» دېگەن ئۇنۋاننى ئاتا قىلغان.

ئالىي مەكتەپنىڭ بەشىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. ئۆزۈم كىتابخۇمار بولغاچقا، تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولۇپلا كۇتۇپخانىغا باراتتىم.

بىر كۈنى كۇتۇپخانىدا بىر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن «ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى» نى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، ئۇنىڭغا بىردىنلا قىزىقىپ قالدىم. چۈنكى شۇ چاغلاردا مەنمۇ «قارغا قاق ئېتىدۇ، ئۆز ئىگىلىكىنى شاد ئېتىدۇ» دېگەندەك ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ قەلبىمنىڭ چاڭقاقلىرىنى قاندۇراتتىم. لېكىن مەندە يازغان نەرسىلىرىمنى مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتكۈدەك جۈرئەت يوق ئىدى. ئېلاندا كۇرسانتلار ئەۋەتكەن ئەسەرلەرنى مەخسۇس مۇئەللىملەر كۆرىدۇ،

ژۇرنالنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان ئەسەرلەر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىدۇ، تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەرگە مۇئەللىپلەرگە كونكرېت پىكىر يېزىپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ، دېيىلگەنىدى. بۇ ئېلاننى كۆرگەندىن كېيىن مەندە بىردىنلا ئۈمىد ۋە غەيرەت پەيدا بولدى. لېكىن ئېلاننىڭ ئەڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى ئوقۇش ھەققىنى كۆرۈپ يېنى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە بولۇپ قالدىم. ئوقۇش ھەققى كۆپمۇ ئەمەس، پەقەت 50 يۈەن ئىدى. لېكىن بىر ھەپتە بۇرۇن ئۆيدىن كەلگەن پۇلغا تاماق بېلىتى ۋە كىيىم سېتىۋالغانىدىم، يېنىمدا ئىنتايىن ئازلا پۇل قالغانىدى. بىرەر ساۋاقدىشىمدىن قەرز ئېلىپ تۇرايمۇ يا دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاشلا نامرات ئوقۇغۇچى بولغاچقا، ئۇلاردىمۇ ئۇنچىلىك پۇلنىڭ بولۇشى ناتايىن ئىدى. كۇتۇپخانىغا ئىنتايىن خۇشال كىرگەنىدىم، مانا ئەمدى بېشىمنى ساڭگىلىتىپ، غەمكىن ھالدا قايتىپ چىقتىم.

ياتاققا قاراپ كېتىۋاتقاندىمۇ خىيالىمدىن ئاشۇ 50 يۈەن نېرى كەتمىدى. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ھويلىدا ئېچىلىپ تۇرغان قىزىلگۈللەرمۇ كۆڭلۈمگە تەسكىن بېرەلمىدى. خامۇش ھالدا ياتاققا كىردىم-دە، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ، ئاچچىق موخۇركىنى كۆچەپ شوراشقا باشلىدىم. بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنىڭ بەدخەجلىكىمگە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ژۇرنالنى بىر ھەپتە ئىلگىرى كۆرمىگىنىمگە ئۆكۈندۈم. ئاشۇ پەيتتە ئىشىك ئېچىلىپ، ساۋاقدىشىم لى چاڭ كىرىپ كەلدى.

— ۋاي-ۋۇي، ياتاقنىڭ ئىچىنى ئىسقا تۇشقۇزۇۋېتىپسەنغۇ، — دېدى ئۇ ئۆزۈلۇمدا ئولتۇرۇپ.

لى چاڭ خەنزۇ بولۇپ، شارائىت تۈپەيلىدىن باشلانغۇچ مەكتەپتىن تاكى تولۇق ئوتتۇرىغىچە قازاق مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئۇيغۇر تىلىنى بولسا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، سەل سېمىزرەك بولۇپ، يۈزلىرى خۇددى قازاق قىزلىرىنىڭكىدەك قىزىل ئىدى. مىجەزى خۇش خۇي بولۇپ، دائىم كۈلۈمسىرەپلا تۇراتتى.

— غەيرەت، نېمە بولدى ھوي ساڭا؟ ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك قاپاقلىرىڭ ساڭگىلاپ، چىرايىڭ بۆلەكچىلا بولۇپ كېتىپتىغۇ، — دېدى ئۇ شالاڭ قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، — ئاغرىپ قالمىغانسەن؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— پۇلۇڭ تۈگىدىما؟ بىر ھەپتە بۇرۇنلا پۇل كەلگەندەك قىلىۋىدى. ئاپتوبۇستا ئوغرىغا بەردىڭمۇ يا؟

مەن ئۇنىڭغا ھەققىي ئىشنى دېمەكچى بولدۇم. لېكىن، تۈنۈگۈن ئەتىگەندە ئۇنىڭ بىلەن ئازراق قىزىرىشىپ قالغانىدىم. شۇڭا ئۈنچىقماي تۇرۇۋەردىم.

— ھەقاچان پۇلۇڭنى ئوغرىغا بېرىپ قويغان ئوخشايسەن. مە، ماۋۇ 50 كوينى ئال، تاماق بېلىتى ئالارسەن. بۈگۈن دادام ئۈرۈمچىگە يېنىمغا كەلگەنىكەن، چۈشتە ياتاققا كېلىپ كەتتى. مەندىن ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ، — ئۇ ئون يۈەنلىك پۇلدىن بەشنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

مەن پۇلنى سىقىمدىغىنىمچە ئويلىنىشقا باشلىدىم: ئالغىنىم توغرىمۇ ياكى قايتۇرۇۋېتەيمۇ؟ ئەگەر پۇلنى قايتۇرۇۋەتسەم كۇرستا ئوقۇش ئارزۇيۇم بۇ يىلمۇ يەنە كۆپۈكتەك غايىب بولىدۇ. قايتۇرمىسام

ئارزۇيىمغا يېتىمەن. لېكىن، لى چاڭىمۇ پۇل لازىمغۇ. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بۇ پۇلنى ئىشلىتىشنى قارار قىلدىم. شۇنداق قىلىپ مەن شۇ كۈنىلا تەھرىر بۆلۈمىگە بېرىپ كۇرسقا ئۆزۈمنى تىزىملاتتىم ۋە بۇرۇن يېزىپ قويغان ئىككى پارچە ھېكايەمنى ئۇلارغا تاپشۇردۇم.

ئارىدىن ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتتى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سىنىپتا تاپشۇرۇق ئىشلەپ ئولتۇراتتىم. سىنىپىمىزنىڭ تۇرمۇش ھەيئىتى ئۇزۇنچاق بىر كونۋېرتنى ئالدىمغا قويدى. كونۋېرتنى يىرتىۋەدىم، ئىچىدىن بىر پارچە ژۇرنال چىقتى. ژۇرنالنىڭ مۇندەرىجىسىنى كۆرۈۋېتىپ يۈرەكلىرىم ئويناپ كەتتى. ژۇرنالغا مېنىڭ ئەسىرىم بېسىلغانىدى. خۇشاللىقىمدىن سەكرىۋېتەيلا دەپ قالدىم. ژۇرنال تۇتقان قوللىرىم تىترەيتتى. ئۆزۈمنى سەل بېسىۋالدىم-دە، ئالدى بىلەن ئەسىرىم بېسىلغان بەتنىلا ئاچتىم. پۈتۈنلەي تونۇش قۇرلار، لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئوقۇغانلىرىم كاللامغا چۈشمەيتتى.

— ۋۇي، سىزنىڭ ئىسمىڭىز تۇرىدىغۇ، ھېكايە يازغانمىدىڭىز، مۇنداق ھۈنىرىمىز بار دەڭ! يازغۇچى ئەپەندى.

مەن شۇندىلا ئېسىمگە كەلدىم. يېنىمدا ساۋاقدىشىم گۈلبوستان ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ.

سىنىپتا ئونغا يېقىن ئوغۇل-قىز ساۋاقداشلىرىم تاپشۇرۇق ئىشلەپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار گۈلبوستاننىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەممىسى دۈررىدە كېلىپ مېنى ئورىۋېلىشتى ۋە تۇشمۇ-تۇشتىن چاقچاق ۋە رىغبەتلەندۈرۈش سۆزلىرىنى ياغدۇرۇۋېتىشتى.

— ئەسلىدە مۇنداقكەن-دە، كۈندە دېگۈدەك بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتقىنىڭغا قاراپ بىز تېخى سېنى بىرەر قىزغا سالام خەت يېزىپ قەلبىنى چۈشەندۈرۈۋاتقان ئوخشايدۇ دەپتىكەنمىز.

— ھەممىمىز بوغالتىرلا بولىمىزمىكىن دېسەك، ئارىمىزدىن يازغۇچىمۇ چىقىپ قالغۇدەك...

مەن خۇددى بىر توپ يات قىزلار ئارىسىدا قېلىپ، دەيدىغان گېپىنى تاپالماي كۈلكىگە قالغان يىگىتتەك ھودۇقۇپ كەتتىم. بىردەم پېشانەمدىكى تەرلەرنى سۈرتەتتىم، بىردەم چاپىنىمنىڭ پېشىنى مىجىتتىم. كاللامغا تۇيۇقسىز بىر ئىش كېلىپ ساۋاقداشلىرىمغا بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتىم. مەن ئىزدىگەن كىشىنى ساۋاقداشلارنىڭ ئارىسىدىن تاپالمىدىم.

— لى چاڭ قېنى؟

— ھېكايە يازىمەن دەپ ئىسمىڭنى يوقاتقان ئوخشايسەن، لى چاڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىغۇ.

قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىمدىن لى چاڭنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقى ئېسىمدىن چىقىپ كەتكەنىكەن. ئەمدى پۈتۈنلەي ئېسىمگە كەلدىم. لى چاڭ ئاغرىپ قالغان كۈنى بىرنەچچە ساۋاقداشلار ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدۇق. مەن بىردىنلا ئۇنى يوقلاپ بېرىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. باللار ژۇرنالنى كۆرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. مەن سىنىپتىن ئاستىلا چىقىپ دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدىم.

مەن ياتاققا كىرگەن چېغىمدا، لى چاڭ كارىۋاتتا بىر ژۇرنالنى كۆرۈپ ئول-

تۇرغانلىكەن.

— ھە، كەل، يازغۇچى ئەپەندى، ياخشىمۇسەن؟ — دېدى ئۇ مېنى كۆرۈپ.

قولۇمدىكى مېۋە قاچىلانغان سومكىنى تومپۇچكا ئۈستىگە قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتىم.

— مۇبارەك بولسۇن، ھېكايەڭ ژۇرنالغا چىقىپتۇ. ئۆزۈڭ جىمغۇر بولغىنىڭ بىلەن قولۇڭدىن خېلى ئىش كېلىدىكەن جۇمۇ سېنىڭ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ قولىدىكى ژۇرنالنى ماڭا كۆرسەتتى. ئۇ مېنىڭ ھېكايەم بېسىلغان ژۇرنال ئىدى، — يېتىپ زېرىكىپ كېتىپ دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى بوتكىدىن بۇنى سېتىۋالغانىدىم. قارىسام سېنىڭ ھېكايەڭ بېسىلىپتۇ. ماڭا بەكلا ياردى. بۇنى سېنىڭ يازغانلىقىڭغا ئىشەنمەيلا قالدىم، — دېدى ۋە ئاخىرىدا، — داۋاملىق يېزىپ تۇرغىن. كەلگۈسىدە داڭلىق يازغۇچى بولۇپ قالامسەن تېخى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن لى چاڭ دوختۇرخانىدىن چىقتى. ساۋاقداشلاردىن بىرنەچچىمىز ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولۇپ، ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقىنىمىزدا، لى چاڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن قاتتىق مۇقاۋىلىق بىر خاتىرە دەپتەرنى ئالدى ۋە ماڭا سۇنۇپ تۇرۇپ:

— ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز خىزمىتىڭنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە يېزىقچىلىقىڭنىمۇ قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭ بۇ ئەرزىمەس سوۋغامنى قوبۇل قىلارسەن، — دېدى.

مەن رەھمەت ئېيتىپ خاتىرىنى ئالدىم. ئۇنىڭ بىرىنچى بېتىگە «يول تاپىنىڭىزنىڭ ئاستىدا» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. ئۇنىڭغا يېزىقچىلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىم ھەققىدە ۋەدە بەردىم.

ھازىر ئويلاپ باقسام، شۇ چاغلاردا خاتىرىدىكى ھېلىقى خەتنىڭ مەنىسىنى تازا ياخشى چۈشىنىپ كېتەلمىگەنىكەنمەن. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن يېزىقچىلىق ئىشلىرىم يېرىم يىلدەك ئۈزۈلۈپ قالدى. بىر كۈنى كىتابلىرىمنى رەتلەۋېتىپ ھېلىقى خاتىرىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. «يول تاپىنىڭىزنىڭ ئاستىدا» دېگەن جۈملە مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. نەچچە ۋاقتىن بېرى تاپىنىم ئاستىدىكى يولدىمۇ تۈزۈك ماڭالمىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بىردىنلا خىجىللىق تۇيغۇسى كۆرۈنمەس توردەك پۈتۈن بەدىنىمنى ئورىۋالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ باشقىدىنلا يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كەتتىم. ئۇنىڭ بەدىلىگە «كەسپىي يازغۇچى» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشتىم. «يول تاپىنىڭىزنىڭ ئاستىدا» دېگەن بۇ جۈملىنى ھەر قېتىم كۆرگەن چېغىمدا ئاجايىپ بىر خىل كۈچ مېنى توختىماي يېزىشقا، ئىجاد قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

شۇنداق، دوستۇم، يول تاپىنىڭىزنىڭ ئاستىدا. ئىشلىرىڭىزنىڭ روناق تېپىش-تاپماسلىقى سىزنىڭ شۇ يولدا قانداق ماڭىدىغانلىقىڭىزغا باغلىق.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

**ئۆمەر غەيياس**

# سەھەردىكى لەتىپە

**(ھېكايە)**

ئادىتىم بويىچە سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتىم-دە، چوڭ كوچىنىڭ بويىدا ساپ ھاۋادىن ھوزۇرلانغاچ گىمناستىكا ئويناشقا باشلىدىم. سېنتەبىرنىڭ سالقىن تاڭ شامىلى ئادەمگە ھوزۇر بېغىشلايتتى. شۇ ئەسنادا شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن — مېۋە-چېۋە بازىرى تەرەپتىن قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇر باققال «ئۈزۈم ساتىمەن، ئۈزۈم» دېگىنىچە بىر ھارۋا ئۈزۈمنى ئىتتىرگەن پېتى كەلدى. ئۇ مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ساقچى فورمىسىدىكى بەستلىك بىر خەنزۇ يىگىتى ئۇنى توختاتتى:

— يولداش، ئۈزۈمنى قانداق ساتىسىز؟ — دېدى ئۇ ھارۋىدىكى يالتىراپ تۇرغان ئۈزۈملەرگە قىزىقسىنىش نەزەرى بىلەن قاراپ.

— كىلوسى ئىككى يېرىم كوي، — دېدى باققال خەنزۇچىنى بۇزۇپراق تەلەپپۇز قىلىپ، ئاندىن ئۇ دەررۇ بىر تال ئۈزۈمنى ئېلىپ «تېتىپ بېقىڭ» دەپ يىگىتكە سۇندى.

— ۋاي-ۋۇي، نېمىدېگەن تاتلىق ئۈزۈم بۇ، — دېدى يىگىت ئۈزۈمنى ماختاپ، — مەن شىنجاڭ ئۈزۈمىنىڭ داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغان، ئەمما يەپ باقمىغان، ھەقىقەتەن قالتىس پەيزىكەن. ماڭا ئىككى كىلو جىڭلاپ بېرىڭ.

مەن ئۇنىڭ يۇرتىمىزنىڭ ئۈزۈمىنى ناھايىتى سەمىمىي ماختىغانلىقىغا قىزىقىپ، ئىختىيارسىزلا ئۇلارغا يېقىنلاشتىم.

باققال ئىككى كىلو ئۈزۈمنى جىڭلاپ يىگىتكە سۇندى. يىگىت ئۈزۈمنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئون كويلۇق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. باققال پۇلنى قولىغا ئېلىپ خۇددى باللار يەرگە ئۇرۇپ ئوينايدىغان ئۈچ بۇرجەكلىك قەغەزنى ئوينىغاندەك يەرگە ئاتتى-دە: «ئوقىتىمنى ئېقىن سۇدەك ئاقتۇرغايسەن خۇدايىم» دېگىنىچە پۇلنى ئىككى-ئۈچىنى دەسسىۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ ھېلىقى يىگىتنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭۈپ كەتتى:

— نېمە قىلماقچىسەن، ئادەمنى كۆزگە ئىلمىغاندەك، پۇلۇمنى دەسسىگىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى يىگىت باققالغا كۈلەيگەن ھالدا دەرغەزەپ بولۇپ، — مەن گۇاڭجۇ-شاڭخەيلەردىمۇ سەنلەرنىڭ كىشىلەرگە يولسىزلىق قىلغىنىڭلارنى كۆرەتتىم. كىشىلەر سەنلەرنى ھاماقەت دەپ بىكار دېمەپتىكەن...

ئۇنىڭ ئاخىرقى ئىككى جۈملە سۆزىنى ئاڭلاپ ئاچچىقىم كەلدى-يۇ، لېكىن ئۆزۈمنى قاتتىق بېسىۋالدىم. چۈنكى مەندەك بىر ھۆكۈمەت كادىرى بۇنچىلىك ئىشلاردا ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشنى بىلمىسەم قانداقمۇ خىزمەت ئىشلىيەلەيمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى

قانداقمۇ مۇستەھكەملىيەلەيمەن! لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈم غەش بولدى. ئۇنىڭ بايىقى بەستلىك قامىتى ئەمدى كۆزۈمگە باشقىچىلا كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلىپ قوياي دەپ ئەمدىلا ئاغزىمنى ئېچىشىمغا بىرىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى گېپىمنى ئۈزۈپ قويدى.

— ئۇكام، گېپىڭىز ئورۇنلۇق بولسىدى، ئۆزىڭىزنى سەل بېسىۋېلىڭ،— دېدى بۇ يەرگە قاچاندۇر پەيدا بولۇپ قالغان 60 ياشلار چامىسىدىكى مويسىپىت سۆپەت بىر خەنزۇ يولداش.

— قارىماسىز تاغا، بۇ ئادەم قولۇمدىن پۇلنى ئېلىپلا يەرگە دەسسەپ مېنى ئاسىي تېپىۋاتىدۇ. ئۆزۈمگە چىدىمىغان ئادەم ئۆزۈم ساتىمەن دېگۈچە ئىشنى قىلسا بولمامدۇ!

مويسىپىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى-دە، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— گېپىڭىزدىن قارىغاندا ئۆزىڭىز شىنجاڭلىق ئەمەس ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق، مەن جېجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى. ئۈرۈمچىگە رازۋېتكا خىزمىتى بىلەن تېخى تۈنۈگۈن كەچتىلا كەلگەنىدىم.

— ئۇنداقتا ئۈرۈمچىگە ئىلگىرى كەپباقماپتىكەنسىز-دە؟

— شۇنداق، كەپباقمىغان.

— ئۇقۇشماسلىق، ھەقىقەتەن ئۇقۇشماسلىق. ئۇكام، مەن سىزگە ئېيتسام، سىزنىڭ ھازىرقى گېپىڭىز پەقەتلا ئورۇنلۇق بولمىدى. مېنىڭمۇ ئاتا-بوۋىلىرىم ئىچكىرىدىن، مەن شىنجاڭدا چوڭ بولغان. شۇڭا ئۇيغۇرلارنى خېلى پىششىق چۈشىنىمەن. ئۇيغۇرلار تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ئوبدان خەق. ئۈرۈمچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا شەھىرىمىزنى يەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەۋاتقان بىردىنبىر خەلق مۇشۇ ئۇيغۇرلار. ئىشەنمىسىڭىز يەرلىك مېۋە-چېۋە، مەي-كۆكتاتلارنى، گۆش ۋە مال-چارۋىلارنى تۇتۇپ سېتىش بازىرىغا بېرىپ بېقىڭ. كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار. سىزنىڭ ئۇلارنى ھاماقەت دېگىنىڭىز پەقەت قاملاشمىدى. بۇ كىشىنىڭ پۇلنى يەرگە تاشلاپ دەسسىشى سىزنى بوزەك ئەتكەنلىكى ئەمەس، بەلكى بۇ بىر ئادەت. ئۇلار ھەركۈنى تۇنجى قېتىم سودا قىلغاندا شۇنداق قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ شۇ كۈنلۈك سودىسىنىڭ پايدا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن خۇداغا ئىلتىجا قىلغانلىقى.

— نېمە، نېمە دېدىڭىز! — يىگىتنىڭ چىرايى ۋىللىدە قىزاردى،— مەن... مەن تېخى... —ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى.

— ھېچقىسى يوق ئۇكام،— دېدى مويسىپىت كىشى يىگىتنىڭ دولىسىغا يېنىككىنە ئۇرۇپ قويۇپ،—چۈشەنگەن بولسىڭىزلا بولدى. مېنىڭچە بۇنداق ئۇقۇشماسلىقلار كۆپىنچە ئۆزئارا چۈشىنىشمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

— ئاكا، مەن سىزگە ئورۇنسىزلا ئاچچىقلاپتىمەن، مېنى كەچۈرۈڭ،— دېدى يىگىت باققالغا قاراپ،— مەن خاتا قىپتىمەن.

— ھېچقىسى يوق،— دېدى باققالمۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ۋە ئاشقان پۇلنى ساناپ يىگىتكە قايتۇرۇۋېتىپ، ھارۋىسىنى ئىتتىرگىنىچە كېتىپ قالدى.

سەھەردىكى لەتىپىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. لېكىن مېنىڭ قەلبىمدە تەسۋىرلەپ بولمايدىغان بىر خىل ھاياجان پەيدا بولدى. بۇ ھاياجان مېنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈردى. مەن ھېلىقى مويسىپىت خەنزۇ يولداشنى ئىزدەپ ئەتراپقا قارىدىم. ئۇ خېلى يىراقلاپ كەتكەنىدى.

ئۇ توغرا ئېيتتى، ئۆزئارا چۈشىنىش بولغاندىلا ئىتتىپاقلىق بولىدۇ، دېدىم ئىچىمدە.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

**ئەختەم ئۆمەر**

# ئاللىق رىۋايىتى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

تەكلىماكان قۇملىقىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال
ئاشۇ بىرى قىرىپ يىقىلسا يىلتىزىدىن مىڭى
كۆكلەپ چىقىدىغان چىداملىق، باتۇر، سەۋ-
رىچان توغراقلار بويسۇندۇرغان. ئاشۇ قاغ-
جىراپ ياتقان، مېھرىسىز جەۋاندەك چەكسىز
قۇمنىڭ باغرىنى ئىرىتىپ، ئۆزىگە يەر
قىلغىنى ئاشۇ مۆجىزىگە ئىگە توغراق
ئىدى. مانا شۇ توغراقلار قۇملۇقتا مەڭگەم
يىلتىز تارتىپ بۇ جەزىردە ھاياتلىقنى
ئاپىرىدە قىلدى.

مەكىتنىڭ شىمالىدا «تۆمەنتال» دەپ
ئاتىلىدىغان، ۋۇجۇدىغا توغراق روھى سىڭ-
گەن، مەردانە ئادەملەر ياشايدىغان بىر يۇرت
بار. بۇ يۇرتنىڭ «تۆمەنتال» دەپ ئاتىلى-
شىمۇ ئۇنىڭ چەكسىز توغراقلىققا قوشنا
بولۇشىدىن ئىدى.

گىرەلىشىپ ئۆسكەن قويۇق توغراقزارلار
ئاجايىپ سۈزلۈك ھەم سىرلىق بولۇپ، ئادەم
كۈندۈزى يالغۇز كىرىپ قالسا قورققۇسى
كېلىدىغان دەرىجىدە ئىدى. دولانلىقلار ئاشۇ
توغراقزارنى چۆرىدەپ ماكان تۇتتى. شۇ-
نىڭ بىلەن بۇ يۇرت «تۆمەنتال» دەپ
ئاتالدى.

بۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ بىلىشىچە دەل-
دەرەخ ئىچىدە توغراق ھەممىدىن ئۇزۇن
ئۆمۈر كۆرەتتى، ئۇلار توغراقنىڭ قوۋزاق-



شاخلىرىغا، يىلتىزىدىن ئۈنگەن بالىچاق توغراقلارنىڭ سانىغا قاراپ توغراقنىڭ يېشىنى بىلىۋېلىپ، ئۈچيۈز ياشتىن ئاشقان توغراقنىڭ تۈۋىنى كولاپ ئوق يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئېتىلىپ چىققان سۈت رەڭ چۈچۈمەل مۇزدەك سۈيىنى ئىچىۋالدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىرىچە بۇنى ئىچكەن ئادەمنىڭ بالىسى كۆپ بولىدۇ، تاپقان بالىلىرى باتۇر، چىدامىلىق، قورقۇمسىز بولىدۇ، كېسەل بولمايدۇ. بۇنىڭ سىر-ھېكمىتىنى ھازىرقى زامانىۋى ئىلىم-پەننى بايقىدىمۇ-يوق، بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە ئاشۇنداق ئەقىدە بار. بۇ ئەقىدە بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھاياتى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. شۇڭا بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى توغراقتەك يوغان، كۈچلۈك، جاپاغا چىداملىق، بالىلىرى كۆپ، بۇ يۇرتتا يۈز ياشتىن ئاشقان بوۋاي-مومايلار گۈرسۈلدەپ دەسسەپ ئەمگەك قىلىدۇ، مەشرەپ ئوينايدۇ. ئادەتتە چاچ-ساقاللىرى تۈزۈك ئاقارمىغان، چىشلىرى مىختەك، چىرايى نۇرلۇق كىشىلەرنى باشقىلار «قېرى توغراقنىڭ سۈيىنى ئىچىۋالغانىكەن» دېيىشىدۇ. بۇ راست ئاشۇ توغراقنىڭ خاسىيىتىمۇ ياكى باشقىمۇ؟ لېكىن قاغجىرىغان قۇم چوققىسىدا مەغرۇر ياشىرىپ تۇرغان توغراققا قاراپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىز توغراقتىكى بۇ سىرلىق ھېكمەتنى خاتا بايقىمىغان دەپ ئويلاپ قالىدۇ كىشى. توغراق سۈيىنى ئىچىۋالدىغان ئىشلار ھازىرمۇ ئاشۇ توغراق بىلەن بىللە ياشاۋاتقان خەلق ئارىسىدا داۋاملىشىۋېتىپتۇ.

مەن يېقىندا يېشى يەتمىشتىن ئاشقان ئىككى بوۋاينى كۆرۈپ، دۇنيانىڭ سىر-ھېكمەتلىرىنىڭ بىزدەك كۆدەك بىلەرمەنلەرنى ئەخمەق قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشەندىم. ئۇلارنىڭ تېيەمىش ئىككى ياشلىق بىرى ئالدىمىزدىكى ئاي ئىچىدە يىگىرمە بىر ياشلىق بىر جۇۋان بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى دەپ مېنى تېخى تويغا ئېيتتى. مەن بوۋاينى چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ كۈلسەم، ئەتراپتىكىلەر بۇ ئىشنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى. يەنە بىرى يەتمىشتىن ئاشتىم دەيدۇ، چاچ-ساقىلىدا ئاق يوق، چىشلىرى مىختەك. ئۇنىڭ شوخلۇقى ئالدىدا ئۆزۈمنى قېرىپ ئولتۇرۇۋاتقان موردىغا ئوخشاتتىم. ئۇ مەشرەپ ئۇسسۇلى ئويناپ ئاخىرى مېنى يېڭىپ، يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

ئۆز كېچىمىزگە كېلەيلى. ئاشۇ توغراق ئورمانلىقى — تەكلىماكاننى بويسۇندۇرۇپ، ھاياتلىققا خەۋپ تۇغدۇرۇۋاتقان قۇم دېڭىزىنى تۇسقۇچى پالۋان، كائىناتتىكى جانلىقلارنىڭ باياشات ماكانى بولغان بۇ جاي ئەسىرىمىزنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە پولات تاۋلاش يىللىرىدا پۈتۈنلەي ئۆرتىلىپ، يېرىم يىل ئىچىدىلا كۆيۈپ تۈگەپ، كۆرۈمسىز قۇم چوققىلىرى مەغرۇر چوقچىيىپ چىقتى. مەھەللە خۇددى يالىڭاچ قالغان ئادەمدەك، دۈگدىيىپ چىقىپلا قالدى. يۇرت ئادەملىرى ئەسلەپ ئۆزلىرى ئايرىلىپ قالغان يۇرت ئاتىسىنى — شۇنچە سەلتەنەتلىك، بۈك-باراقسان توغراقزارلىقنى ئۆرتەپ، تۈمەنلىگەن كېيىك، بۇغا، جەرەن، توشقان، تۈلكە، قىرغاۋۇل، ياۋا كەپتەرلەرنى يوقىتىپ ئاخىرىدا بىر تال يىڭنە بولغۇدەك پولاتقىلا ئېرىشەلمەي ھاڭۋېقىپ قېلىشتى. ئابىھاياتە دورىسى — توغراق يىلتىزىدىنمۇ ھېچقانداق ئىز قالمىدى.

زېمىندا توغراقتىن ئەسەر قالمىدى. ئۇزاققا قالماي تەبىئەت قۇرۇپ، يەرلەر قۇملاشتى، تەكلىماكاننىڭ قۇمى سۇدەك ئاقتى. بۇ گۈزەل يۇرت خارابىلىققا ئايلاندى. بىز بۇ تۇپراقتىكى ھەربىر ئۆمۈچۈك، چۈمۈلىنىڭمۇ مۇشۇ زېمىندا ياشاش ھوقۇقى

بارلىقىنى ئىسسىمىزدىن چىقاردۇق. بىز ئۇلارنى دەپسەندە قىلىۋىدۇق، رىسقىمىز كېمىيىپ، ھاياتلىق ماكانىمىز ئاشۇنداق خارابىلىك ئىچىدە قالدى. لېكىن كائىنات ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى چەكسىز سەۋرچانلىق، چىدام بىلەن ھاياتلىقنى ئاسرىدى. ئۆزى ئۆلسىمۇ روھى، يىلتىزى ئۆلمىگەن چىدامىلىق توغراقلار يەنە بىر-بىرلەپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا، سەلتەنەتلىك تاللىقلارنى پەيدا قىلىشقا باشلىدى.

مانا بۇ — ھاياتنىڭ ئەسلى تەبىئىي قانۇنى ئىدى. بۇ قانۇنىيەت ھامان ھەممىنى قۇدرەتلىك ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇراتتى. بۇزۇلغان نەرسە ئەسلىگە كەلسىمۇ ئەسلىدىكىدەك بولۇشى تەس. ئۇنىڭ مەلۇم يەرلىرىدە ئاشۇ پاجىئەلىك خارابىلىكنىڭ ئىزى ھامان قالىدۇ.

تۇمەنلىگەن ياش تال كۆچەتلىرى كۆز يەتمەس قۇم بارخانلىرىنىڭ يىقىمسىز قۇرغاق كۆكسىدە ئۈنۈپ چىقتى. سۇ بار يەردە ھاياتلىق بولىدۇ، سۇسىز قۇملۇقتا ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشى بىر مۆجىزە ئىدى.

ئىنسانىيەت ئاجايىپ مۇرەككەپ تارىخىي بۇرۇلۇش دوقمۇشىدا شىددەتلىك رىقابەت تاللىشى دەۋرىگە دۇچ كەلگەن پەيتتە، تىنىچ ئەمگىكى بىلەن ئاشۇ تەكلىماكان قۇملۇقىدا «تۇمەنتال چېچەكلىرى» دەپ ئاتالغان يەسلىلىك بىر ئەدەبىي ژۇرنال قۇملۇق كۆچىتى بولۇپ دۇنياغا كەلدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئېگىز قۇم بارخىنى چوققىسىدا توغراقنىڭ ئۈنگىنىگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگەندەك، ئاشۇ توغراق يىلتىزىنىڭ روھى سىڭگەن بىر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدە، قۇم بىلەن ئېلىشىپ ياشاۋاتقان خەلق ئىچىدە بارلىققا كېلىشى — زامانىۋى ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە كىشىنىڭ ئېڭىغا سىغمايدىغان، ئىشەنگۈسىز ھادىسە ئىدى.

دەرەخنى كۆكلەتكىنى يىلتىز. ئۇنى كۆركەم قىلغىنىمۇ كىشىلەر كۆرەلمەيدىغان چوڭقۇرلۇقتا پاتقان يىلتىز. ئۇ قارىماققا كۆرۈمسىز، ئۇنىڭدىن ئەھمىيەتلىك بىرەر ئالامەت بايقىماق تەس. ئەمما ئۇنىڭ قۇدرىتى، تەڭداشسىز ئىچكى كۈچى، دەرەخلەرنىڭ سەلتەنەت يېغىپ تۇرغان شاخلىرىدا جۇلالىنىدۇ.

«تۇمەنتال چېچەكلىرى» ژۇرنىلى دۇنياغا كېلىشى بىلەن تەڭ كىشىلەر ھەيران قېلىشتى. ئۇزاققا قالماي ئۇنى كۆكلىتىپ چىقارغان يىلتىزنى بىلىۋېلىشتى. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرى، گېزىت-ژۇرنالدىكى زىيالىيلاردىن، يازغۇچى-شائىرلاردىن، تەھرىر، تەتقىقاتچىلاردىن، ئوقۇغۇچىلاردىن بۇ يىلتىزغا قار ياغقاندەك سالام خەتلەر كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئويلىغان، ئۇنى ئاغزىدا ئەمەس، ئىش يۈزىدە قوللىغان بۇ يىلتىزغا ئەل نامىدىن ھەممەتلەر ئېيتىلغانىدى.

بىر پېشقەدەم ئالىم كاتتا زىيالىيلار يىغىلغان چوڭ بىر سورۇندا: «ئۇ كىشى بىر يېزىنىڭ باشلىقىكەن، ئەگەر بىزنىڭ بۇ ئەلدە ئاشۇنداق يېزا باشلىقىدىن يۈزى، ئاشۇنداق ناھىيە باشلىقىدىن ئەللىكى بولغىنىدا، كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى بىلىش ئەقىدارى ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى بولغان بولاتتى» دېدى.

بۇ گەپ ئاشۇ كىشىگە خەلققە ۋەكالىتەن بېرىلگەن ھەق مۇكاپات ئىدى.

بۇ زېمىندا مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60-يىل-
لىرىدا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت
قۇتۇرۇپ بوران چىقتى. قەشقەرنىڭ قىس-
مەتى، ئاۋات كوچىلىرىدا چوڭ بولغان مىڭ-
لىغان ياشلارنى بۇ بوران ئۇچۇرۇپ، بوس-
تانلىق شەھەردىن تەكلىماكاننىڭ قۇملۇقىغا
ئاپىرىپ تاشلىدى. ئۇلار ئۆمرىدە كۆرمىگەن
قۇم دېڭىزىنى كەزدى، قۇم چوققىسىدا ئۆس-
كەن توغراقلارغا قاراپ ھەيرانلىق بىلەن
تىكىلىپ قاراشتى. يەپ كۆرمىگەن تاماقلارنى يې-
دى. نازۇك تەبىئەت شەھەر بالىلىرى دېھ-
قانلارنىڭ مۇنداقمۇ ياشاۋاتقانلىقىغا شۇ چاغ-
دىلا ئىشىنىپ، دەسلەپ ھۆكىرەپ يىغلاشتى،
ھاراق بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشتى.
ئاز كۈندە ئۇلارنىڭ ئاق پۇسمىلاق، يۇمران
يۈزلىرى توغراق قوۋزاقلىرىدەك كۆرۈمسىز،
يىرىك، چىڭ بولۇپ قاتتى. يۇمشاق ئاق
قوللىرى قېتىپ پىشتى. ئۇلار سېپى ئۆزى-
دىن يەرلىك كىشىلەردىن بولۇپ قېلىۋاتقا-
نىدى. ئاشۇ قەشقەرلىك ياشلارنىڭ ئارىسىدا
ھويى ھەممىدىن كىچىك، قولىدىن ھېچقان-
داق ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان، پەملىك،
ئېغىر-بېسىق بىر بالا بار ئىدى. ئۇنىڭ
ئىش قىلىشتىكى تەدبىرى، گەپ-سۆزلىرىنىڭ
جايىدا ئىكەنلىكى يېزا باشلىقلىرىنىڭ نە-
زىرىگە ئېلىنىدى. يېزا ئۈچۈن بۇنداق
ئادەم تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئېتىزدا
يېرىم چارەك كېلىدىغان يوغان كەتمەننى
چېپىۋاتقان يېرىدىن قايتۇرۇپ كېلىشتى.

دىقماق، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن، بۇ-
رۇتى ئەمدى خەت تارتقان بالىنى كۆرگەن
يېزىنىڭ ساۋاتسىز، قوپال ئەمما ناھايىتى
ئەقىللىق باشلىقى كۆك كۆزىنى قىسىپ ئۇ-
نىڭ باش-ئايىغىغا قاراپ چىقتى:

— ئاتاڭ ساڭا قانداق ئات قويغان؟

— ئەكبەر...

— ئاتاڭنىڭ ئېتى نېمە؟

— ھەيدەر.

يېزا باشلىقى يېنىدىكىلەرگە:

— مەن تېخى ئۈنچىلىك كەلگەن بالى-
مىكىن دەپتىمەن. ھېلىقى چىرايلىق خەت-
نى مۇشۇ بالا يازامدۇ؟ — دېدى.

— ھەئە.

— ئۆزۈڭدىن چىرايلىق خەت يازى-
دىكەنسەن. خېلى چوڭ مەكتەپنى تۈگىتىپ-
سەن. قەشقەرنىڭ نېنى كىچىكمۇ، يا ئاتاڭ
ناننى ئاز بەردىمۇ چوڭ بولالماپسەن بالام.
تۆمەنتالنىڭ ئاسمىنى كەڭ، بۇ يەردە نانىنى
جىق يەپ چوڭىيىۋال. توغراقتەك ئادەم
بولۇپ قەشقەرگە بار.

— توغراقتەك بولغان ئادەم تۆمەنتالغا
يىلتىز تارتمىسا تۇتمايدۇ، — باشقىلار گەپ
قوشتى.

— خەت يېزىپ باقە قېنى.

ئەكبەر ھەيدەر يېزا باشلىقىنىڭ سا-
ۋاتسىزلىقىنى بىلىسىمۇ، شۇ چاغلاردا ئەڭ
بازارلىق بولغان بىر سۆزنى ناھايىتى ئەس-
تايىدىللىق بىلەن چىرايلىق قىلىپ قەغەز-
گە يېزىپ بەردى. باشلىق خەتنى تەتۈر
تۇتۇپ خۇددى ئوقۇۋاتقاندەك بېشىدىن
ئايىغىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئەتراپ-
تىكىلەر ئىچ-ئىچىدىن كۈلكىسى قىستاپ
تۇرسىمۇ لېۋىنى چىشلەپ جىممىدە قاراپ
تۇرۇشتى. يېزا باشلىقى سەزگۈر ئادەم ئىدى.
خەتكە قاراپ تۇرغان بولسىمۇ ئەتراپتىكى-
لەرنىڭ كەيپىياتىنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلىپ، دەرھال خەتنى ئوڭ ئۆرۈدى:

— مەن سېنى نېمانداق تەتۈر خەت
يازىدىغان بالىكىن دەپتىمەن. ئوقۇغان ئادەم
بولغاندىكىن باشقا ئادەمگە خەت سۇنغاندا

ئوك سوْنوْشنى ئۆگەن. بولوْپمۇ ماڭا!
ئەكبەر كۆلكىسىنى باسالماي كاللۇكـ
نى چىلك چىشلەپ تۇرۇپ:
ــ ماقۇل، ــ دېدى.
ــ ماقۇل، دېسەڭ بولمايدۇ. مەن
تۆزىتەي دېگەن گەپنىمۇ قوشۇپ دە. خېـ
تىڭنى كۆردۈم، خېلى بەلەن گەپنى يېـ
زىپسەن، سەن كۆڭلۈمگە ياراپ قالدىڭ،
ئوبدان ئىشلە. قۇلدەك ئىشلەپ بەگدەك
يەپ، توغراقتەك يوغىناپ يىلتىز تارتقىن.
مەن قېرى توغراق يىقىلسام ئورنىمنى
ئالىسەن.

ئاشۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن، «سائەت»
چىقىپ كەتكەننىدىكىن، ئەكبەرنىڭ قەشقەرـ
دىن بىللە كەلگەن دوستلىرى، ساۋاقداشـ
لىرى قەشقەرـ ئۈرۈمچىلەرگە كېتىپ ئىسىل
بىنالاردا ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان، ئازادە،
پاكىز ئاسفالت يوللاردا ماڭىدىغان بولۇشتى.
ئەكبەر بولسا ئاشۇ توغراقلارغا ئوخشاش
قۇملۇق، شورلۇق تۇپراققا ئۆزلىشىپ، بارـ
غانچە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتتى. كۈمىـ
لاچ تاملىق پاكار، ئىسلاشقان دېھقان ئۆيى
ئۇچۇن ئۇ شەھەردىكى ئېسىل، قەدىمي
پاسونىدىكى ئۆيىنى قۇربان قىلدى. شەھەرـ
دىكى ئېسىل تاماقلارنى دېھقانلارنىڭ تېزەك
قالاپ پىشۇرغان ئىس ئۆتكەن ئۇماچ يارـ
مىسى بىلەن تېگىشتى. چىرايلىق كىيىنىپ،
گۈزەل قىزلار بىلەن تانسا ئويناشقا تېگىشـ
لىك بولغان ئاخشاملارنى ئۇ ھوشۇقچە توپا
كېچىپ ئېتىز، خامان، ئۆستەڭلەردە ئۆتكۈزـ
دى. ئۇ تۇمەنتالغا كەلگەندە بۇرۇتى ئەمدى
خەت تارتقان بالا ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئوماق
بالىلىقىنى، شوخ ياشلىقىنى، پاراغەتلىك شەـ
ھەر تۇرمۇشىنى مۇشەققەت بىلەن جان تىـ
كىپ ئىشلىمىسە ياشىغىلى بولمايدىغان سەھـ
راغا قۇربان قىلدى. دوستلىرى، تۇغقانلىرى
كۆپ نەسىھەت قىلىپ ئۇنى شەھەرگە ئەكـ
لەلمەي: ئۇنىڭ كاللىسى بىنورمال بولۇپ
قالغاندىمۇ، دەپ گۇمانلىنىپمۇ يۈردى. ئەكـ
بەرنىڭ بويى توغراقتەك ئۆسمىگەن بولسىمۇ
يىلتىزى ئاشۇ تۇپراققا چوڭقۇرلاپ كىرىپ
كەتتى. ۋۇجۇدىغا توغراق روھى سىڭدى.
ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر چاغلاردا يېزا باشلىقى
بولغان ھېلىقى قېرى توغراقنىڭ ئىزىنى
باستى.

ئۇ ئۆمرىنى دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا
ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، دېھقانلارنى ياخشى
چۈشىنەتتى. ئۇ دېھقانلارنىڭ ئاق كۆڭۈل،
سەۋرچان، جاپاغا كۆنگەن، چىدامىلىق
ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، لېكىن نادانلىقنىڭ
ئاسارىتىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ قېلىپ
خورلىنىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ
دېھقانلارغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان.
ئولتۇرسا ـ قوپسا، ماڭسا ـ تۇرسا دېھقانلارـ
نىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن غەم يەيدۇ. شۇڭا
ئۇنىڭ دېھقانلار ئارىسىدا مىڭلىغان دوستلىـ
رى بار.

ئۇ يېرىم كېچىلەردىن ئاشقان، خورازـ
لار تاڭدىن خەۋەر بېرىپ چىللىغان چاغـ
لاردا قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئېتىزـ
لاردىن ھومىيا ئادەمدەك مىڭ پاتمان توپا
بىلەن قايتىپ كېلىدۇ.

قەھرىتان قىشتا ھاشارچىلار ئارىسىدا
توك يېرىپ، لايغا مىلەنگەن قوللىرى بىلەن
ھاشارچىلار سۇنغان قاتتىق توك نانلىرىنى
غاجىلايدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇ سېپىنى
ئۆزىدىن دېھقان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى
قەشقەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان دېسە
ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، ئۇنىڭ ھاردۇق يەتـ
كەن ھاشارچىلارغا قىلىدىغان خۇشە

چاقچاقلىرى، كۈلكىلىك سۆزلىرى دېھقانلار
ئارىسىدا ھاردۇق چىقىرىدىغان دورا بولۇپ
قالىدۇ.

تەكلىماكان يازلىق يىغىم پەسلىدە
ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ، ئۇ ئورمىچى دېھ-
قانلار ئارىسىدا، خامان تەپكەن يەردە توپانغا
ئارىلىشىپ يۈرىدۇ. تومۇز ئاپتىپى ئۇنى
چېقىن چۈشۈپ چالا كۆيۈپ كەتكەن توغ-
راق كۆتىكىدەك قاپقارا قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ
ئۆيىگە قاراڭغۇ چۈشمىگەندە قايتىپ كېلى-
دىغان كۈنلىرى يىلدا پەقەت بىرقانچە
قېتىم بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئۇ شۇنداق
چاغلاردىمۇ بىر ئادەتنى — ھېرىپ - ئېچىپ
قايتقان كېچىلەردە ھېچ بولمىغاندا بىرقانچە
بەت كىتاب كۆرۈپ ئۇخلاش ئادىتىنى زا-
دىلا تاشلىغىنى يوق.

ئۇنىڭ مەدەنىيەت روھى دەل شۇ
يەردىن باشلانغان. دېھقانلار بىلەنمۇ، زىيا-
لىيلار بىلەنمۇ دوستلىشالايدىغان ئۇنىۋېرسال
كۆپ تەرەپلىك ئىقتىدارى ئەنە شۇ كىتاب
چۈشمەس قولىدا يېتىلىنجىغانىدى.

مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە
ئۇ جاھىل دېھقان دوستلىرى بىلەن كۆپ
مۇنازىرىلىشىدۇ. ئۇلارنى قايىل قىلىپ بو-
لالماي بەزىدە جىلە بولۇپ تېرىكىدۇ. ئۇ
بۇ ۋاقىتتا دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ
قويماي قاتتىق قوللۇق بىلەن ئۇلارنىڭ
باللىرىنى مەكتەپكە ھەيدەيدۇ. ئۇ بولغاچقا
يېزىنىڭ مائارىپى كىرىزىسقا ئۇچرىمىدى.
ئۇ دېھقان باللارنىڭ مەكتەپتىن قېلىشىنى
دېھقانلارنىڭ دارامىتى تۆۋەنلەپ كەتكەنى-
دىنمۇ يامان كۆرىدۇ.

ھەر قانداق يېڭى كىتاب كىتاب-
خانىغا سېلىنىپ ھەپتە ئىچىدە يېزا مەدەنى-
يەت پونكىتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن ئورۇن

ئالمىسا ئۇ مەدەنىيەت مەركىزىنى بېشىغا
كىيىپ قاينايدۇ. يېزا مالىيىسى باشقا ھەر-
قانداق ئىشقا پۇل چىقىرىپ بېرەلمىسە ئۇ
ئالدىرىماستىن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ
تەدبىرى ئۈستىدە سالماقلىق بىلەن باش
قاتۇرۇپ ئاندىن يولىنى تاپىدۇ. مەدەنىيەت
مەركىزىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشقا پۇلى بولمى-
سا، ئۇ قىلچە سەۋرى قىلالماستىن پۇل يوق-
لۇقىنى بىلىپ تۇرۇسىمۇ پۇل تېپىشقا بۇي-
رۇق قىلىدۇ. كىتاب كەلگەندىن كېيىن
بولسا كۈلۈپ تۇرۇپ «كىتابقا ئالغان قەرز
دېگەن ئاستا - ئاستا قايتۇرۇلىدۇ. تۈمەنتال-
نىڭ ھەممە يېرى پۇل بولمەن دەۋاتىدۇ.
پۇل دېگەننى يەپ - ئىچىشكىلا خەجلەشكە
چىقارغان نېمە ئەمەس، ماۋۇ كاللىنىڭ
ئىچىنى تولدۇرۇشقىمۇ ئاز - تولا خەجلىمى-
سەك بولمايدۇ» دەپ چاقچاق قىلىدۇ.

ئۇنىڭ دېھقان دوستلىرى ئىچىدە
خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق خەلق شائىرلىرى.
پەيلاسوپلار، تارىخشۇناسلار بار. ياش ھەۋەس-
كارلار تېخىمۇ كۆپ. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە
شۇلار بىلەن ھايات، ئىنسانىيەت مەدەنىيى-
تى ھەققىدە ئۇزاق سۆزلەشتى. ئۇ ئۇزاق-
تىن بېرى بىر ئىشنى دائىم ئويلايتتى: ھەر
كۈنى تاڭ ئاتىدىكەن. ئاش، پاختا، گۆش،
مېۋە ئۈچۈن ئىشلەيدىكەنمىز. ئىشلەپ تاپ-
قىنىمىزنى شۇ يىلى - يەپ ئىچىپ تۈگىتىدى-
كەنمىز. بىزدە باشقا ئىش يوقمۇ زادى؟...
چەت ئەللىكلەر ئاشلىقنىمۇ تېرىيدۇ، مېۋى-
نىمۇ پەرۋىش قىلىدۇ. بۇندىن سىرت ھاياتتا
يەنە ئۇنتۇلماس ئىشلارنى قىلىدىكەن، بىز
قىلالماسمىزمۇ؟ مەسىلەن، مەن ئۆمرۈمنىڭ
يېرىمىنى تۈمەنتالدا ئۆتكۈزدۈم. تۈمەنتال-
دا ئىزىم چۈشمىگەن يەر قالمىدى. لېكىن
خەقنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك نېمە ئىش

قىلالىدىم. زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتىنى يىلمۇ-يىل ئاشۇردۇم، لېكىن مەن كەلمىگەندىمۇ بۇ خەلق ھوسۇل ئېلىپ كەپتىكەن. ھېززى بەگ ھاجى دېگەن ئادەم قىرىق يىل ئىلگىرى بىر ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ قويۇپتىكەن، خەلق ئۇنى ھازىرغىچە ئۇنتۇماپتۇ. مەنمۇ چوقۇم تۇمەنتالدا ياشىغىنىمنىڭ نامى-نىشانى قىلىپ بۇ خەلقنىڭ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك بىر ئىش قىلىپ بەرمىسەم بۇ يەردە ئىزىم قالمايدۇ. لېكىن نېمە ئىش قىسام بولار؟

ئۇ شۇ قېتىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، كىتاب-ژۇرناللاردىكى يېڭى پىكىرلەر ھەققىدە سۆزلىشىپ كۆڭلىگە پاللىدە بىر ئىش كەلدى.

— ھەي توختاڭلار، بۇرۇن بىزدە قول يازما ژۇرنال بار ئىدى، كېيىن يوقىلىپ كەتتى. بىزدە مۇشۇنداق يازارمەن باللار جىق تۇرسا نېمىشقا ژۇرنال نەشىر قىلىپ ئۇنى ئېلان قىلمايمىز؟

— ھە راست، بولسا، شۇنداق قىلساق بولاتتى.

— توغرا، شۇنداق قىلىمىز. چىقارغاندىمۇ ئۈرۈمچى، قەشقەرنىڭكىدەك ئېسىل قىلىپ چىقىرايلى، كۈچىمىز يەتمىسە ناھىيەدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىڭ ياردىمىنى ئالىمىز. راست، بىر ژۇرنال چىقىرايلى. پۇلى مەندىن، قانچىلىك ئىقتىساد كەتسە مانا مەن ئىگە. ئەمىسە سىلەر لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىڭلار. بۇ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇپرىقىدىكى بىر ئىز بولۇپ قالسۇن.

شۇنداق قىلىپ ئاشۇ سۆھبەتتىن كېيىن «تۇمەنتال چېچەكلىرى» ژۇرنىلى دۇنياغا كەلدى. ئۇ ژۇرنال ھەققىدە يېزىنىڭ چوڭ يىغىنلىرىدا ناھايىتى ئەستايىدىل، خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشاللىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدى. مانا بۇ — تۇمەنتالىللىقلارلا ئەمەس، پۈتۈن ئەلنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا ئۇنىڭ قالدۇرغان ئۇنتۇلماس ئىزى.

ئۇ قىلغان مىڭلىغان ياخشى ئىشلار ئىچىدە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىززەت-نەزىرىگە ئېرىشكەن بۇ ئىشنىڭ بەرىكىتى ئۇنى كۈندىن-كۈنگە پارلاق ئىستىقبال شوتىسىغا كۆتۈرۈپ خەلقنىڭ تېخىمۇ چوڭ ئېچىلغان ئۈمىد كۆزىدە ئۇنىڭ ئوبرازى شۇنچە جۇلالىق چاقنىدى.

ھاياتقا سەن قانداق ئەجىر سىڭدۈرسەڭ، سەن ئۇنىڭدىن شۇنداق جاۋاب ئالىسەن. خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەمنى ھەممە بىلىدۇ. تۇمەنتال خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئۇ كۆيۈپ-پىشىۋىدى، مەكىت خەلقى ئۇنىڭغا «يالغۇز تۇمەنتال ئۈچۈن ئەمەس بىز ئۈچۈنمۇ ئىشلىگىن» دەپ ئۇنى بېشىغا ئېلىشتى. دېمەك ياخشىلىق ئالەمنى خۇش قىلىدۇ، دېگەن شۇ. ئەمدى ئۇ مەكىت ئۈچۈن چوقۇم ياخشى ئىش قىلىشقا باش قاتۇرۇۋاتىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

مۇھەممەتجان سادىق

# ساياھەت دەپتىرى

## چېگرىدىن ئۆتتۈۋېتىپ

خىيالىمۇ - جۇشمۇ
ۋە ياكى بىر ئەپسانە؟!
شىرنە يىغار ھەسەل ھەرىسى
خۇش پۇراق گۈللەردىن.
ئىنسان كاككۇك كۈلگەن ۋادىلاردا
تومۇز كۆيگەن داللاردا!...
ئۇي ئالدۇ
ياخشى - يامان كۈنلەردىن.
تەقدىر كۈلدى ماڭا!
مانا، مەن ئۆتمەن چېگرىدىن،
خىيالىم قانات چىقىرىپ
كەتتى ئۇچۇپ ئارمان باغلىرىغا.
ھاياجان ئىچىدە تىكەتتىم كۆز:
ياۋايى يەل - يېمىش يەپ،
گۈلخان چۆرىسىدە قاقاقلىغان
ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ
شاد - خۇرام چاغلىرىغا.
نە باغلاردا سوقما تاملار،
نە تاغلاردا سەددىچىن.
يوللار ئوچۇق،
بۆلۈنمىگەن ئالەم...
مەيلى كۈلسۇن تارىم ۋادىسىدا،
مەيلى كۈلسۇن رىم داللىسىدا
قاقاقلاپ بۇلبۇلگويادەك
تېنى ئاق،
تېنى قارا قاشلىرى قەلەم...
تىكەنلىك سىملار بىلەن
ئاھ، بۈگۈن بۆلۈنگەن زېمىن،
تۈگمەس ئىس - تۈتەك،
ئوت.
جېدەللەر ئىچىدە يۇتار زەرداب...
يەر شارى ئەگەر بولسا بىر ئائىلە
دوستلۇق كۈلۈپ.
چېچىلاتتى مۇھەببەت كۆزلىرىدىن
ئىسسىق ئاپتاپ!
ئۈمىدسىز شەيتان،
ئادەم
ياشار جەننەتنى ئويلاپ،
ئۇ قاچان توختىغان
قانائەت غارىدا؟!
كېلىدۇ شۇنداق بىر كۈن:
ئالەم
بەختىنى تويلاپ
ياشايدۇ مەڭگۈلۈك باھارىدا!

## شائىر تۇمانبايغا

سەن —
ئالا تاغنىڭ
قىنىغا سىغمىغان قىيانىمۇ —
ناخشا چىچىپ ئېقىۋاتقان؟!
ئاستىڭدا تۇمانلىق قىيالار،
يېشىل يايلاقلار...
سەن گويا بىر قىران بۈركۈت
قانات قېقىۋاتقان!
چىچىلىدۇ مەغرۇر تۇرقىڭدىن
قويلارنىڭ مەرىشى،
يىلقىلارنىڭ كىشنىشى،
قىمىزنىڭ پۇرىقى.
كۆل، گىياھى ئوتلاقنىڭ...
كۆزلىرىڭدە
شاۋقۇنى بار بالقاشنىڭ،
ناخشىسى بار
شۇۋۇلدىغان قارىغاينىڭ،
شىلدىرلىغان بۇلاقنىڭ...
سەن
ئاباي شېئىرلىرى گۈللىگەن زېمىن؛
مال - ۋارانلىق،
باغ - باراڭلىق،
تاغ - قىيالىق،
كۆل - گىياھلىق
چەكسىز دالا...
ئۆزى ئۆسكەن تۇپراقتا
باقار قويلىرىنى،
ناخشا ئېيتىپ
مۇھەببەت ئوتلىقىدا تىنىك تۇرغان
چوپان بالا!

## مۇختار ئەۋىزوۋ ئۆيىدە

توختا!
ئولتۇرۇپ ئورۇندۇقىدا،
تۇتۇپ قەلىمىنى
چۈشۈۋالاي سۈرەتكە بىر!
ئابلەيخان تاپالمىغان شۆھرەتنى
تاپتى ئۇ، قەلىمىدە،
توختا، چۈشۈۋالاي ياندىشىپ
ئالەمچە شۆھرەتكە بىر!...
مەن كۆرمىگەن مۇختارنى
كۆرگەن بىراق،
ئابايىنى،
سۆيگەن يارىنى،
كۆل ۋە قارلىق قازاق دالىسىنى،
سۆيگۈ - ئىشق،
تويى،
ئۆلۈمى قانداق،
تىلىكى،
يۈرىكى قانداق،
بىلمەن ئاق مالخايلىق بالىسىنى...
مەن بىلمەيدىغان سىرى قالغانمۇ،
ھەي، ئاشۇ ئىس-تۈتەكلىك قارا ئۆيلەرنىڭ،
كۆمۈش تەڭگىلەر
مەيدىسىدە چاقنىغان جانانلارنىڭ؟!
ئاسمانغا بوي تارتقان قارىغاي،
يان باغرىغا يېپىلغان ئارچىمدەك
ياپيېشىل ئارمانلارنىڭ؟!
شۇنداق مەن كۆرمىگەن مۇختارنى.
كۆرگەن بىراق،
قۇرلارغا تىزىلغان يۈرىكىدىن
يۇلتۇزلۇق ئاسمانىنى!
سۆيۈپ ئوقۇمىدى
بۈگۈن ھەي، يۈرۈق ئالەمدە

قىنى كىم —
ئېگىزمۇ،
ھىندىمۇ،
ئەرەبمۇ —
شۆھرەتلىك داستانىنى؟!
توختا!
ئولتۇرۇپ ئورۇندۇقىدا
تۇتۇپ قەلىمىنى،
چوشۇۋالاي سۆرەتكە بىر!
ئابلەيخان تاپالمىغان شۆھرەتنى
تاپتى ئۇ، قەلىمدە،
توختا، چوشۇۋالاي ياندىشىپ
ئالەمچە شۆھرەتكە بىر!

## ئۆسەك

كىچىكىمدىن
ئاڭلاپ ئۆسكەن ناخشاڭنى
ئىلى بويى —
توقايلىق ئۆسەك.
كۆزلىرىم چاچتى بوگۈن ئېتەكىڭگە گۇل،
ئالدىمدا
ئالتۇن سۇيىدە بويالغان تال - سۆگەتلەر،
گۇل - گىياھلار...
چېچىلماقتا ھەي، ساڭا
ئىخۇددى چاشقىدەك
مۇھەببەتلىك كۆگۈل!...
كىملەر كېلىپ،
كىملەر كەتكەندۇ؟!
كىملەر سېنىڭ تاللىرىڭنىڭ ئاستىدا
ھەشرەپ ئويناپ،
شاخلىرىڭغا ناخشىسىنى ئاسقاندۇ؟!
بەلكىم ئۇ، ئاق سەللىلىك ئاشىق شائىر
قاراپ گۈزەل دەرياغا،
كېلىۋاتقان دولقۇنلىرىنى
كۆزلىرىدىن شەبنەم چېچىپ
باغرىڭغا باسقاندۇ؟!
جان ئۆسەك!
گۈزەل ئۆسەك!
ھەي، ئەتتەك!
توقايلىرىڭ ئارىسىغا
ناخشام بىلەن كىرەلمىدىم!...
نازىم تۇرغان جايدا تۇرۇپ،
قىرغىقىڭدا دولقۇن كۆرۈپ،
چىمەندىكى مەرۋايىتنى
بىر - بىرلەپ تېرەلمىدىم!...
ئاھ، ئاراڭدىن ئۆتكەن يولدىن
بىر ئۆتۈپ،
بىر ياندىم.
قالدى پەقەت دىمىغىمدا
سېنىڭ خوش بۇي پۇرىقىڭ...
تەقدىر ئاجايىپ كارامەتلىكىغۇ
ئاچماسمۇ يەنە بىر ۋىسال گۈلىنى،
ئاھ، مېنىڭ يۈرىكىمگە
چۈشكەن ئۇرۇقىڭ! ؟...

## زۇنۇن قادىر قەبرىسىدە

ئاھ، تەقدىر!
ئاھ، قىسمەت...
ئاھ، ئۆلۈم بىلمەمدىڭغاندۇ
ۋاقىتنى،
ئورۇننى؟
ئۇ، ئۆزگە ئەلدە يۇمدى كۆزىنى...
يۈرەر تەگرىتاغدا ئاھ ئۇرۇپ غۇنچەم
ئاھ ئۇرۇپ نۇرۇم،
ياش بىلەن
كېچە - كۈندۈز يۇيۇپ يۈزىنى...
يەر قوينى بولسىمۇ ئوخشاش،
بىراق ئۇ، ياتالمايتتى

كىندىك قېنى تامغان زېمىندىن
زادى ئايرىلىپ،
يەرلىكنى كۈلاۋاتقاندا
لېمىشقا ھەي، كەتمىسكەندۇ
سۇنۇپ گۈرجەكلەر،
كەتمەنلەرنىڭ بىسى قايرىلىپ؟!
ئاھ، ئۇستاز!
تۇرسەن ئېگىپ بېشىڭنى
نېرىپ قەبرەڭدە.
يۈرىكىم بوزلايدۇ خۇددى بوتىدەك
شۇ تاپتا مېنىڭ كۆكرىكىم
ھەسرەت،
ئەلەم،
دەرد،
ئازابلىغۇچى جىمىكى تۇيغۇلارنىڭ
قايناۋاتقان يۇرتىدەك...
كۆز ئالدىمدىن ئۆتمەكتە قاش بويى—
يېشىل ئىرەنلىك.
ئۇ يەردە،
(قايسى ياز؟)
بىللە بەزمە قۇرۇۋىدۇق
سۆھبەتنىڭ شامىغا ئوت يېقىپ.
قانغۇچە ناخشا ئېيتىپ،
قانغۇچە كۈلۈپ،
ھاياجانلىنىپ سەبىي باللاردەك
ئۇچۇۋىدۇق مۇھەببەت ۋادىسىدا
قانات قېقىپ...
ياپيېشىل ئىرەننىڭ ئاستى جەننەت،
ئاقاتتى سۈزۈك قاش سۈيى
جۇلالىنىپ،
جەۋلان قىلىپ ئۇدۇلىمىزدا.
چىرايىمىزدا كۈلەتتى قۇياش،
ئاقاتتى ئېلى دەرياسى
ئۆلەن ئېيتىپ،
توي تارتىپ تومۇرىمىزدا...

كۈن قايرىلىپ
ئۆتكەندە پىشىندىن،
كەلدى بىرى
ئالدىمىزغا،
يۈزىدىن چېچىلاتتى ئىسسىق تەبەسسۇم
— ئۇستاز!
كېلىپتۇ بىر توپ يېزا ئۆسمۈرلىرى
سىزنى كۆرۈش ئارزۇسىدا...
دېدى قول باغلاپ
كۈللىگەن مەۋسۇم...
كەلدۇق...
ئون نەچچە قىز ـ ئوغۇل
چىمەنلىكتىن كۆتۈرۈلگەن گۈلگە ئوخشاپ
تەڭلا تۇردى ئورنىدىن،
چىرايلىرىدىن ئىزگۈلۈك ۋە
ھۆرمەتلەر چېچىپ.
خۇش چىراي قىلدى سالام،
شادلىنىپ سوقۇۋاتقان يۈرەكلىرىنىڭ
چوغدەك غۇنچىسى
ئاغزىنى
تەڭلا ئېچىپ...
سىنى چۆرىدەپ، مۆھتەرەم ئۇستازە
ئولتۇردۇق يېشىل چىمەندە،
كۆزۈڭدىن ئېقىۋاتقان ياش
قونماقتا ئىدى گۈل ـ گىياھلارغا
شەبنەم بولۇپ.
سىلىدىڭ
يېنىڭدا ئولتۇرغان ئوغۇل بېشىنى،
ئاھ، باھار سىققان قەلبىڭگە
مۇھەببەت تولۇپ...
— «باللىرىم!
سىلەر بىزنىڭ ئەتىمىز!
ئۇ كۈن:
گۈل بولامدۇ،

چۆل بولامدۇ.
قولۇڭلاردا!...
ھېرەي بىر ئەڭگۈشتەر،
ئۇ ساقلىغاي سىلەرنى ئېزىنتقۇلاردىن
ماڭغان يولۇڭلاردا!
ئوقۇڭلار!
ئوقۇڭلار!
ئوقۇڭلار!
ئوقۇپ تەگرىتاغقا ئالتۇن ئېكەر —
توقۇڭلار،
ئاندىن مىنىپ ئۇچۇڭلار
يۇلتۇزلار يۇرتىنى سەيلە قىلىپ!
كۆز يۇرتىغا كۆيمىگەن ئىنسان
يۈرەلمەيدۇ بۇ دۇنيادا
يۈزىنى
چىرايلىق لەيلى قىلىپ!...»
سەن قانچىلىك كۆيەتتىڭ
ئانا يۇرتىڭغا!

پىراق، بۈگۈن قەبرەڭ
ياتار غېرىبسىنىپ
كۆزگە ئەلنىڭ قۇچىقىدا...
يۈرىكىم
پۇچىلانماقتا خۇددى قوناقتەك
ئېتىلىپ ئاھ،
قايغۇ - ئەلەم ئوچىقىدا...
بۇ سېنىڭ ھەيكىلىڭمۇ؟
روھىڭمۇ - يا؟
يۈزۈڭ
ئالەمدە
ساڭا قىلۇە بولغان
چاچلىرى ئاق تەگرىتاغدا؛
جەسىتىڭ بۇ يەردە غېرىب،
روھىڭ ھەي ئاشۇ ئىرەنلىكتە
ھەي، ئاشۇ چىمەنلىكتە،
قارايسەن ئۇزمەي كۆزلىرىڭنى
ئاي چىققان،
كۈن چىققان چاغدا...

ئۇردۇن ئەبراھىم

## غەزەللەر

ۋادەرىخ، يانماسمىدۇر ئاغزىڭدا ئىللەتتىن پاراڭ،
بۇندا يا قالماسمىدۇ شۇملۇقتا ھەرىكەتتىن پاراڭ.
مەن بۇرۇن كەلدىم دېسەم كەپسەن مېنىڭدىنمۇ ئاۋۋال،
قاينىتىپ بۇ جايدىمۇ دەسلەپتە غەيۋەتتىن پاراڭ.
ئۇسى ئاق، بۇسى قارا دەپ بارچىدىن ئىزدەپ ئۇۋەن،
كۆكتە ئاي سەنمۇ پەقەت، يوقمۇ خىجالەتتىن پاراڭ.
ياز كېتىپ، باشلارغا قىش كەلسە ئەجەبا بۇندا يوق،
سەن نېمانچە ئالدىدا يانسا ھارارەتتىن پاراڭ.
سەن يېسەڭ شاھى پولۇ گەپ يوق، لېكىن زارىڭ تولا،
چىشلىسە بىر بۇردا نان يايراپ ساداقەتتىن پاراڭ.
سىغمىغاندەك تىغ جىنىم چۆللەرگە باشلايسەن ئەجەب،
باغلىرىڭدا يوقمۇ جاي كەلسە نادامەتتىن پاراڭ.

ئەدە ھەم بولسالڭ قۇرۇق سۆزسىز تاپالمايسەن ئارام،
شۇنچە يا ئەۋزەلمىدۇ ياشلىقتا خىزمەتتىن پاراڭ.
بىزدە ئاھ قاچانغىچە قالماس بۇ ئادەت بىلمىدىم،
كىمنىلا كۆرسەڭ غاجايمىز، يوق ئادالەتتىن پاراڭ.
بەزىدە ئوينايدۇ رول سېھىردە شەيتاندىن بەتتەر،
ئازدۇرۇپ ماڭدامدا ئۇن، ئايرىشقا قىزدىرەتتىن پاراڭ.
كۆرسىتەر كۆلشەننىمىز گاھىدا قارلىق تاغ قىلىپ،
ھەم سېلىپ ئاپئاق لىپچەك باشلارغا ھىجرەتتىن پاراڭ.
گاھىدا پىنھان ئارا ھەم ئۈندىگەي ئۇرماققا تىغ،
دوستنىمىز ئايلاندۇرۇپ ياۋغا خىزىرمەتتىن پاراڭ.
بىرگە مۇشت ئۇرسا ھەسەتتىن، ئارقىدىنلا بىرگە ھەم،
زەپمىز شىددەتلىك باقار بالقىپ خىيانەتتىن پاراڭ.
بىرگە ھەم بولسا رەقىب يىزىگداپ قاناتىنى تامام،
بىرگە كىمخاپ كىيدۇرەر دەردلىك خۇشامەتتىن پاراڭ.
سېھىردىن تاغلار غۇلاپ، نەپرەتمىز ئۇنتۇلغاي يەنە،
قاشنى تەكرار ئوينىتىپ چىقسا مۇھەببەتتىن پاراڭ.
كۈن شۇ دەپ بولغايمۇ، ھەي، يانغان چىراغنىڭ ھەممىنى،
بولسا كۈن ھەر بىر چىراغ بولغايمۇ ھاجەتتىن پاراڭ.
تۇغقا تەشنا بىز لېكىن يەلپۈلدىتەلمەيمىز ئەجەب،
قولغا تۇغ تۇتقۇزسىمىز مىليون ئىجازەتتىن پاراڭ.
ۋادەرىخا بولدىكى بۇ بىزدە داۋاسى يوق كېسەل،
يۈز قىزارغايمىز شۇڭا گەر بولسا قامەتتىن پاراڭ.
بۇ جاھان لوقمانغا زارمۇ بىلمىدىم ھېچ بىلمىدىم،
كىمگە يىغلار پەيتىدە قاقشاپ جاراھەتتىن پاراڭ.

* * *

نېچۈندۇر پۈۋلىسەممۇ ئاھ، ئۇتۇق ھېچ يانمىدى بۇلبۇل،
چىمەندە دەردۇ-ھىجراندىن يا ياغرىڭ قانمىدى بۇلبۇل.
بولۇپ يا گۈل، قىلىپ جىلۋە ئېچىل دەيمەن، ئېچىلمايسەن،
بۇ ھالدا سېنى كۆرمەكلىك ماڭا ئارمانمىدى بۇلبۇل.
بۇ باشلاردا گىزى كەلسە پىراقنىڭ ئۆزى بىر تۈندۇر،
شۇ تۈنسىز سۆيگۈنىڭ يارقىن تېڭى ئاتقانمىدى بۇلبۇل.
ئۇپۇقنىڭ لېۋىدە زەپمىز كۆرۈندى جىلۋىلەر ناپاك،
غۇبارىدىن سەل بولۇپ، يامراپ يېشىڭ ئاققانمىدى بۇلبۇل.

سېنى دەپ بارچە ھىجراننىڭ ئوتىدا بىر ئۆزۈم كۆيسەم،
كۆڭلۈمنى كۆككە سورۇيسەن، كۆيۈك ئىسيانىمدى بۇلبۇل.
تاپانىمغا باياۋاندا كىرەر بولسا تىكەن - يانتاق،
دىلىڭ يايرايدۇ، ئاھ - زارىم ساڭا رەيھانىمدى بۇلبۇل.
ھاياتقا ئەلۋىدا ئېيتىپ پىراقىڭدىن شىبھەت كەتسەم،
ئەجەب قەبرەمدە قىينايسەن، جېنىم مىڭ جانىمدى بۇلبۇل.
جاپاسى كۆپ بۇ دۇنيانىڭ، لېكىن نېچۈن ۋاپاسى يوق،
ۋە يا بۇندا ئەقىدەم يەر، بۈيۈك ئاسمانىمدى بۇلبۇل.
ئۆتەرمۇ كۆڭلىرىم غەمدە سېنىڭدىن بىر سادا كەلمەي،
يۈرەكىڭ ئېرىمەسلىككە ۋە يا قاتقانىمدى بۇلبۇل.

*    *    *

ئانا دەپ ئەركىلەپ سۆيسەم، خۇشالمەنكى، ئانام رازى،
ئاتا دەپ قولىدىن ئىشنى كېلىپ ئالسام ئاتام رازى.
ئۆزۈم بولساممۇ ئاچ، ئۇڭا كېلىمدىن سۇغۇرۇپ بەرگەچ،
دىلىم راھەتتە، مېھرىمدىن كۆلۈپ ئۆيدە بالام رازى.
زېمىنغا نەم بېرىپ ئاقسام ياساپ ئۆركەشنى ۋىجداندىن،
يىگىتلىك بۇ غۇرۇرۇمدىن بېلىمدە ھەم پوتام رازى.
ئىچەرمەنلىكتە پىر - ئۇستاز دېمەڭلار گاھى مەي ئىچسەم،
پىراق تەپتىدە شۇ مەي كەيپىدىن بەزمىدە جام رازى.
يېشىم تۆكسەممۇ مەستلىكتە، دىلىم غەمكىن، بىلىپ تۆكتۈم،
تۆكۈلگەن ياشتا غايىبتىن يۈيۈنسا ئۆز ھاسام رازى.
قاناتىمدىن لېكىن ئايرىپ مېنى سەھۋەندە قويماڭلار،
مېنى پەرۋانە، ئۆزىنى نۇر بىلىپ يانغانغا شام رازى.
ئەجەبا، باغرى زەردابمۇ ۋە يا بۇنداق بىدارلىقتىن،
ياتاركەن تامچى، تىرناقتىن ئەجەب ئۆرۈلسە تام، رازى.
نېچۈن گاھ ئەتىۋار قالتىس ۋاپاسىز كوزا چاقانلار،
تۇتۇپ قۇرئاننى ۋەز ئېيتقانغا قازى، ئىمام رازى؟!
لەنەت، بۇندا زوغۇيلىۇقتا يېتىلگەن بەزىلەر ھەم بار،
ئوتۇمنى كۆرمىسۇن ئەل، دەپ ھامان يىۇتقانغا خام، رازى.
ئەزەلدىن ياخشى خىسلەتكە، مېھىر - شەپقەتكە ئالەم - زار،
يامانلىق ئىستىكەنلەردىن نېچۈك بولغاي ئاۋام رازى.
بېزەپ ئالەمنى پاكلىقتىن گۈزەل يارىمغا تېز يەتكۈز،
گۈزەللىك ۋەسلىدە شېرىن مۇھەببەتتىن تامام رازى.

* * *

ئاھ، مېنىڭ مەيخورلۇقۇمدىن يەرگە ئاتقايمۇ پەلەك،
تۈزلىكىمدىن يا مېنى بىر نانغا ساتقايمۇ پەلەك.
گەر تۈپەيلىدىن بولۇپ بىر تاغ بويۇم سوزسام يەنە،
پارچىلاپ كۆك  نىسپىدە شۇئان غۇلاتقايمۇ پەلەك.
يالجىماي ئىغۋا-ئۈسەكتىن چۆكسە بەدبۇيغا بېشىم،
گۈلنى ئايرىپ تىكەندىن بىر پۇراتقايمۇ پەلەك.
كۆز تىكىپ ئاسمانغا مەن قىلسام مۇنەججىملىك ئەگەر،
تۈندە يۇلتۇزنى ماڭا تەكرار ساناتقايمۇ پەلەك.
ئوت بولۇپ مىڭ رەت كۆرۈندى، بىر كۆلزىپ ئاسماندا ئاي،
ئاينى يا كۈنگە يېتىپ جەڭگاھ ياراتقايمۇ پەلەك.
ئىلكىدە كۆيگەن نەپەسنىڭ يۇلقۇنار كىرپىكلىرىم،
ياشنى كىرپىك ھۆكمىگە شەرتسىز ئۇناتقايمۇ پەلەك.
كەيپىدىن مەينىڭ ئەجەب يالقۇنغا ئايلاندىم بۈگۈن،
شۇ پېتى بارسام يېنىپ يانغا يولاتقايمۇ پەلەك.

* * *

ئويغات ئى پەلەك ئويغات كۆڭۈل شەيداسىنى ئويغات،
مەۋج ئۇرسۇن، ھاياتلىقنىڭ ئەزىم دەرياسىنى ئويغات.
شەپەق رەڭگىدە ھەر دىلنىڭ ئۇلۇغلانسۇن سادا سىمۇ،
يېيىپ چەكسىز ئۇپۇقلارغا كۆزى-شەھلاسىنى ئويغات.
پەلەكتىن شۇڭغىسا بۈركۈت سۈرىدىن قاقشىغاي بۇ جان،
ئۇنىڭ خۇش، جىلۋىدار ئەيلەپ سۆزۈك ئىخلاسىنى ئويغات.
زېمىننىڭ ئۈستى يەر بولسا، بۇ باشنىڭ ئۈستى ئاسماندۇر،
يېنىپ مىليونچە يۇلتۇزنىڭ نۇرى-زىياسىنى ئويغات.
بېغىڭنى باغ دېگەي كىممۇ ئەگەر باسسا تىكەن-يانتاق،
گۈزەل بولساڭ گۈزەللىكنىڭ گۈلى-رەناسىنى ئويغات.
بۆلەك تەسۋىرگە يوق مەيلىم، ھامان ھۆكمىڭدە ئىنسانمەن،
مۇقام يۆتكەپ يېڭى تاڭنىڭ مەيىن ساباسىنى ئويغات.
بېقىپ كۆكلەرگە بوش كەتتى ھېلىمۇ شۇنچە كۆپ دەملەر،
خۇنۇك دەملەرگە مۇشت تەگسۇن، غۇرۇر بەرناسىنى ئويغات.
تەرەققىيات زامانى بۇ، ئۈزەرگە ئاينى، يۇلتۇزنى،
مۇقەددەس ئارزۇ-ئارماننىڭ تامام ئىجراسىنى ئويغات.

* * *

يوق نەرسىنى بار قىلغان سەن-سەن دۇنيا، سەن دۇنيا،
بار نەرسىگە زار قىلغان سەن-سەن دۇنيا، سەن دۇنيا،
ئەيلەپ تۈننى گويا تۇغ، تاڭلىرىمنى بىر جەڭگاھ،

باشلارنى ئوت نار قىلغان سەن-سەن دۇنيا، سەن دۇنيا.
سۆگەكلەردىن ياساپ جام، ھېسلىرىمدىن گويا مەي،
كەيىپكە ئېتىبار قىلغان سەن-سەن دۇنيا، سەن دۇنيا.
بۇندا تاجسىز ئولىجاگەن ئۆلۈپ كەلگەن ھىجراندىن،
ئۆلۈملەرنى كار قىلغان سەن-سەن دۇنيا، سەن دۇنيا.
ئۆلۈم نېمە چۈشەندىم ئايرىلغاندا ئۆزۈمدىن،
ئۆزگە-ئۆزنى زار قىلغان سەن-سەن دۇنيا، سەن دۇنيا.

*          *          *

جۇدۇن ھەيۋىسى كارسىزدۇر يۈرەك ئاتەشكە ئايلانسا،
نە يۈرەك، تەپتىدىن ھەر جان قىزارغان مەشكە ئايلانسا.
ئەزەلدىن بۇندا غاپىلغا ۋىسالنىڭ ھۆكمىدۇر تىلسىز،
ھەزەر قىل، يۇتىدۇ ۋولقان يېرىڭ تەۋرەشكە ئايلانسا.
ساماغا بوي تىرەپ ھەر ئان گويا قامەتتە تاغ بولغىن،
سىنۇش بار بىر كۈنى يۈكتىن بويۇڭ ئەپكەشكە ئايلانسا.
كۆرۈنگەنگە يېشىڭ تۆكمە، ۋاپادار دىلكىشىم شۇ دەپ،
غېمىڭدىن كۆپ نېرىدۇر ئۇ، ۋۇجۇدۇڭ دەشتكە ئايلانسا.
كۈلۈپ باققاننى ھەم بولماس كۆڭۈلگە نۇر-جىلا چاغلاپ،
بۇلۇت كۆپتۇر لېۋىدە كۈلكىسى جۈندەشكە ئايلانسا.
ئەلەم چەكمە چېكىت بۇ دەپ، ھاياتلىق ئۆزى بىر ئەشئار،
پەلەكنى ئۆرتىگەي تەپتى سوراق ئۈندەشكە ئايلانسا.
سامادا پارلىسا تەنھا پەقەتلا بىر دېمە ئاينى،
تۇغار مىڭ ئاينى تەنھالىق پىراقتىن كەچكە ئايلانسا.
بىلىنگەي كۈيچى بۇلبۇلمۇ بولۇپ گويا مۈشۈك، چاشقان،
ناۋاسىز ئەلدە ۋىجداننىڭ ئىشى «پەش-پەش» كە ئايلانسا.
شۇڭا باشنى نادانلىقتىن ئامان تۇتماق ئېرۇر پەرىز،
ئۆلۈمدۇر تاڭدا سەۋدادىن تىلەك گەر خەسكە ئايلانسا.

*          *          *

پەلەكلەردە ئېگىز ئۇچسام ۋىسالدىن ئېھ بولۇپ بىر قۇش،
سۈزۈك بوشلۇقتا پەرۋازىڭ سۆيۈنسەم ئەۋجىدىن ھەم خۇش.
يېنىپ ھەر جاندا يۈلتۈزدەك مۇھەببەتلىك بېقىپ ھەر يان،
كېچەمدە نۇرنى ھەل قىلسام بۇلۇتلارغا ئېتىپ ھەم مۇشت.
گىزى كەلسە كىرىپ شۇئان گويا شەيتان سىياقىغا،
سۈرۈمدىن بارچە مەككارلى دېگۈزسەم سەجدىدە پوش-پوش.
مۇبادا قۇدرىتىم يەتسە جاھاننى قوشغۇراق ئەتسەم،
جاراڭلاپ كارۋىنىم كەلسە تۈنەكتىن دەس تۇرۇپ قوش-قوش.
تىكەندىن باغلار زارلانسا سۆگەكلەرگە يېتىپ نەشتەر،
سابادىن كەلسە بىز مەلھەم سۆيۈپ گۈل بەرگىدىن بوش-بوش.

ھاياتتا رەزگى ھىجراندىن يۈرەكلەر تولىسمۇ خىرلىغا،
ئەقىدە ئۆچمىسە ئېيتىپ ۋىسالغا ئەلۋىدا، خوش-خوش.
دەرىخا ئۇشبۇ ئارماندا كۆزۈم ياشلىق كېتەرمەنمۇ،
غەزەپتىن ياكى تۇغ تارتسام كېلەرمۇ جايىغا ئەس-ھوش.

* * *

ئايا دىلبەر، پىراقىڭدىن كۈنى-تۈن بىر ئەلەم پەيدا،
ئەلەمكى، مەۋجىدىن تەكرار ھامان كىرپىكتە نەم پەيدا.
ئۇرۇپ قەھ-قەھ بۆلەك خەقتەك كۈلۈپ مەنمۇ يۈرەي دەيمەن،
ئامال قانچە، كۈلەلمەيمەن، پىراق ھۆكمىدە غەم پەيدا.
تۇلۇن ئايدەك ۋىسالىڭنى قۇچاي دەيمەن، قۇچالمايمەن،
مەگەر قۇچسامكى، تەپتىڭدىن كۆڭلۈم كۆكلەردە ھەم پەيدا.
لېكىن بىر ئەھلى سەۋدامەن، سېنىڭدىن ھېچ كېچەلمەيمەن،
سېنى دەپ تۈندىمۇ يۈرسەم ئۈمىدتىن تۇغ-ئەلەم پەيدا.
جاھاندا مىڭ گۈزەل، ئەمما بۇ كۆڭلۈمدە ھامان بىر سەن،
ئۈزۈك بولغاچقا دىل بىتاپ ئەمەس، مېھرىڭدە ئەم پەيدا.
گويا ئىلكىڭدە ھەر زەررە ماڭا ئالەمچە يالقۇندۇر،
شۇ يالقۇن ۋەسلىسىز مىڭلاپ ئۆلۈمدۇر دەممۇ-دەم پەيدا.
تىرىكلىك مەيىنى تېز سۇن، بۇ جاننى يا ئۈزۈڭلا ئال،
ھامان ھەققانىي ھۆكمىڭسىز ئەمەس لەۋزىمدە تەم پەيدا.

* * *

دېڭىزدىن ئۆرلىگەن كۈننىڭ يۈزى لالەمگە ئوخشايدۇ،
نە لالە، بەلكى بىر ئاتەش لاۋۇلىق — دەمگە ئوخشايدۇ.
چۈشۈمدىن كۆز ئېچىپ تۈندە گۈلۈم دەپ تاڭغا سېغىنسام،
كۆرۈنگەن زەررە نۇر ئېرىپ لېۋىمدە قەنتكە ئوخشايدۇ.
ۋىسالغا بەندىلىكىمدىن ھاياجان ئىلكىدە ھەردەم،
يىقىلغان كىرپىكىم ئۈززە يېشىم زەمزەمگە ئوخشايدۇ.
ئۈزۈمنىڭ ھىجرىدىن زارلاپ، تۈنەپ يۈرسەم مازارلاردا،
زارىققان ھەر تىنىق تەپتىن كۆيۈك ئالەمگە ئوخشايدۇ.
ۋۇجۇدۇم ۋە لېكىن دەريا مەۋج ئۇرغان مۇھەببەتتىن،
شۇڭا ئۆلسەممۇ ھەر ناخشام تىرىك ئادەمگە ئوخشايدۇ.
بولۇپ گەر بىر چىراغ يانسام ساداقەت نۇرىدىن يارقىن،
كېچەممۇ نۇرلىنىپ، داغسىز چىراغ پايەمگە ئوخشايدۇ.
ئەجەبلەنمەڭ ئۇلۇغ بىلسەم شۇڭا مەن ئايىنى، يۇلتۇزنى،
تىنىمسىز چاقنىشى تۈندە ئەجەب غايەمگە ئوخشايدۇ.

ھاتىگۈل مۇھەممەت

# ياشارتىدۇ ھاياتنى سۆيگۈ

## بارلىمايمەن ئۇنداق سەيلىگە

ھالال جۈپتىم باردۇر مېنىڭ ھاياتتا،
باردۇر يەنە ھەم سېنىڭمۇ ئوخشاشلا.
يېتىلىقتىن تۇغۇلغانمىش ئاشىقلىق،
باقما مېنىڭ كۆزلىرىمگە بولدىلا.

قىز نىيەتكە يېتىن تۇتقان كۆڭلۈمنى،
يېگىلىشىپ بۇ مۇھەببەت دەپ قالدىڭ.
ئازابلىدىڭ مەشۇقىڭنىڭ قەلبىنى،
ئۆزۈڭنىڭمۇ يۈرىكىڭگە دەرد سالدىڭ.

قىز كۆڭۈللۈك چىقتى ئاخىر بېشىمغا،
بولدى ساڭا گەپ قىلمايمەن پەندىيات.
چىن ئىنسانغا ماس كېلەمدۇ بۇ سۈپەت،
يۈرسەڭ ئەگەر ئەل ئالدىدا بولۇپ مات.

تۇرسا بالاڭ، تۇرسا كۆزۈم پارىسى،
سۆيگۈ تىلەپ تەلمۈرۈشىڭ نەھاجەت.
نىيىتىڭدىن دەرھال يانغىن ئىزنىقماي،
ھاۋا ئەمەس ھەممىگە تەڭ مۇھەببەت.

چاقىرمىغىن ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ،
بارلىمايمەن ئۇنداق رەزىل سەيلىگە.
يەنە قانداق ناخشىلارنى ئېيتارسەن،
باقماي تۇرۇپ خېرىدارىڭ مەيلىگە.

## گۈلنى بەرمەي كۆڭلۈڭنى بەرگىن...

چۈشەنگەندەك قەلب سىرىڭنى،
يەر تېگىدىن ئۈنسىز باقسەن.
ئۆزگىلەرگە قىلغان سۆزۈڭدىن،
يۈرىكىمگە ئوتلار ياقسەن.

شۇنچە تەستە ئۆتىدۇ كۈنلەر،
يار يولۇڭغا مىڭ بىر تەلمۈرۈپ.
كېلىپ قالدىڭ بۈگۈن نۇر چېچىپ،
قۇچىقىڭنى گۈلگە تولدۇرۇپ.

گۈلنى سۇندۇڭ، سۇندۇڭيۇ بىراق،
كېتىپ قالدىڭ شۇنچە تېز مېڭىپ.
ھەسرەت بىلەن قاتتىم ھەيكەلدەك،
گۈلنى مەھكەم مەيدەمگە تېڭىپ.

«گۈلنى بەرمەي كۆڭلۈڭنى بەرگىن»،
دېمەكچىدىم دېيەلمەي قالدىم.
رەھىم قىلغىن، ھىجران تۈنىدىن،
مەن تاڭلارغا يېتەلمەي قالدىم.

بىلسەم...

ھەسرەت ئوتى چۇلغار دىلىمنى،
ئاي ھۆسنىڭنى قىلغاندا كوز-كوز.

ئەقىل ھوشۇم يوقىلىپ شۇئان،
ئېيتالمايمەن بىرەر ئېغىز سۆز.
بىلسەم كۆڭلۈڭ ئىكەن بەك ئالا،
ئۆۋال قىلما ماڭا بۇنچىلا.

كۆزلىرىمىز قالسا ئۇچرىشىپ،
ئىزا تارتىپ يەرگە باقسەن.
كۆز سالمىغان بولساڭ گۈلۈمگە،
نېچۈن قەستەن ئوتلار ياقسەن.
بىلسەم كۆڭلۈڭ ئىكەن بەك ئالا،
ئۆۋال قىلما ماڭا بۇنچىلا.

قىسماق بولساڭ بەخت گۈلىنى،
تەر ئاققۇزغىن مېھنەت بېغىدا.
نېسىپ بولۇپ ھەقىقىي ۋىسال،
مۇجۇلمايسەن ھىجران دېغىدا.
بىلسەم كۆڭلۈڭ ئىكەن بەك ئالا،
ئۆۋال قىلما ماڭا بۇنچىلا.

«شورا ئاچسام كۆكۈل بېغىدىن»
دېگەن ئويۇڭ خاتادۇر خاتا.
نومۇس - ۋىجدان يوقلار ئىكەن،
قاچسا ئەگەر ئىنساندىن ھايا.
بىلسەم كۆڭلۈڭ ئىكەن بەك ئالا،
ئۆۋال قىلما ماڭا بۇنچىلا.

## سەن ياشايسەن ماڭا قۇت تىلەپ

بىلەلمىدىم سۆيگۈ سىرىنى،
سەن ياشايسەن ماڭا قۇت تىلەپ.
سۆيگۈ ئۈچۈن كۆيۈپ شام كەبى
مەن يورىمەن ئۆزگىنى كۆيلەپ.

سەن ياشايسەن ماڭا قۇت تىلەپ،
ئەپسۇس ساڭا يولۇماس ۋىسال.
تىپىرلايدۇ بەخت دەپ يۈرەك،
ئۆزگە ئىشقى قىلغاچ مېنى لال.


سەن ياشايسەن ماڭا قۇت تىلەپ،
دىدارلىشىش ئويۇڭدا بارمۇ؟
نېچۈن ئىشقىڭ ماڭا قويۇلار،
بۇ ئالەمدە گۈزەللەر ئازمۇ.

سەن ياشايسەن ماڭا قۇت تىلەپ،
گەر بولساقمۇ بىز ئىككى دۇنيا.
بولمىسىمۇ چىن بەخت نېسىپ،
ئازاب يۇتۇپ ئېيتىمەن ناخشا.

سەن ياشايسەن ماڭا قۇت تىلەپ،
بەلكىم ياتلار قىلغاندۇ مازاق.
سۇندى ئەجرىم، سۇنمىدى سەۋرىم،
دۇنيا بەلكى ئەسلىدىن شۇنداق.

## بەختنامە

قەلەم بىلەن بولغاندا سىرداش
يۈرىكىمنى يىللىتار قۇياش.



مۇھەممەد باغراش

# جەزىرە

(پوۋېست) *

— ئەمدى ماشىنا ئىنى ئوت ئالدۇر، ماتور قىزىغاچ تۇرسۇن، چوڭ-كىچىك چىراغنى تارت! — ئۇ ئادەمنىڭ شۇئىرغان ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقان بوغۇق ئاۋازى كابىنكا دىۋارىغا كېلىپ تەگدى. ياش شوپۇر ئالدىراپ-تېنەپ بايىقى ئىشىكنى يېپىۋالدى. ئۇ سوغۇقتىن ئۈيۈشۈپ ئاغرىپ تۇرغان پۇت-قوللىرىنى تەسلىكتە قىمىرلىتىپ، گەجگىسىنى سەل رۇسلىدى. ئاندىن قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئىسسىتىلدى. بىرھازادىن كېيىن پۇتلىرىمۇ ئاران ئەيۋەشكە كەلدى. ئۇ ئاچقۇچنى بۇراپ، ئىستاتورنى تەپتى. ماتور خېلىلا مۇزلىغانىدى. ئىستاتورنىڭ كۈچى يەتمەيۋاتاتتى. ياش شوپۇر ئۈزۈپ-ئۈزۈپ تېپىۋەردى. خۇداغا شۈكۈر! بىرھازادىن كېيىن ماتور گۈرۈلدەپ ئوت ئالدى، ئۇ چىراغ كونۇپكىلىرىنى تارتتى، كۈچلۈك چىراغ نۇرى ئاپئاق قار بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئەتراپ چاراقلاپ يورۇپ كەتتى. لېكىن بۇ يورۇقلۇق ئىچىدە قاردىن بىلەك ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئاسمان، تاغ، زېمىن، ماشىنا ۋە ھېلىقى ئادەم قوشۇلۇپ بىرلا نەرسىگە، بىر تۇتاشلىققا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ئاقلىق ئىدى، چەكسىز، بىپايان ۋە شەكىلسىز ئاقلىق ئىدى. ماتور تەدرىجىي قىزىپ، كابىنكىنىڭ ئىچى ئاستا-ئاستا يىلىلىشقا باشلىدى. تېرمومېتىر ئامپېرى ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلدى. ماشىنا گەۋدىسى يېنىك تىترەيتتى. چىراغ نۇرى مۇشۇ تىترەككە ئەگىشىپ ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئاقلىق قوينىدا بىچارىلەرچە ۋەھىمىلىك، زەئىپ لوغۇلدايتتى.

---

* بېشى ئۆتكەن سانىدا.

شوپۇر يەل يېشىلغاندىن كېيىن ئەينەك چوتكىسىنى قويۇۋەتتى. ئەينەك چوتكىسى ھالسىزغىنە غىچىرلاپ، ئەينەك يۈزىنى قاپلىۋالغان قېلىن ۋە يۇمشاق قارنىڭ ئىچىدە تىركىشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ غىچىرلاشلىرىدا چوڭقۇر نائۇمىدلىك، بىچارىلىك، كۈچسىزلىك ئىڭرايتتى. بىركەمدە ئەينەك يۈزى ئېچىلغاندەك بولدى. ياش شوپۇر كابىنكا ئەينىكىدىن ماشىنىنىڭ ئالدىدا قىمىرلاپ يۈرگەن بىر ئاق كۆلەڭگىنى تەسلىكتە ئىلغا قىلدى. بۇ ھېلىقى ئادەم — تەرسا، غەلىتە مىجەز تۆمۈرچى ئىدى. بۇ ياشىنىپ قالغان ئىشچى بۇ قېتىمقى ئاشلىق توشۇش زەربىدار ئەترىتىگە ئۆزى تەلەپ قىلىپ قاتناشقانىدى. ئۇ كۆچمە دۇكىنىنى ماشىنىغا بېسىپ، ماشىنا ئەترىتىمىز قەيەرگە بارسا، ئۇمۇ شۇ يەرگە باراتتى. بىرەر ئىش - پىش چىقسا، ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۇدۇل كەلگەن يەردە دۇكىنىنى قۇرۇپ ئىشقا چۈشۈپ كېتەتتى. ئەترەت مۇشۇ قېرىنىڭ بىللە ماڭغىنىنى ئۈچۈن خاتىرجەم ئىدى. ھەممىسى شۇنداق دېيىشەتتى. بولمىسا، بۇ قاتمۇ قات تاغ ئارىسىدا بىرەر تال رىسسور ئىسمىقىنىڭ ئۈزۈلۈشى بىلەن ماشىنا يېتىپ قالاتتى. قارلىق تاغقا كەلگەندە ئۇ ئادەم نېمىشقىدۇر ئۆزى ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان ماشىنىدىن ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ئالمىشىۋالغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ خەتەرلىك يولدا ئۆزى يالغۇز ماشىنا ھەيدەشتىن قورقۇپ ئولتۇرغان ياش شوپۇر بۇنىڭغا خۇشال بولغانىدى. لېكىن بۇ خۇشاللىق ئۇزۇنغا بارمىدى. مانا، بولىدىغان ئىش بەرىبىر بولدى. ئۇ قېرى ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمىدى. ئۆلۈم خەۋپى ئۇ قېرىنىمۇ ئوخشاشلا قىساقىقا ئالدى. لېكىن راستىنىلا غەيرىتى بار قېرى ئىكەن، قورقماي، ئىككىلەنمەي ياكى سەن چۈشكىن، ياش بولغاندىكىن، دېمەي، تاغنى ئۆرۈۋېتىدىغاندەك قوتراۋاتقان قارلىق بوراننىڭ قوينىغا شۇڭغىدى. جېنى تۆمۈر ئىكەن - دە! ئەنە، ئۇ غالجىر بوران قۇچىقىدا تىركىشىۋاتىدۇ. ئۇ شۇ تاپتا بىر قار كاللىكىگە، ھەرىكەت قىلالايدىغان قار مونىكىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ مونەك مۆكچەيگىنىچە قولىدىكى كۈرەك بىلەن يولنى توسۇۋالغان قار دۆۋىسىنى كۈرەيتتى، قېلىن قارنى دەلدۈگۈنۈپ - دەلدۈگۈنۈپ ئاتاتتى. گاھىدا قاتتىق بوران ئۇنى قار ئۈستىگە ئۆكتۈرۈپ تاشلايتتى. لېكىن ئۇ ئۆمىلەپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئۆرە بولاتتى - دە، يەنە كۈرەيتتى. ئۇ ئادەم توختاپ قالمايتتى. جان-جەھلى بىلەن يەنە كۈرەيتتى، قازاتتى، ئاتاتتى... ئۇ ئادەمنىڭ تەرسالىقى، غالجىرلىقى، تەلۋىلىكى قار بورانىنى ھارغۇزدىمىكىن، بوران سەل پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. بوران ئۇ ئادەمنىڭ تەلۋىلەرچە جانبازلىقىنى سوغۇق ۋە ھەيرەت نەزەرىدە كۆزىتىۋاتقاندەك ئىدى. بوراننىڭ ئاۋازى تاياق يېگەن ئىتنىڭ غىڭشىشىدەك ئايانچلىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. لېكىن يەنە چىدىمىغاندەك جان - جەھلى بىلەن چىرقىراپ، ئۇنىڭ باش - كۆزىگە پات - پات چاڭ سالاتتى.

خېلىدىن كېيىن ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپى ئېچىلغاندەك بولدى، ھەر ھالدا قېلىن قار ئىچىدىن چانا ئىزىدەك بىر يول ھاسىل بولدى. بىركەمدە ھېلىقى ئادەم ئۆرۈلۈپ ياش شوپۇرغا بىر نېمە دەپ ۋارقىراپ ئىشارەت قىلدى - دە، يەنە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قار كۈرەپ مېڭىپ كەتتى. ھاڭۋېقىپ قالغان ياش شوپۇر ماشىنىنى كۈچ بىلەن قوزغىدى. دەل شۇ چاغدا ياش شوپۇرنى بىر سېزىم چۆلغىۋالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچىدە — مېڭىدىمۇ،

يۈرىكىدىمۇ ئىشقىلىپ بىر يېرىدە پەيدا بولغان نامەلۇم تۈگۈرچەكنى كۆزى بىلەن كۆردى بۇ ئاق ۋە يوچۇن مونەك، بابا ئاۋۇ ئادەمنىڭ غالجىرلىقى تۇتقانسېرى تىترەشكە باشلىغاندى. ئەمدىلىكتە بۇ مونەك ماشىنا چاقلىرىنىڭ ئېغىر-بېسىق تەنتەنىلىك قوزغىلىشى بىلەن تەڭلا سىلكىنىشكە باشلىدى. ھەربىر سىلكىنگەندە ئۇ مونەكنى قاپلىۋالغان بىرخىل كۆرۈمسىز، غۇۋا ئاقلىق پارچىلىنىپ تۆكۈلەتتى. ياش شوپۇر پەقەت شۇ چاغدىلا بۇ مونەكنىڭ خۇددى بىر قەۋەت موم ياكى شام بىلەن قاپلانغان دورا كۇمۇلچىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت بايقاپ قالدى. ئەمدىكى ھەربىر سىلكىنىشتە ئۇ مونەكنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغان بايىقى ئاق شاكال پارچە-پارچە بولۇپ قومۇرۇلۇپ چۈشۈۋاتاتتى. ياش شوپۇر گازنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ باستى. ئاق شاكال تېخىمۇ چوڭراق پارچە بولۇپ، تېخىمۇ تېزرەك تۆكۈلدى. شوپۇر بىردىنلا ئۇ مونەكنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان نەرسىنى ئاپئاشكارا كۆردى. ئۇ بىر سەندەل ئىدى. تۆمۈرچىنىڭ كونىرىغان، قارايغان، يۈزى جىجالغان، سەندىلى ... ئۇ تولىمۇ ئېغىر، قۇيما ھالەتتىكى سەندەل ... ياش شوپۇر ھاڭ-تاڭ قالدى. ئۇنىڭ مېڭىسىنى قامالىۋېلىپ، ئۇنى بىر خىل يېرىم بىھوشلۇق ھالىتىدە ئازابلىغان ئاقلىق — قويۇق ئاق تۇمان بىردىنلا تارقاپ مېڭىسى سەگەكلىشىپ، كۆز ئالدى روشەنلىشىپ قالدى. ئۇ قاتتىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ ئۇدۇلىغا — قايچىسىمان چىراغ نۇرى ئىچىدە بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن سىلجىپ قار كۆرەپ كېتىۋاتقان ئاق مونەككە — ھېلىقى ياشانغان تۆمۈرچىنىڭ مۈكچەيگەن گەۋدىسىگە تىكىلىپ قالدى ...

ئۇلار شۇ تەرىزدە جان تالىشىپ، ئاخىرى سوغۇق ۋە غالجىر ئۆلۈمنىڭ قۇچىقىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋالدى. ئۇلار ئاچقان يول بىلەن قالغان 14 ماشىنىمۇ قاپچىغايغا چىقىۋالدى. شۇ قېتىمدا قورقۇنچلۇق قارلىق بوران قۇچىقىغا سەكرەپ چۈشۈپ قار كۆرەپ ماشىنىلارغا يول ئاچقان قېرى تۆمۈرچى — روزىكام ئەمەسمۇ ئۇنىڭ قولىقىنىڭ يېرىمى ئۈششۈپ قالدى. پۇتىنىڭ ئىككى تال بارمىقى ئۈششۈپ ئۈزۈلۈپ چۈشتى. 12-ماشىنىنىڭ شوپۇرى توڭلاپ ئۆلۈپ قالدى.

سەندەل ياپيالىڭاچ ئىدى. قىرلىرى ياق، پۈتۈن گەۋدىسى قورقۇنچلۇق دەرىجىدە مۇستەھكەم ئىدى. قىر بۇرجەكلىرى ئېنىق ئىدى. قارامتۇل قاتتىق يۈزىدە سان-ساناقسىز جىجاقلار، بېھىساب چوقۇرچاقلار بار ئىدى. بۇ چوقۇرچاقلار قۇمدەك ئۇششاق، ئىدى. سەندەلنىڭ يۈزى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر تەپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. تۇتقىلى، كۆرگىلى، پۇرىغىلى بولىدىغان بىر تەپ ... بۇ تەپ بىردىنلا قۇشقا ئايلاندى. كۆز ئالدىمدا قانات قېقىپ ئاسمانغا، كالوننىڭ ئاسمىنىغا كۆتۈرۈلدى-دە، غايەت زور ۋە مۇستەھكەم قاناتلىرىنى كەڭرىنچە بوشلۇقتا قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئوتلۇق قۇياش زېمىننى كۆيدۈرمەكتە ئىدى. ئۇ قۇشنىڭ قاپقارا مېتالدەك مەھكەم ۋە كېلەڭسىز قاناتلىرىنىڭ سايىسى، كالون قورۇسىدىكى نامرات، زېرىكەرلىك ئۆستىخانىلارنىڭ تاملىرىنى، كالوننىڭ ئالدىدىن قوي ھەيدەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چالنىڭ ئورۇق، ئەتىسىز دۈمبىسىنى، كالوننىڭ ئارقىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ قورۇسىدا خۇشال چۇرقىرىشىۋاتقان باللارنىڭ

چىلگىدەك باشلىرىنى، كالوننىڭ ئاشايىندىكى تېپىزغىنە ئېرىقتا ۋىلىقلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۈيى، كالوننىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۇۋادان تېرەكلەرنى، كالوننىڭ ئالدىدىكى جۈمەكتىن سۇ ئېلىشقا چىققان پەردازخور، كۆرەڭ، بىشەم، ئويۇنچى چوكانلارنىڭ قىممەت باھالىق كۆڭلەك - يوپكا، ياغلىقلىرىنى، ئۇلارنىڭ ھەۋەس ئوتىدا يېنىجاپ، چاقناپ تۇرغان سىدام پېشانىلىرىنى، كۆبىجۈك، قۇرغاق، تەشنا ۋە شوخ لەۋلىرىنى سىلاپ ئۆتتى، بۇ چوكانلار شوپۇرلارنىڭ چالا ساۋات خوتۇنلىرى، ئۇلارنىڭ جاپاكەش، ھەرقاچان ھارغىن ۋە ئاچ ئەرلىرى ئۇلارنى ئاشۇنداق ئويناشقا، باغ پاقلىنىدەك يايراپ ياشاشقا ئۆگەتكەن...

ھەممەيلەن ئاشۇ كۆيدۈرگۈ ئاپتاپتا ئۆز باشلىرىغا تالماس قاناتلىرى بىلەن راھەتلىك كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغان ھېلىقى قۇشنى كۆرمەيدۇ، بۇ ھەقتە ئويلاپمۇ قويمايدۇ... شۇنداق، ئۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قۇش، چۈنكى ئۇ ئەرۋاھ، ئەبەدىيلىكنىڭ كەچمىشىگە قونۇۋالغان قارا قۇش دېگۈدەكمەن...

ھەسەن پولۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ ياغاچ كوزۇپىدىكى سۇ نەقەدەر سۈزۈك؟ تازا سوغۇقتۇ - ھە؟! ئۇ نېمىشقا بارماق پاتقىدەك ئاراشلىرى بار كوزۇپقا سۇ قاچىلىغاندۇ بۇ ھەسەن پولۇ دېگىنىڭ؟! ئۇنىڭ قولىدىن كەپتۇ - ھە سېۋەتكە سۇ قاچىلاش... بىر كەمدە ھەسەن پولۇ ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى مۇز ئۈستىدە تېيىلىۋاتقاندەك، سىيرىلگەن پېتى ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كەلدى ۋە يەنە شۇنداق سىيرىلگەن پېتى ماشىنىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدا تۇرغان بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ، خۇددى قەلەندەرنىڭ ساپايىسىدەك تىزىق - تىزىق ھالقىلار ئۆتكۈزۈلگەن بىر ئوقەت ئىدى. تازا سىنچىلاپ قارىسام ئۇ ئەسلىدە روزىكام ئەمەسمۇنىڭ ھېلىقى ئەرمىكى ئىكەن. سىم بىلەن قاماپ - يۆگەپ ياسالغان، روزىكام ئەمەسمۇ بىر ئۆمۈر ھەپىلەشكەن نەرسە. ئەمدى بۇ ھەسەن پولۇغا قاپتۇ. ئۇ يېنىمغا كەلدى:

— مۇشۇ ئوقەت ئۆگىتىدۇ ھەممىنى! بىرگە بىرنى قوشۇشنى... يىغلىماي، قاقشىماي تىرىشمىساڭلا...! — ئۇ سەتكىنە ھىجايدى. مەن ئىزا ۋە غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم - دە، سەندەلدىن ئىرغىپ قوپۇپ، ئۆكچەم بىلەن يەرگە جان - جەھلىم بىلەن تەپتىم. پۈتۈمنىڭ ئاغرىقىدىن ئىڭراپ تاشلىدىم. ھەسەن پولۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى چىقمىدى دېگۈدەكمەن...

مەن ماشىنامنىڭ ئاستىغا ئۆمىلەپ كىردىم. رولۋاينىڭ سۇنغان تەگسى قىزىق تاشقا مەڭزىنى يېقىپ كۆشۈرۈپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ھالىتىدىن بىر خىل كۈتۈش، چارىسىزلىك، ئويۇلۇش، تاقەتسىزلىكتىن پەيدا بولغان گومۇشلۇق چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىغا سەپسالدىم. ئۇ ماڭا تونۇشسىز ئىدى. ئەمدى قارىسام ئاددىي، لېكىن غەلىتىلا نەرسە ئىكەن - ئۇ...

— ئاناڭنى كالا باش!

مەن شۇنچىلىكلا قىتقىلغانغا سۇنۇپ كېتىدىغان مۇشۇنداق يارىماس ئوقەتنى لايىھىلەپ چىققان قاباقباش ئىنژېنېرلى تىللىدىممۇ ياكى ئۆزۈمنىمۇ، بىلمەيتتىم. ئەندى

مۇشۇ ئەرزىمەس ئوقەتنىڭ كاشىلىسى بىلەن كالونغا ۋاقتىدا يېتىپ بارالماي، ھەسەن پولۇدەك لېمىلەرنىڭ كۆلكىسىگە قالامدىم؟ تىت - تىت بولغىنىمدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ تىنالماي قالدىم.

لاۋۇلداپ ياتقان چۆل چېتىدىكە كۆز يەتمەيدۇ. دەشت ھاۋاسى گۈركىرەپ يانماقتا، جاھاننى تۇمان قاپلىۋالغان. بۇ تۇمان يالقۇن رەڭگىدە - قىزغۇچ، سېرىق. ئىسسىق دەستىدىن ئۇتۇقۇپ كەتكەن زېمىن، چوغ يالىلداپ ياتقان بىھېساب ساي تاشلىرى ئاشۇ قويۇق، قېلىن ۋە قىزغۇچ تۇمان قوينىدا ئۈنسىز يىغلايدۇ. يولنىڭ چېتىدىكى تاقىر تاغ كۆيدۈرگۈ تۇزان قوينىدا غەمكىن لوغۇلدايدۇ. سان-ساناقسىز، چېكىم-چېكىم زەررىچىلەر زېمىندىن كۆككە، كۆكتىن تاغقا ئاندىن كۆرۈمسىز ئوڭغۇل - دوڭغۇل توپا يولغا تىنىمسىز جىمىرلاپ شۇڭغۇيدۇ. ئېغىر ئالغان جاراھەت ئاغرىقىدەك قىپقىزىل شەلۋەرەپ تۇرغان چۆل قۇياشى زېمىنغا قىزغۇچ تۇمانلىق، كۆيدۈرگۈ تەپ پۈركۈيدۇ. ئىچىمدىن تېپىۋاتقان ۋە تېگىمدىكى يەردىن ئۇرۇۋاتقان قىزىللىقتىن ئەتىيېنىم چىرىسلاپ تۇتىمەكتە. كۆزۈم چىڭقىلىپ خىرەلەشتى. شۇ تاپتا كۆزۈمگە ئاشۇ قىزغۇچ تۇماندىن ئۆزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. بۇ قىزغۇچ سېرىق تۇمان مېڭەمنىڭ ئىچىنىمۇ چۇلغىۋالغان، ھەتتا قۇلىقىمنىڭ ئىچكىرىسىدىكى يېقىمسىز غوڭۇلداشمۇ قىزغۇچ سېرىق...

يەنە ھوشۇمدىن كېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن لېۋىمنى كۈچ بىلەن چىشلەپ، جەينەكلىنىپ ئۆرە ئولتۇردۇم. لەۋلىرىم مەدەكتەك يىرىلىپ ئىدى. بىر چاغدا ئاغزىمغا بىر خىل تۇزلۇق ۋە قىزىق سۇيۇقلۇق قۇيۇلغاندەك بولدى. قولۇمنىڭ دۈمبىسىدە لېۋىمنى ئېرىتتىم. بەك قاتتىق چىشلىگىنىمدىن لېۋىم قاناپ كېتىپتۇ. مەن ئاغزىمنى سۈرتۈۋېتىپ، ماڭا قاراپ كۆشۈرۈپ ياتقان رولۋاي تەگىسىگە ئۆچمەنلىك نەزەرىدە تىكىلدىم. بۇنداق كۈتۈپ يېتىۋېرىشكە بولمايتتى. ۋاقىت ئاستا، لېكىن تەرسالىق بىلەن توختىماي ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەتە كالون بەلگىلەپ بەرگەن مۆھلەت توشىدۇ. يەنە تېخى مىڭلاپ كىلومېتىرلاپ يول مېڭىشىم كېرەك. ماشىنامنىڭ ئەھۋالى بولسا مانا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇشنىڭمۇ قانىتى كۆيۈدىغان بۇ ۋەيلۇن دوزاختا يېرىم بىھوش ھالدا ياتىمەن...

بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ تونۇكۈندىن بۇيان ئاغزىمغا ھېچ نەرسە سالمىغىنىم ئېسىمگە چۈشتى. قورسىقىممۇ ئۇنچىلىك ئېچىپ كەتمىدى. لېكىن ماغدۇرسىز ئىدىم. بولۇپمۇ تەشنالىق مېنى بەكرەك قىيناۋاتاتتى. مەن ئورنىمدىن دەلدۈگۈنۈپ قوپۇپ كابىنكىغا چىقتىم ۋە سۇدانىنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم. ئازلا سۇ بار ئىكەن. بۇ سۇ ھېلىلا قاينىتىلغاندەك قىزىپ كېتىپتۇ. سۇدىن غورتۇلدىتىپ ئىچتىم. سۇ ئىسسىقتا ئۇزۇن تۇرۇپ قالغىنى ئۈچۈن كۆلچەكتىكى توختام سۇدەك قاڭسىلىشىپ قاپتۇ. بۇ پۇراق كۆڭلۈمگە تېگىپ ئىچى-قارنىمنى ئاختۇرۇۋەتتى. مەن ياندۇرۇۋەتمەسلىكىم ئۈچۈن قولۇم بىلەن ئاغزىمنى مەھكەم ئېتىۋالدىم. ئۈستىخانلىرىم سىرقىراپ ئاغرىيتتى. مەن پۇتلىرىمنى كابىنكا پولىغا سوزۇپ، ئۆزۈمنى سېدىنلىككە تاشلىدىم، شۇ ھامان ھوشۇقۇمغا قاتتىق بىر نەرسە

تېگىپ زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. مەن ئاغرىقنىڭ زورىدىن ئېسىمنى يىغىپ، پۇتلىرىم-
منى تارتىشتۇرۇپ پولغا ئېگىشتىم. قارىسام 24 سۇڭگۇق چوڭ رازمېرلىق كولۇچ-نىڭ
قولۇپى ھوشۇقۇمغا تەگكەنىكەن. مەن كولۇچقا ئاچچىقىمدا تىكىلدىم. شۇ دەقىقىدە
ئۇشتۇمتۇت ۋۇجۇدۇمدا ئاجايىپ بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. نېمىشقىدۇر شۇ كولۇچقا
قارىغانسېرى قارىغۇم كېلىۋەردى. بېرىپ-بېرىپ ھېلىقى تۇيغۇ كاللامدا روشەنلىشىپ
بىر ئۇقۇمغا ئايلاندى. قارىسام كولۇچنىڭ ئاغزى بېلىقنىڭ ئاغزىغا ئوخشايدىكەن. كولۇچ-
نىڭ بېشى تەرەپ ياپىلاق ۋە چوڭ، دەستىسى ئۇزۇن ۋە تار ئىدى. كولۇچنىڭ قېلىن-
لىقى دەل بېلىقنىڭ كالپۇكىغا، قولپىسى بولسا بېلىقنىڭ سۇزگۇچىگە ئوخشايتتى.
ئۇنىڭمۇ بېلىقنىڭكىدەك بويىنى يوق ئىكەن. مەن داۋاملىق كۆزىتىۋەردىم، ئۇنىڭ
قىرلىق گەۋدىسى باشتىن-بويىغا ئوخشاش كەڭلىكتە بولۇپ، تۆۋىنىدە باش بارماق
پاتقۇدەك بىر تۆشۈك بار ئىكەن، بۇ تۆشۈكنى نېمىشقا ياساپ قويۇشقانىكىن؟ ئادەتتە
كولۇچ ئىشلەتسەك ئۇ تۆشۈكنىڭ ھېچقانداق رولى بولمايدۇ. بەلكىم قوزۇققا ئىلىپ
قويۇشقا ئەپلىك بولسۇن دېيىشكەن بولسا كېرەك... توختا، مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەت-
تىم، بايىقى غەلىتە تۇيغۇنى يوقىتىپ قويىماي يەنە... ھە... تاپتىم، بېلىق، توغرا بېلىق، ئۇنىڭ
ئاغزى ئېچىلغان، خۇددى ۋارقىراۋاتقاندەك، ماڭا نېمىنىدۇر چۈشەندۈرمەكچىدەك قىلىدۇ،
لېكىن ئاۋازى چىقمايدۇ، ئۆزى جەينەكچىلىكلا بار، ئاغزى بولسا ئىنتايىن يوغان.
نېمە؟ توختاپتۇر، بايا نېمە دېدىڭ؟ نېمىچىلىك؟ جەينەكچىلىك توپتوغرا، جەينەك-
چىلىك، جەينەك، جەينەك... جەينەك! مەن ھودۇقىنىمدىن تىترەپ كەتتىم. چېكەمنى
مۇزدەك تەر باستى. جىددىيلەشكىنىمدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. ھە، ئەمدى
تاپتىم، تەپەككۇرىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىدىكى قويۇق، قېلىن ۋە قىزغۇچ سىرلىق تۇماندىن
ئىچىدىن بىر سۆز — شۇ تاپتا مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەرقانداق بەدەل تۆلىسەم ئەر-
زىيدىغان دەرىجىدە ئەھمىيەتلىك بىر سۆز ئاستا-ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ۋە مېنىڭ
كۆز ئالدىمدا قىپيالىڭاچ ۋە ئۆز ئەينى بىلەن ئاپئاشكارا جۇلالاندى — جەينەك!
جەينەك! توغرا جەينەك ياشاپ كەت، جەينەك دېگەن سۆز...! مانا ئەمدى
چۈشەندىم، بايا كولۇچ ماڭا مەن جەينەك! دەپ ۋارقىرىغانىكەن. ماڭا ئاڭلىتالماي،
ماڭا چۈشەندۈرەلمەي تىت-تىت بولۇپ زارلىغانىكەن. تەپەككۇرىمنىڭ ھەرىكىتىگە
رىغبەت بەرگەنىكەن. مەن بايا ئۇنى بېلىققا ئوخشاتقاندا بېلىقنىڭ سۇنىڭ تەكتى-
گە قاراپ شۇڭغۇغان ھالىتىنى كۆرگەنىكەنمەن ۋە نەتىجىدە مېنىڭ تەپەككۇرۇم
ئاشۇ بېلىق دېگەن تەسەۋۋۇرغا ئەگىشىپ چوڭقۇرلاپ تىنىتىپ يۈرۈپ ئاخىرى «جەي-
نەك» دېگەن بۇ ئاجايىپ قىممەتلىك سۆزنى بايقاپ چىققانىكەنمەن. توغرا، كولۇچ-
نىڭ ئاغزى بېلىقنىڭ ئاغزىغا ئوخشاش چوڭ ئىدى. ئۇ ئېچىلىپ-يېپىلالايتتى.
ئۇ دەلمۇدەل بېلەكتەكلا بار ئىدى. ئۇنىڭ باش بىلەن گەۋدىسى بىر تۇتاش ئىدى.
دەستىسىدە تېخى بىر تۆشۈك بار ئىدى. بۇ تۆشۈك ئۆلچەپ قويغاندەك دەل جايىغا
ئېچىلغانىدى — رولۋاي تەگسىنىڭ ئوقى دەل باش بارماقچىلىك، يەنى ئاشۇ تۆشۈككە
پاتقىچىلىك ئىدى. كولۇچنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى توپتوغرا جەينەك تەگسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى

بىلەن باراۋەر ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزى توغرا تەگمىنىڭ ئوقىنى چىشلىيەلەيتتى. مانا مېنى هالاكەت قوينىدا ئىزتىراپ قىلغان جەينەك تەگمىنىڭ رولىنى ئوينىيالايدىغان بىر جەينەك تەگە ئالدىمدا جىلمىيىپ تەبەسسۇم قىلىپ يايراپ تۇرىدۇ، مېنى كۈتىۋاتىدۇ...!

مەن پولدىكى كۈلۈچنى يۇلۇپ دېڭىزدەك ئالدىم - دە، كابىنىكىمدىن سەكرەپ چۈشۈپ سېدىنىلىكنى قايرىپ، لازىملىق سايمانلارنى ئالدىم. بىر يۈگەم سىم، بولىقا، ئامبۇر، يەنە... بولدى، باشقا هېچ نەرسىنىڭ كېرىكى يوق!

مەن ماشىنامنىڭ ئاستىغا ئۈمىلەپ كىردىم - دە، ئىشنى باشلىۋەتتىم. كۈلۈچنىڭ تۈشۈكىگە رولۋاي ئوقىنى ئۆتكۈزۈپ، سىم بىلەن مەھكەم چېتىۋەتتىم. توغرا تەگمىنىڭ بېشىنى كۈلۈچنىڭ ئاغزىغا توغرىسىغا چىشلىتىپ، ئۇنىمۇ سىم بىلەن تېڭىۋەتتىم ۋە توغرا تەگىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىم باغلاپ، ئۇنى رادىئاتورنىڭ تەگلىكىگە ئېسىپ قويدۇم، بۇنىسى رولۋاي تەگىنىڭ يەردە سوزۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى... نەچچە قېتىم رامغا ئۇسۇۋالدىم. بارماقلىرىمنى سىم تىتىپ قانىتىۋەتتى. ئۈچلۈق ۋە تىغدەك ئۆتكۈر تاشلار تىزلىرىمنى، جەينەكلىرىمنى جىجاپ تىلىۋەتتى. بۇلارنىڭ هېچقايسىسىنى سەزمەپتىمەن.

ئاخىرى پۈتتى. مەن ماشىنىنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ سايمانلىرىمنى يىغىشتۇردۇم - دە، كابىنىكىغا چىقىپ ماتورنى ئوت ئالدۇردۇم. ماتور ئاسانلا ئوت ئالدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خۇشاللىق، تەنتەنە جەۋلان قىلاتتى. لىگوچكا خۇشاللىقىدىن ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. پۈتۈن ماشىنا گەۋدىسى بىر هاياجان ۋە قانائەت ئىلكىدە تىترەيتتى. ئۈلۈكتەك سوزۇلۇپ ياتقان تىمتاس چۆل مېنىڭ ماشىنام ياڭرىتىۋاتقان تەنتەنىلىك ۋە غالىب سادادىن، ئەمگەك ۋە ئەقىلدىن بەلگە بېرىۋاتقان جۇشقۇن ئاۋادىن بىر هاياتىي كۈچ ئېلىپ جانلىنىپ كەتتى...

خوت رىچاگنى توغرىلىدىم. ماتورنىڭ ئاۋازىنى خۇددى «ئەجەم» مەرغۇللاۋاتقان تەمبۇر ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بىردەم هۇزۇر قىلىپ ئاڭلىۋېتىپ، پېدالىنى ئاستا - ئاستا قويۇپ بەردىم. ئېغىر ماشىنا غىچىرلاپ قوزغىلىپ ئارقىسىغا ياندى. مەن كابىنىكىدىن گەۋدەمنى چىقىرىپ، ئارقا تەرەپنى كۆزەتكەچ ماشىنىنىڭ ئارقىسىنى چوڭ يولغا توغرىلىدىم. ماشىنا يول بويىدىكى ئېرىقتىن مىڭ تەستە چىقىپ، مەنزىل تەرەپكە توغرىلاندى. مەن كابىنكا كۆزنىكىدىن بايا ماشىنام يېتىپ قالغان بوشلۇققا كۆز تاشلىدىم. قاغجىرىغان يەر، كۆرۈنۈپ ياتقان تاشلار، بېلىق سىرتى بولۇپ سوزۇلۇپ ياتقان بىپايان چۆللۈك ماڭا، مېنىڭ ماشىنامغا هەيرانلىق ئېچىدە چەكچىيىپ قاراپ قالدى. چۆل ماڭا تېخىمۇ غەمكىن، تېخىمۇ يالغۇز، تېخىمۇ مۇڭلۇق كۆرۈندى، بىردىنلا ئاشۇ چۆلگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. مەن سېدىنىلىككە ياخشىراق جايلىشىۋالدىم - دە، ئۇ بىر پارچە يەرگە قاراپ ۋارقىرىدىم:

— خەير ئۆلۈم! خەير بىچارىلىك...! مەن ماشىنىنى مەنزىلگە قارىتىپ قويۇۋەتتىم، ئاپلا، هېلىقى ئادىمكامچۇ؟ ئۇنى كۈتمەي كېتىپ قالسام ئۇ كېلىپ قالسىچۇ؟ ياق...

ناھايىتى تېز قايىتتى دېگەندىمۇ ئەتە چۈشتە ئاران كېلەلەيدۇ، ئۇ كەلگىچە شۇ يېتىمشىدا كې- سەللىك، تەشنالىق ۋە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالاتتىمىكىن دەيمەن. ئۆزۈم سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، ھالىم بارغانسېرى پەسلەپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ كەلسە ماشىنا بىلەن كېلىدۇ، ئۇنى ئەكەلگەن ماشىنا ئۇنى ھەرگىزمۇ چۆلگە تاشلىۋەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جېنىم چىقىسىمۇ كالىۋىنىغا ۋاقتىدا بېرىشىم لازىم. ئۇنى ساقلىسام ئوتتۇندەك بىر كۈن زايا بولىدۇ، شۇ بىر كۈننى قولدىن بەرمەي زادى... نېمە بولۇپ كەتسەم، ئىگەكمىسا...! يول، ئەنە شۇ يولغا ئوخشايدىغان قوغۇنلۇقنىڭ چۆنكى. ماشىنىنىڭ قاقىمىغا ھەربىر چۈشۈشى جانغا جازا بولىدۇ...

تونۇردەك لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان پايانسىز دەشت باغرىدا بىر ئۆزۈم — تەنها ماشىنا — مىسىلداپ كېتىۋاتىمەن. توختاپ قالغاندىن ياخشىراق «يېتىپ قالغىچە، ئېتىپ قال!»... ئىككى سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئاران 30 كىلومېتىر يول يۈرۈپتىمەن!

ھېلىقى سۇنغان جەينەك تەگە ئورنىدا ئىشلىتىلگەن كۈلۈچقۇ بولدى، بىراق ھەر نەرسىنىڭ ئورنى باشقا-دە! كۈلۈچنىڭ رولۋاي تەگىنىڭ ئوقىغا ئۆتكۈزۈلگەن تۆشۈكى غولدۇرلاپ تۇراتتى. ئۇنى سىم بىلەن چاتاپ، يۆگەپ مۇقىملىغان بولسامۇ، ماشىنىنىڭ سىلكىنىشىگە ئەگىشىپ سىمنى قىستاپ، ئوقتىن قېچىپ چىقىۋالاتتى. بولۇپمۇ كۈلۈچ- نىڭ توغرا تەگىگە چىشلىتىلگەن ئېغىزى زادىلا تۇرغىلى ئۇنىمايتتى، ھە، دېسە تېيىلىپ ئاجراپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇنى پات-پات مۇقىملاپ چىڭىتىپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى. ئەڭ يامىنى، بۇ يالغان جەينەك تەگە بىلەن ئالدى چاقنىڭ تېز سىزىقتىكى مۇقىملىقى پۈتۈنلەي بۇزۇلغانىدى. چۈنكى ئۇ، ھەقىقىي جەينەك تەگىدەك بىر تۇرغۇدا مەھكەم ۋە مۇقىم تۇرمايتتى.

جەينەك تەگە سۇنغاندىن كېيىن، چاقلارنىڭ ئۆلچەملىك ئارىلىقى پۈتۈنلەي بۇزۇل- غانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يالغان جەينەك تەگە پۇلاڭلاپ تۇرغىنى ئۈچۈن چاقلار ئىككى تەرەپكە كېرىلىۋېلىپ، زادىلا تارتىلمايدىغان بولۇۋالدى. يول تۈز ۋە سىلىق بولغاندا ئىدى، ئۆلچەمسىز بولسىمۇ بىر ئارىلىقنىڭ مۇقىملىقىنى ئەپلەپ-سەپلەپ ساقلىۋالغىلى، ئاستا سۈرئەتتە ھەيدەپ ماڭغىلى بولاتتى... لېكىن يولنىڭ ئورنىدىكى بۇ چوڭقۇر چۆنەكلىكتە ئىككى تەرەپكە كېرىلىپ لاپچىيىۋېلىپ ئاران كېتىۋاتقان چاقلار ھەر بىر چۆنەككە چۈشكەندە رولنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماي، ئۆزى خالىغانچە تاش مايماق بولۇۋېلىپ تىرەجەپ تۇرۇۋالاتتى-دە، ماشىنا توختاپ قالاتتى. بۇنىڭغا بىردىن- بىر چارە كابىنكىدىن چۈشۈپ — روكايتكا بىلەن چاقلارنى قايچىپ يولغا توغرىلىۋېلىپ ئاندىن يەنە قوزغاپ ماڭماق ئىدى... شۇنداق قىلىپ 10 قەدەمدە بىر كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ چاق قايچىپ كېتىۋاتاتتىم.

چۆل كۆيمەكتە. ماشىنام كالا ھارۋىسىدەك قەدەمدە بىر توختاپ ئاران كېتىۋاتىدۇ. تىنجىقتىن كانىيىم بوغۇلۇپ، نەپەس ئېلىشىم بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كەتتى. تېنىم ئاتەش بولۇپ كۆيۈۋاتاتتى. بېشىم بارغانسېرى چىڭقىلىپ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغ- رىيتتى. يۈز-كۆزۈم ئېشىلىپ، ئۇتۇقۇپ، كۆزۈمنى ئاچالماي قېلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە


بابا ماشىنىنىڭ رولى ئۇنىڭ قولۇمنىڭ بېغىشىنى قايرىۋەتكەنىكەن. ئەمدىلىكتە بۇ قولۇمنىڭ بېغىشى مەشىنىڭ كارنىيىدەك ئىششىپ كەتتى. ھەر قېتىم رول ئۇرماق، بولۇپمۇ كابىنكىدىن چۈشۈپ روكايىتكا بىلەن ئېغىر ۋە كېلەڭسىز چاقلارنى قايىچىماق ماڭا ئۆلۈم ئازابىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. سول پۇتۇمنىڭ قىڭراق سۆڭىكى بىلەيدەك كۆكىرىپ بۆرتۈپ چىقىپتۇ. بابا ماشىنا ئېلىپ قاچقاندا رولۋاي چېتىق بولتىسىغا تەگكەنىدى. بولۇپمۇ تەشنالىق بەك قىينىماقتا ئىدى. سۇدان ئاللىقاچان قۇرۇقدىلىپ تاراڭشىپ قالدى. كالپۇكلىرىم چاك-چاك يېرىلىپ قوۋزاقلىشىپ كەتتى. تامىقىم قۇرۇپ كۆيىدۇ. كابىنكىدا رولغا تايىنىپ ئارانلا ئولتۇرىمەن. ماشىنام بىچارىلەرچە غىڭشىپ قېقىلىپ، ئىغاڭلاپ ئاران كېتىۋاتىدۇ. يەرۇ-ئاسمان قىپقىزىل بولۇپ لاۋۇلدايدۇ، نە بىر تال دەرەخ، نە بىر ئۇچار قانات، نە بىر ھەرىكەت بولسا كاشكى. چۆلنىڭ جىمجىتلىقى كىشىنىڭ يۈرىكىگە ئۆلۈم قورقۇنچىنى سالىدۇ. مەن بارغانسېرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىمنى زورغا ئېچىپ، چۆلنىڭ نېرىسىغا تىكىلىمەن. كۆزۈم يەتكەن ئارىلىقنى ئۆلۈم ھودۇقۇشى ئىچىدە زورۇقۇپ ئاختۇرىمەن... سۇ! سۇ! ھايات... ئىچىمدىن پارتلاپ چىقىۋاتقان بۇ قورقۇنچلۇق سادادىن يۈرىكىم تىترەيدۇ، قۇلاق-مېڭەم زىڭىلدايدۇ، ئەسەبلىرىم قاقشايدۇ. بۇ ساداغا لاۋۇلداپ كۆيۈپ ياتقان پايانسىز دەشت، قاغجىراپ ياتقان ئادەم بېشىنىڭ سۆڭىكىدەك ساي تاشلىرى جاۋاب بەرمەيدۇ، پەقەت ئاشۇ مەككار چۆل ئالۋۇنى كۈلىدۇ، جىمىرلايدۇ، قورقۇنچلۇق دەشت جىملىقى تېخىمۇ ئېغىر ۋە تەمكىن ۋەزىن بىلەن سېنى ئورايدۇ، سىقىدۇ، كانىيىڭنى بوغىدۇ...

ياپېشىل، باراقسان باغۇ ئېرەم، سۈپسۈزۈك زىلال سۇ، قىزىرىپ مەي باغلىغان مېۋىلەر، چاڭىلداپ سايراۋاتقان گۈزەل قۇشلار... ئۇ يەردە بىر ئەركەك بىلەن بىر ئايال سەيلى قىلىشىپ يۈرۈشىدۇ دېگۈدەكمەن. ئۇلار ئانىدىن تۇغما پېتى. ئۇلارنىڭ تولغان، ھاياتى كۈچى ياشناپ تۇرغان سىلىق ۋە ئاپئاق تەنلىرى مەرمەردەك يالتىرايدۇ، نۇر تۈۋرۈكىدەك لوغۇلدايدۇ. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى زەيتۇن يوپۇرمىقىدا يېپىپ ئالغان. ئۇلارنىڭ ئۈسكىلەك، بۇدۇر چاچلىرى يالىڭاچ يەلكىسىدە شارقىراتمىدەك يېيىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار شۇ قەدەر غەمسىز، خىرامان ۋە ئەركىن... ئۇلارنىڭ تېنىچ كۆڭلىنى ھايات ئىشتىياقى ۋە ھەۋەس ئوتلىرى ئاۋۇندۇرىدۇ، غۇلغۇيىغا سالىدۇ. ئۇلار شۇ ئىزتىراپلىقتا ئايىغى ئاستىدا ئېقىپ تۇرغان سىزىزۇك سۇلارغا، يان-يېنىدا سېلىنىپ تۇرغان شېرىن-شەربەت مېۋىلەرگە قاراپمۇ قويۇشمايدۇ. ئۇلار شۇ دەمدە بىر-بىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئوۋلاش بىلەن ئاۋارە... ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئىزدەك سۇدىن قېنىپ-قېنىپ ئىچىشمىگىنى قىزىق، ئاشۇ شېرىن-شېكەر مېۋىلەردىن ھوشىدىن كەتكىچە يېمىگىنى قىزىق...

بىر كەمدە ئايال نازۇك قولىنى سوزۇپ، نېمىشقىدۇر ئۆپچۆرىسى تىكەن بىلەن چىتلاپ قويۇلغان بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخىنى ئېگىپ، باشاقىسمان ھال رەڭ مېۋىدىن بىر تال ئۈزدى ۋە ئەركەككە ئۇزارتتى. ئەركەك دىلىغۇل بولدى. چۈنكى بۇ مېۋە مۇشۇ ئىرەمدىكى شۇنچە كۆپ مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە يېيىش چەكلەنگەن تىكەن بىلەن چىتلانغان بىردىنبىر مېۋە دەرىخىنىڭ مېۋىسى ئىدى. ئەركەك تاقىلداپ تۇرغان

نەپەسىنى بېسىپ، بېشىنى بۇرىۋالدى. ئايال قولىدىكى مېۋىنى ئۆزى بىر چىشلىدى - دە، قالغان يېرىمىنى ئەركەكنىڭ لېۋىگە تەگكۈزدى، ئەركەك بۇ قېتىم ئويىلاپ تۇرمايلا مېۋىنى چىشلەپ سالدى. شۇ ھامان ئاسمان - زېمىن ئاغدۇرۇلغاندەك بولدى. دەھشەتلىك گۈلدۈرماما سادالىرىدىن تاغلار ئۆرۈلدى. باغلار غايىب بولدى، ئۇ ئىككىسى قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. بىر كەمدە ئۇلارنى دەھشەتلىك قارا بوران ئورىۋالدى - دە، ئىككى تال پاخالنى ئۇچۇرغاندەك كۆتۈرۈپ، قىپقىزىل تۇمان ئىچىگە تاشلىدى. ئۇلار ئاشۇ تۇمان ئىچىدە ئازاب بىلەن تىركەشتى. بىر چاغدا قارا بوران ياندى. ئۇلار كۆزىنى ئېچىشتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار ئوت - ئاتەش بولۇپ لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان پايانسىز تاقىر دەشتتە يېتىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا نە بىر تال گىياھ، نە بىر تامچە سۇ، نە بىر ھەرىكەت يوق ئىدى. ئۇلار ياتقان يېرىدىن تىرمىشىپ قوپۇشتى ۋە بىر - بىرىنى يۆلىشىپ، پايانسىز دەشتنىڭ باغرىدا مۈدۈرۈپ - چوتۇرۇپ ئاران كېتىپ بارغان ماشىنامنىڭ ئالدىغا ئېلەڭ - سېلەڭ ھالدا ھالسىز قەدەم تاشلىشىپ مېڭىشتى. ئۇلار يىراقتا، كۆز يېتىم يەردە ئاران - ئاران قىمىرلاۋاتاتتى. بىر ئەركەك، بىر ئايال. ئۇلار مەن تەرەپكە قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى ۋە يىقىلىپ - قوپۇپ ماشىنامنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى.

ئۇلار يېقىنلاپ كەلدى، بىر ئەركەك ئايالنى يۆلىۋالغانىدى. ئەركەك ھاياجانىدىن جولۇقۇپ، ماشىنا تەرەپكە ئىنتىلىپ ئايالنى قويىۋېتىپ ماڭا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ قورقۇپ كەتكەندەك جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ كەلمەكتە ئىدى: ئۇ ھاسىرايتتى. ھۆمۈدەيتتى. ۋارقىراشقا قۇربى يەتمەي دېمى كېسىلىپ بوغۇلاتتى. بىز توپا يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچراشتۇق. ئۇ مېنى قېچىپ كېتەمدىكىن دەپ توپتوغرا ماشىنامغا قارشى يۈگۈرۈپ كەلگەنىدى. مەن ماشىنىنى چەتكە تارتىپ توختاتتىم ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە كابىنكىدىن چۈشتۈم. ئۇ ئادەم ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، ئايىغىم ئاستىغا پالاققىدە يىقىلدى. مەن ئۇ ئادەمنى دەررۇ يۆلەپ تۇرغۇزدۇم. چەت ئەللىك ئىكەن. پەقەت نېپىز ۋە يەڭسىز مايكا بىلەن كالتە ئىشتان كىيىۋاپتۇ. توپا - تۇماننىڭ دەستىدىن باش - كۆزىنى كۆرگىلى بولماي كېتىپتۇ. 50 — 55 ياشلاردا بولسا كېرەك، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراقمىكىن. ئۇ ئادەم تومۇز كۆيدۈرگىنىدە خۇددى مۇزلاۋاتقاندەك غال - غال تىترەيدۇ. كۆپكۆك كۆزلىرى خىرە ۋە ياشلانغان، پايىنەك بېشىنىڭ چۆرىسىدىكى شالاڭ ۋە سېرىق بۇدۇر چاچلىرى ئاغرىق ئاسلاننىڭ تۈكىدەك جانسىز ۋە كۆرۈمسىز. ھېلىلا پاڭگىدە ئېتىلىپ يىغلىۋېتىدىغاندەك لەۋلىرى ئۆمچىيىپ تۇرىدۇ... ئۇ مېنىڭ بىلىكىمگە مەھكەم ئېسىلدى - دە، ئۆرە بولدى. ئاندىن بىر نېمىلەرنى دەپ كالدىرلاپ، ماڭا ھېلىقى ئايال تەرەپنى كۆرسىتىپ ئىشارە قىلغىلى تۇردى. قارىسام ھېلىقى ئايالمۇ دەلدۈگۈنۈپ - دەلدۈگۈنۈپ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ سەل نېرىسىدا چەت ئەلدە ئىشلەنگەن بىر پىكاپ ئاغدۇرۇلۇپ ياتىدۇ. ئاڭغىچە ھېلىقى ئايالمۇ ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى. قارىسام 26 — 28 ياشلاردا ئىكەن. ئۇمۇ كالتە ئىشتان بىلەن يەڭسىز مايكا كىيىۋاپتۇ، كېلىشكەن كۆكسى بىلەن ئاپئاق يوتىسى لىغىرلاپ



تۇرنىدۇ. ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. چىرايى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ كېتىپتۇ، خېلىدىن بېرى ئۇسسۇز قالغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭمۇ كالپۇكى قوۋزاقلىشىپ، كالپۇكىنىڭ يوياقلىرى ئۆچۈپ بوزۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ نېمىلەرنىدۇر دەپ ھالسىز پىچىرلايدۇ. دۇئا - تىلاۋەت قىلىۋاتقاندەك چوقۇنۇپ، باش ۋە مۇرىسىگە ئۆزمەي كرېست بەلگىسى سىزىدۇ...

بىز پىكاپنىڭ يېنىغا كەلدۇق، پىكاپ يولنىڭ چېتىدىكى بارخانغا بېشىچىلاپ تىقىلىپ ئۈگدا ياتاتتى. ماشىنىنىڭ ئەينەكلىرى چۇل - چۇل بولۇپ كېتىپتۇ. ئالدى چاقى لاكاسلاپ قاپتۇ. قارىغاندا بەك تېز ماڭغاچقا، ئاشۇ چاقنىڭ بارابان ئوقى ئۇشتۇمتۇت سۇنۇپ، يولدىن ياڭزاپ چىقىپ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپتۇ. مەن پىكاپقا ئوت كەتمىگىنىگە ھەيران بولدۇم، ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپتۇ... «جۇڭگو - ئامېرىكا تارىم نېفىت قىدىرىش ئېكىسپېدىتسىيەسى» دېگەن خەتنى ئاران يامىداپ ئوقۇدۇم. ھېلىقى ئەركەك كالتا ئىشتىنىنىڭ ئارقا يانچۇقىدىن بىر خۇرۇم تاشلىق كىنىشكىنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. قارىغاندا ئۇلارمۇ بىزنىڭ كىنىشكىسى يوق ئادەمدىن قورقىدىغىنىمىزنى بىلىۋالغان ئوخشايدۇ. قارىسام كىنىشكىدا بۇ ئادەمنىڭ سۈرىتى بار ئىكەن. ××× رايونىنىڭ مەسئۇل باش ئىنژېنېرى ××× دەپ يېزىلىپتۇ. مەن كىنىشكىنى ئۇنىڭغا

قايتۇرۇپ بەردىم. ھېلىقى ئايالمۇ كىنىشكىسىنى تەگلىگىلى تۇردى، مەن ۋاي بولدىلا،
دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلىپ، ئۇنىڭ كىنىشكىسىنى ئالغىلى ئۇنىمىدىم ۋە ئىشەنگەنلىكىمە-
نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۈلۈمسىرەپ باش ئىرغىتتىم. مېنىڭ كۈلگىنىمنى كۆرۈپ
ئۇلارنىڭمۇ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى ۋە تۇرۇپلا بىر - بىرىگە سۆز بەرمەي كالدىرلىشىپلا
كەتتى. ئۇلار نېمە دەيدىغاندۇ؟ مەن مۇشۇ ھالىمدا ئۇلارغا نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟
ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمىگىنىم ئۈچۈن كۆزۈمنى پارقىرىتىپ بىردەم قاراپ تۇردۇم ۋە
ئاخىرى تەگقىس بولۇپ غولۇمنى قورۇپ قويدۇم. مەن چەت ئەل تىلى ئۇياقتا تۇر-
سۇن، خەنزۇ تىلىنىمۇ ئۇنچىلىك راۋان سۆزلىيەلمەيتتىم. مەن ئىلاجىسىز ئىشارەتكە
ئۆتتۇم. ئۇلار مېنىڭ نەگە بارىسىلەر؟ دېگىنىمنى چۈشىنىپ، مەن كېتىۋاتقان تەرەپنى
كۆرسەتتى ۋە مېنىڭ ماشىنامنىڭ كابىنكىسىنى ئىشارەت قىلدى. ئۆزۈم سوراپ قويۇپ
ئاخىرىدا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي قالدىم. چۈنكى ماشىنامنىڭ ئەھۋالى
ھېلىقى ئىدى. ئەركەك مېنىڭ جىمىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلەنگەندەك بولۇپ
كابىنكامنى يەنە كۆرسەتتى ۋە بىر نېمە يېگەننى دوراپ، ئاغزىنى
ئىما قىلدى. ئۇ يەيدىغان نەرسە سوراۋاتامدىغاندۇ، مەن خىجالەت ئىچىدە بېشىمە-
نى چايقىدىم. ئۇ مېنى چۈشەنمىدى دەپ ئويلىدى بولغاي، يۈگۈرۈپ بېرىپ، ماشىنامنىڭ
كابىنكا ئىشىكىنى ئېچىپ، كابىنكىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى ۋە بىردىنلا ئالتۇن تېپى-
ۋالغاندەك ۋارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىدا مېنىڭ سۇدانىم تۇراتتى. ئۇ سۇداننى كۆتۈ-
رۈپ ئايالىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئايال ئالدىراپ - تېنەپ سۇداننىڭ ئېغىزىنى
ئېچىپ ئاغزىغا ئاپاردى. شۇ چاغدا مېنىڭ يۈرىكىم چىممىدە قىلىپ قالدى. سۇداندا
بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى. مەن بىرەر گۇناھ قىلىپ قويغاندەك بېشىمنى سىلىپ ئول-
تۇرۇپ قالدىم. ئايال ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئىڭراپ تاشلىدى. ئەركەك بولسا دەرمانسىز-
لانغاندەك بولۇپ لوككىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئورۇق قوللىرى پايىنەك بېشىنى
مەھكەم قامالالىۋالغاندى. ئايال يىغلامسىراپ كىچىك بالىدەك ئۈمچەيدى. ئۇسسۇزلۇقتىن
ئۆلەي دەپ قالغانىكەن بىچارىلەر... ئاھ خۇدا! ئۇلارنى مەندەك چارىسىزگە يولۇقتۇرغى-
چە، ئۇلارنىڭ تەشنالىقىنى نېمىلا قىلىپ بولسىمۇ قاندۇرالايدىغان بىرىگە يولۇقتۇرساڭچۇ؟
ئايال خىتىلداپ يىغلىۋەتتى. ئارىمىزدىكى كەيپىيات تولىمۇ ئازابلىق ئىدى. مەن
تېخىمۇ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىم. پۈتۈن ئەزايىم چىمىلدايتتى. شۇ تاپتا قولۇمدىن
كەلسە، ئۇلار ئۈچۈن قېنىمنى ئېقىتىپ بېرەر ئىدىم. لېكىن قان دېگەن ئىچىدىغان
نەرسە ئەمەس - تە!

بىركەمدە ئەركىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ «كورلا! كورلا» دېدى ۋە ئۆ-
زى بىلەن ئايالىنى كۆرسىتىپ ماشىنامنى ئىما قىلدى. دېمەك ئۇلار مېنىڭ ماشىنامدا
كېتىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭغا سوراش كېتەمدۇ؟ ئۇلارنى شۇ ھالدا بۇ
ئۆلۈم ئويپانىدا قالدۇرۇپ قويۇپ كېتەلەمدىم؟ لېكىن... ياق! نېمە بولسا بولسۇن، باشقا
كەلگەننى تەڭ كۆرەرمىز... مەنمۇ ئۇنى دوراپ «كورلا!» دېدىم ۋە رازى بولغىنىمنى
بىلدۈرۈپ بېشىمنى ئىرغىتتىم. ئاندىن ئۆيۈلۈش، تەگقىسلىق ئىچىدە ساڭگىلاپ تۇرغان

رولنۋاي تەگىنىسىگە قاراپ قويىدۇم. ھېلىقى ئەركەك دەسلىپىدە خۇشال بولىغانىدەك قوللىرىنى ئىشقىلاپ، ئايالغا تەسەللى بەرگەندەك بىر نېمىلەرنى كالدىرلىدى. بىر چاغدا ئۇ ماشىنامنىڭ ئاستىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئالامەتنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئوقچۇپ قوپۇپ ماشىنامنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى. ئۇ دەسلەپتە ھەيرانۇ - ھەس بولىغىنىدىن دۈپ دۈگىلەك بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن دەم ماشىنامنىڭ تېگىگە، دەم ماڭا لەپ - لەپ قاراپ ئاغزىنى ھاڭدەك ئاچقىنىچە قېتىپ قالدى. ئاندىن ئۇشتۇمتۇت پۈتۈن بەدىنىنى سىلكىتىپ، بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەنمۇ كۈلدۈم. يىغلاۋاتقان ياش ئايالمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەيران بولغاندەك ئىككىمىزگە چەكچىيىپ قاراپ قالدى. ئەركەك ئۇنىڭغا ھېلىقى يەرنى ئىما قىلدى. بىر كەمدە ئايالمۇ بوشقىنا ئىڭراپ كۈلۈۋەتتى. ۋۇجۇدۇم ئاشۇ كۈلكە بىلەن نېمىشقىدۇر سەل يەڭگىللىگەندەك بولدى. ئەزايىمدىكى ئاغرىقنىمۇ ئۇنتۇدۇم. مەن ئورنىمدىن قوپۇپ ئۇلارغا بېشىم بىلەن كابىنە كىنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلدىم. ياش ئايالنىڭ كۆزلىرىدە قوتۇلۇش خۇشاللىقى ئوينايتتى. بۇ مەن بايقىغان تۇنجى خۇشاللىق ئىدى. ئەركەك يۈگۈرۈپ بېرىپ، ھاۋا تاپان بولۇپ ياتقان پىكاپنىڭ ھاڭقىرقاي ئېچىلىپ قالغان ئىشىكىدىن بويۇنداپ، چاغراق بىر سومكا بىلەن بىر پورتمانىنى ئېلىپ ماشىنامغا چىقتى. مەن ماتورنى ئوت ئالدۇردۇم. مۇشەققەتلىك تىرمىشىش يەنە باشلاندى. شۇ تاپتا ھەر بىر كىلومېتىر يول ئۈچۈن تۆلە ۋاتقان بەدىلىمنى بىر ئۆزۈملا چۈشىنەتتىم. مەن شۇ تاپتا ئاغرىقنى، نە ئۇسسۇزلۇقنى، نە چارچاشنى بىلمەيدىغان ھېس - تۇيغۇسىز بىر ئۆكۈزگە ئايلانغانىدىم. گاز بېسىش، رولنى ئېھتىيات بىلەن بۇراش، چاق قايچىلىۋالغاندا كابىنىكىدىن چۈشۈپ روكايتكا بىلەن ئاشۇ بويىنى ئۇتماس لەنىتى چاقلارنى قايچىتىپ يولغا توغرىلاش... مېنىڭ ئەڭ تەبىئىي ھېچ خاتاسىز مېخانىكىلىق ھەرىكىتىمگە ئايلاندى. مەن بىر سائەت ئاۋۋال يىقىلىپ قېلىشىم مۇمكىن، دەپ ئويلىيالايتتىم. ئەمدى قارىغۇدەك بولسام، مېنىڭ بۇنداق ئويلاشقا ھەققىم قالماپتۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا بىر ئۆزۈم يالغۇز ئىدىم. يىقىلىپ قالسامۇ، ئۆلۈپ قالسامۇ بىر ئۆزۈمنىڭ ئىشى ئىدى. ئەمدى بولسا مەن مۇنۇ ئىككى بىچارىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار. ئۇلارنىڭ ھاياتىغا مەسئۇل! ئۇلارنى ئادەم بار جايغا ئامان - ئېسەن يەتكۈزۈپ قويۇش مەن ئەمدى ھەر نېمە قىلىپمۇ باش تارتالمايدىغان، ئىنسانىي غۇرۇر، شوپۇرلۇق ۋىجدانىم ئالدىدىكى قەرزىم ئىدى. مەن بۇنىڭدىن باشقىنى ئويلىيالمايتتىم...

تېنىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك ھېس - تۇيغۇم بەزلىشۋالدى. لېكىن ئەزايىمنى چېقىۋاتقان مۇدھىش ئاغرىقنى ناھايىتى ياخشى سېزەتتىم. شۇنىڭغا قاراپ تېخى ھازىرچە ھوشۇمدىنمۇ كەتمىگۈدەكمەن دەپ ئويلىدىم. ئىنسان ئەنە شۇنداق مەخلۇق، ئەڭ يامان ئەھۋالدىمۇ ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلىغۇسى كېلىدۇ، بەلكىم مۇشۇنداق قىلىش توغرىدۇر...

چۆل بەجايىكى تونۇرنىڭ ئۆزى. ئاسماندىنمۇ، يەردىنمۇ، ئەتراپىڭنى ئوراپ تۇرغان ھاۋادىنمۇ يېلىنجاپ تۇرغان قوقاسنىڭ تەپتى كېلىدۇ. مۇھىت ۋە جىسمى بارلىق لاۋۇلدايدۇ. تەشنالىق جانىغا پاتماقتا ئىدى. لەۋلىرىم، تامىقىم ۋە كانىيىم

سىزىمنى يوقاتتى، تېنىم قوقاسقا قاقلاپ پىشۇرۇۋاتقان بېلىقتەك، مىنۇتسىرى قۇرۇپ بېرىۋاتاتتى.

مەن يېنىمغا كۆز قىرىمنى تاشلىدىم. ھېلىقى ئامېرىكالىقلارمۇ ئاراللا تىنىشىپ ئولتۇرىدۇ. ھېلىقى ئايال كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ، ئەركىكىنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى تاشلاپ بىھوش بولغاندەك ئولتۇرىدۇ. ئۇزايىدىن بىر خىل قورقۇنچلۇق قىزغۇچ - سېرىق تۇمان بىلەن چاپلانغان بۇ ئوتلۇق ۋە ئۆلۈك دەشتكە قاراپ ئولتۇرۇش ئېغىر كەلگەن ئوخشايدۇ. نېمىشقىدۇر، ماڭا ئۇ ھېلىلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك بولۇپ كۆرۈندى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىمنى ئۇنتۇپ، بۇ ئىككى يوچۇن مۇساپىرغا ئەندىشە ۋە ئېچىنىش ئىچىدە پات-پات قاراپ قوياتتىم. ئالەم ھېلىقى قىزغۇچ سېرىق تۇمان ئىچىدە ئېرىمەكتە ئىدى. بۇ تۇمان شۇ قەدەر ئېغىر، شۇ قەدەر قېلىن، شۇ قەدەر قويۇق ئىدىكى، ئۇ جىمى بوشلۇقنى قوچۇپ، جىمى بارلىقنى يۇتۇپ يالماۋاتاتتى. ئۇنىڭ تەرسالىقىنى، قۇدرىتىنى، ئىرادىسىنى ھېچنېمىگە سېلىشتۇرۇپ بولماس ئىدى. ئۇ ھەتتا كۆزلەرنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى، مېڭىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى، تەنىنىڭ سەزگۈ پائالىيىتىنى قاماللاپ ئىگىلىۋالماقتا ئىدى.

ئۇشتۇمتۇت، يېنىمدا ئولتۇرغان بۇ ئايالنىڭ چېچى ماڭا لاۋۇلداپ تۇرغان گۈلخان ئوتىنى ئەسلەتتى. ئەتراپىمدىكى قىزغۇچ سېرىق تۇمانمۇ ئەنە شۇ رەڭدە ئىدى. ماشىنىنىڭ رادىئاتورى قايناپ كەتتى. بۇنداق چاغدا رادىئاتورنى شامالغا تۇتۇش كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ يەردە شامالنىڭ ئورنىدا ئوتلۇق ھاۋا ئېقىمى يامراپ تۇراتتى. ئامالسىز ئىدىم. كارنايىنى ياغلاشقا ياغ يوق، سۇنايىغا نەدە تۇرۇپتۇ... مەن ئىچىمدىكى تىت-تىتلىقىمنى بېسىپ، گازدىن پۇتۇمنى كۆتۈرمىدىم. بىر قەدەم يەنە بىر قەدەم... چاق يەنە قايچىلىۋالدى. مەن ئاغزىمنى بۇزۇپ چاقلارنى تىللىۋەتتىم - دە، رىنچاگنى خوتتىن چىقىرىۋېتىپ روكايىتكىنى قولۇمغا ئالدىم. شۇ چاغدا ھېلىقى ئەركەك ئايالنى نوقۇپ ئويغاتتى ۋە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن گۇنسىز كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا بىزارلىق ۋە بىچارىلىق ئىچىدە ئالاڭلاپ-قاراۋاتقان ئايالغا بىر نېمىلەرنى دەپ كالدىرلىدى. ئاندىن مېنىڭ قولۇمدىكى روكايىتكىنى ئالدى - دە، كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. ئۇ مېنىڭ شۇ تاپتىكى ئەھۋالىمنى ئاللىقاچان بايقىغانىكەن. ئۇنىڭ ماڭا ياردەملەشكۈسى كەلگەنىدى. مەن بايا چاقنى تىللىغىنىم ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەگكەنمۇ دەپ خاتىرجەمسىزلىنىپ ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدىم. ياق، ئۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا ئىنجىقلاشنىمۇ بىلمىسە، تىللىغىنىمنى قانداق چۈشەنسۇن، يا بولمىسا يامان تىلغا تەرجىمە كەتمەيدىكىن - ھە؟ ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پەسكە چۈشتۈم ۋە زورغا كۈلۈپ ئۇنىڭ قولىدىكى روكايىتكىغا قولۇمنى سۇندۇم. ئۇ بىر نەرسە دەپ غىڭشىغاچ مېنىڭ يەڭدەك ئىششىپ چىققان قول بېغىشىمنى ئىما قىلدى. مەن شۇندىلا بايىقى خىيالىمنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم. مۇشۇ ئامېرىكان جىنىدا مېنى ئاياۋېتىپتۇ. كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. يات ئەللىك بولسىمۇ ئادەم - دە! بىر - بىرىمىزگە ئوخشىمىساقمۇ ئادەم! بىز ئاغرىق، تەشنالىق، ئاچلىق، ھارغىنلىق ۋە سۆيۈش تۇغرىسىدىكى سېزىملىرىمىز ئوخشاش بىر خىل ئادەملەر بىز...

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىم چاقلار ئاشۇنداق قايچىلىشۋالسا، چاقنى يولغا بۇراش تەبىئىي يوسۇلدا ئۇنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى بايىقىدەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۈگۈلۈۋالـ ماي، يولنى كۆزىتىپ، ماشىنىنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇرىدىغان بولدى. ئۇنى ئازراق ئاۋارە قىلىش لىيىتىدە سۈرئەتنى ئامالىمنىڭ بارىچە ئاستا قىلدىم. كىچىككىنە ئويمان - چوڭقۇر بولسىمۇ ئەگىپ ئۆتتۇم. ئۇمۇ بۇنى چۈشىنىپ يەتتى بولغاي، مېنىڭ چىراييمغا تەئەججۈپ بىلەن پات - پات قاراپ قويىدۇ ۋە روكايىتكىنى قولىدىن چۈشۈرمەي، كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈشكە تەييار ھالەتتە يولغا چەكچىيىپ سەگەك ئولتۇرىدۇ. ھېلىقى ئايالمۇ ئەمدى بايىقىدەك يېتىۋالمىدى. ئەركەك بايا ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەن ئوخشايدۇ... لېكىن ئۇ نېمە قىلىپ بېرەلەيتتى - ھە! بۇ ئىككىيلەن ھازىرقى ھالىمىزدىن مەمنۇن بولۇۋاتامدۇ، ياكى شۇ تاپتا مېنى ھېسداشلىقىقا، رىغبەتكە ۋە ياردەمگە تازا مۇھتاج دەپ ئويلاشتىمۇ، بىلمىدىم، ئۇلار ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ پات - پات كۆز قىسىپ قويىدۇ. ئۇلار مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆتۈرمەكچى ۋە بىردىنبىر قىلالايدىغان كىچىككىنە ئىشى ئارقىلىق بولسىمۇ مېنى خۇشال قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ ئولتۇردىمەن. شۇنداق، ئۇچىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەقدىرداشلىق بىزگە شۇ تاپتا ھەدىكارلىق ۋە دوستلۇق ئالاقىسى ئېلىپ كەلگەنىدى. مەن بەك خۇشال بولدۇم. ئەھۋالىم ھەر قانچە ئېغىر بولسىمۇ يېنىمدا ئادەملەرنىڭ كۈلكىسى ھەمراھ ئىدى. بىر چاغدا ھېلىقى ئايال سەل چىرقىراق، لېكىن ئاياللارغا خاس مەيىن ئاۋازدا بىر كۈيگە ئاستاغىنە غىڭشىشقا باشلىدى. قانداق ناخشىكىن؟ ئايرىلىشنىمۇ، قوشۇلۇشنىمۇ؟ ۋە ياكى ئۆز يۇرتىدا قالغان باغرىداشلىرى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت - ماكانىنىڭ، تاغ - دەريالىرى توغرىسىدىكى قوشاقـ مىدۇ؟ شۇنداق، سېغىنىش كۈيى بولسا كېرەك - ھە؟! بۇ كۈي مەن ئۈچۈن، مۇشۇ قەدىـ مىي چۆلىمىز ئۈچۈن شۇنچە يات، يوچۇن ۋە غەلىتە بولۇشىغا قارىماي كابىنكىغا بىر ئىنسانىي خۇشاللىق بەخش ئەتتى. يەنە كېلىپ بۇ خۇشاللىققا پىششىپ يېتىلىۋاتقان، تازا ۋايىغا يېتىپ بەرق ئۇرۇپ تۇرغان بىر ياش ئايالنىڭ ھىدى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى... بىردىنىلا روھىم كۆتۈرۈلۈپ، بەدىنىمنى چېقىۋاتقان شەپقەتسىز ئاغرىق ئازايى سەلگىنە بوشاپ، نەپەس ئېلىشىممۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. بىر كەمدە ھېلىقى ئەركەكمۇ خىرقىراق ۋە يېقىمسىز ئاۋازدا ئايالغا جور بولدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى تىترەك ئارىلاش ئوقچۇيتتى. يۈرىكىمدىن بىر مۇڭ، بىر تەلپۈنۈش، سېغىنىش ۋە بىر خىل ئادەمچە ئىپـ تىخار تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئاھ، نېمىدېگەن ھېسسىياتلىق ئادەمـ لەر - ھە؟! ئۆلۈم گىردابىدىمۇ سېغىنىشلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى كۈي بىلەن ئىزھار قىلىشنى بىلىدىغان، خۇددى بىزدەك! شۇنداق، ھەممىمىز ياشاشنى سۆيىدىغان، ياشاشنى بىلىدىغان ئادەملەر بىز!

يوچۇن كۈينىڭ مۇڭى مېنى قوچۇۋالدى. تۇرۇپلا مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغىمۇ بىر ھىمايـ جانلىق تىترەك ئولىشىپ، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇرىدىن ئاللىقانداق بىر پىنھان ئارىلاش قىزغىنلىق قايناپ تاشتى. بىر شادلىق، كۈچ بىلەن ئۇرىدەپ كۆكرىكىمنى قىستى. مەن جۇشقۇن يۈرەك رىتىم بىلەن بۇ ئادەملەرنىڭ ھېسسىياتى ئۇرغۇپ كەشلىرىنىڭ سادالىرىغا جور

بولدۇم... توۋا دەيمەن، دۇنيا نەقەدەر كىچىك - ھە! ئامېرىكا دېسە جاھاننىڭ ئۇ چېتىمىكىن دەيتتىم. باشقا بىر شاردەك بىلىنىدىغان ماڭا. ئەمدى ئاشۇ ئامېرىكىلىقلار بىلەن مۈرىدىشىپ ئولتۇرىمەن. ئورتاق بىر ھېس بىلەن... ھەممىمىز يەر شارىدىكى بىر تۈر، بىر جەمئىيەتنىڭ ئەزاسىمىز دېگەن ھېس بىلەن. ۋاقتى - نۆۋىتى كەلسە ئىلغار - قالاقلىق، كۈچلۈك - ئاجىزلىق، ئۆز ياكى ياتلىق... دېگەنلەرنىڭ بىر تىيىن ئىكەنغۇ! بىز شۇ مىنۇتتا ئورتاقلىشىۋاتقان جان قايغۇسى بىزنى جىمى ساختىلىقتىن، بارلىق سۈنئىيلىكتىن ساقىت قىلىپ ئادەم دېگەن بىردىنبىر ماھىيەتلىك، چىن ۋە يۈكسەك روھىي پەللىگە يەتكۈزگەنىدى...

ئۇشتۇمتۇت بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە، يولنىڭ بويىدىكى دۆڭنىڭ ئۈستىدە بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىم - دە، سۈرئەتنى تېزلەتتىم. ئۇ قارامتۇل كەلگەن، دۆگىلەك بىر نەرسە ئىدى. قۇياش نۇرىدا يالتىرىغاندەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. تاشمىكىن دەي دېسەم تاشقا ئوخشىمايتتى. تاش ئەمەسمىكىن دېسەم، ئۇ نەرسە بەئەينى تاشقا ئوخشايتتى. ئىنس - جىن يوق بۇ باياۋاندا تاشلىنىپ ياتقان، ياق، ئەتەي دۆڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان نەرسە نېمە بولۇشى مۇمكىن؟

يولنىڭ ناچارلىقىدىن گازنى شۇنچە كۈچەپ باسساممۇ ماشىنامنىڭ سۈرئىتى ئۆرلىمەيۋاتاتتى. ئاخىرى، ماشىنام ئۇ نەرسىگە يېقىنلاپ كەلدى. قارىسام، ئۇ ناھايىتى چوڭ بىر قارا تاۋۇز ئىكەن. خۇشاللىقىمدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم. ئەمدى ئەڭ بولمىغاندا ئەتىگىچە ئۆلمەيدىغان بولدۇق.

كابىنىكامدىكى ئىككى مېھمانىمۇ ئۇ تاۋۇزنى كۆرۈپ غىڭشىشلىرىنى دەرھال توختىتىپ، كالدىرلاپ كېتىشتى. مەن ماشىنامنى چەتكە تارتىپ توختاتتىم - دە، چۈشۈپ ھېلىقى تاۋۇز تەرەپكە ماڭدىم، ھېلىقىلارمۇ تاپان بېسىپلا يېتىپ كېلىشتى. ھەقىقەتەن يوغان تاۋۇز ئىكەن. ئاھ! قارىغۇنى كۆزدىن ئايرىغىنى بىلەن ھاسىسىدىن ئايرىمىغان ئىگىسى! سېنىڭ ھىممەتلىرىڭگە تەشەككۈر.

ئامېرىكىلىقلارمۇ خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىكتىن كىرتىيىپ قالغان كۆكۈچ كۆزلىرى بەزگە يولۇقۇپ قالغان مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك يالتىراپ كەتتى. بولۇپمۇ ھېلىقى ئايال خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى ئۇنتۇپ تاۋۇزغا ئۆزىنى ئاتتى - دە، ئۇنى قولىغا ئالدى ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە چىرقىرىۋەتتى. قارىساق، ئۇ ئوتتۇرىدىن كېسىلىپ كۆمتۈرۈپ قويۇلغان تاۋۇزنىڭ شاپىقى ئىكەن. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ گۆشىنى پاك - پاكىز قىرىپ يەپ بولۇپ، ئۇنى بىر - بىرىگە بىر چىرايلىق كۆمتۈرۈپ قويۇپتۇ.

ئەبلەخ! كىشىلەرنى ئەخمەق قىلىشقا تاپقان يېرىڭنى قارا!... ئەلەمدىن ئۆتتۈم يېرىلغۇدەك بولدۇم. ھېلىقى ئەركەكمۇ شالاڭ چېچىنى قامالالاپ چىرايىنى ئۆمسە قىلىپ، تۇرغان يېرىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ھېلىقى ئايال بولسا ئەسەبىيلىشىپ قولىدىكى يارتا تاۋۇز شاپىقىنى يەرگە ئۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈردى.

— ياق، ياق، بولمايدۇ! نو، نو...! — مەن قانداقلارچە ۋارقىراپ تاشلىغىنىمنى بىلمەي قالدىم. ھېلىقى ئايال ماڭا چۆچۈپ قاراپ ھەيران بولغاندەك تۇرۇپ قالدى. مەن

يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى يارىتا «تاۋۇز»نى يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىۋالدىم-دە، غىلى-
پىدىن پىچاقىمنى سۇغۇرۇپ تاۋۇز شاپىقىنىڭ كاسىسىنى قىرىشقا باشلىدىم. تاۋۇز شاپى-
قى كۆيدۈرگۈ ئىسسىقتا تۇرۇۋەرگىنى ئۈچۈن سولىشىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئانچە نەمى
كەتمىگەنىكەن. ئاستا-ئاستا تىرپا ئارىلاش سۇ يىغىلىشقا باشلىدى. تەئەججۈپ ئىچىدە
مېنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىمنى كۆزىتىپ، دېمىنى ئىچىگە تارتىشىپ تۇرۇشقان ئامېرىكانلار
پەقەت شۇ چاغدىلا نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك بولۇشۇپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ زوڭزىيىشتى.
بىر كەمدە يېرىم كاسىدىن ئازراق تىرپا سۈيى يىغىلدى. مەن ھېچ ئويلاپ تۇرمايلا
قولۇمدىكى كاسىنى ئايالغا سۇندۇم ۋە ئۇنى ئىچىشكە ئىشارەت قىلدىم. ئۇ ماڭا دەققە
تىكىلىپ قالدى ۋە كاسىنى قولغا ئېلىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن غۇرتۇلدىتىپ ئىچىپلا كەتتى.
ئاندىن ھۇزۇرلانغاندەك بولۇپ، قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئاغزىنى سۈرتكەچ ماڭا قاراپ قا-
نائەت بىلەن كۈلدى. مەن تاۋۇز شاپىقىنىڭ يەنە بىر كاسىسىنى ھېلىقىدەك قىرىپ يېرىم
كاسا سۇ چىقىرىپ ماڭا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئەركەككە سۇندۇم. ئۇ خىجالەت
بولغاندەك مېنىڭ قولۇمنى ئىتتەردى ۋە مېنى ئىچىشكە ئىشارەت قىلدى. مەن كۈلۈمسىرەپ
كاسىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم. ئۇمۇ كالا بولاقتىن سۇ ئىچكەندەك كاسىنى بېشىغا كىيىپ
غۇپۇلدىتىپ ئىچىپلا كەتتى ۋە ئاخىرقى قەترىنى يالاپ سۈمۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مەم-
نۇنلۇق ئىچىدە چوڭقۇر بىر تىنىپ تاۋۇز كاسىسىنى يەرگە قويدى، ئاندىن ئايالغا قاراپ
ھاياجان ئىچىدە بىر نېمە دەپ شىۋىرلىدى. ئايال كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئاندىن
ماڭا قاراپ بىر نېمىلەرنى دېگەچ، گاھ قۇياشنى، گاھ ئاسماننى، گاھ تاغنى كۆرسىتىپ
بىر نېمىلەرنى دېدى. مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم، لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ ھاياجانلىق
ھالىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ ماڭا تەشەككۈر ئېيتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. «ھەممىمىز بىر قۇياش-
نىڭ، بىر پارچە ئاسماننىڭ ئاستىدا ياشاۋاتقان زېمىننىڭ بالىلىرى بىز، شۇڭا ھەممىمىز
بىر-بىرىمىزگە تاغدەك ھىمات بولۇپ، ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشۇپ، يەر شارىمىزدىكى جاپالىق
ھايات مۇساپىسىنى بىرلىكتە بېسىشىمىز كېرەك...» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مەن ئۆزۈم
پەرەز قىلىپ چىقىرىۋالغان مەنىدىن شادلىنىپ ئۇلارغا گومۇشلارچە قاراپ كۈلدۈم. شۇ چاغدا
نېمىشقىدۇر مېنى قىيناۋاتقان تەشنالىقىم ئاللىنەلەرگە كېتىپ، يۈرىكىم سەگىپ قالغان-
دەك بولۇپ، بىر راھەتلىك سېزىم مېنى چۇلغىدى. مەن بايىقى كاسىنى يەنە قولۇمغا
ئالدىم. ئەمدى ئۇنىڭ قىرغۇدەك گۆشى قالمىغانىدى. ئىككى ئامېرىكان تەكتىس بولغان-
دەك بىر-بىرىگە قارىشىپ، مۈرىسىنى قىسىشتى. مەن پىچاقنى قولۇمغا ئېلىپ تاۋۇز كاسى-
سىنىڭ قارامتۇل پوستىنى قەغەزدەك نېپىز قىلىپ شىلىشقا باشلىدىم. تاۋۇز شاپىقى ئاپ-
تاپتا قاقلىنىۋېرىپ قۇرۇشقا باشلىغانىدى. لېكىن شاپىقى قېلىن سورتتىن بولغاچقا تېخى
ئاق ئېتى بار ئىكەن. مەن كىچىككىنە بولسىمۇ زايا قىلىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ ناھايىتى
ئاۋايلاپ شىلدىم. ئاندىن ئۇنى تەكشى تىلىپ چىقتىم-دە، تىلىمچىدىن بىر تالىنى ئاغ-
زىمغا سالدىم، ئۇنىڭ تەمى سەل ئۆزگەرگەن ۋە ئىسسىقتا يىلىپ قالغاندەك بولسىمۇ
يەنىلا يېقىملىق بولاتتى. تەشنالىق ۋە ئاچلىققا كىچىككىنە بولسىمۇ
دال بولاتتى. مەن قولۇمدىكى تىلىمدىن ئۇ ئىككىسىگىمۇ بەردىم. ئۈچىمىز ئۈن چىقارماي

«غىزا» غا تۇتۇش قىلدۇق. تەشنالىق ۋە ئاچلىقتىن سىزىسىزلىنىپ كەتكەن ۋۇجۇدىمىز-غا بىر خىل شېرىنلىك ئاستا-ئاستا تارقاشقا باشلىدى. ئۈچىمىز بىر-بىرىمىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ كۈلۈشكىنىمىزچە بۇ «غىزا» نى پاك-پاكىز يەۋەتتۇق.

مەن بىردىنلا ئويلاپ قالدىم — بۇ تاۋۇز شاپىقىنى قويۇپ قويغان كىشى، كىملەر بولىدۇر ئەخمەق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە بىزدەك ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان چارىسىز تەشنالارنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق قىلغان. قارا، پاكىز تۇرسۇن، نېمە قۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ، بىر-بىرىگە كۆمتۈرۈپتۇ. كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىپ قالمىسۇن دەپ دۆڭنىڭ تۆپىسىگە تىكلەپ قويۇپتۇ، تۇۋا، ئاشۇ ئادەم قانداق ئويلىغاندۇ؟ ئۇلار قايسى خىل ئادەملەر قاتارىغا كىرىدۇ؟ بۇنداق ئادەملەر يەنە بار ئىكەن-ھە، بۇ دۇنيادا... ئاشۇ نامەلۇم ئادەم شۇنداق قىلمىغان بولسا بۇ «كەربالا» دا ئەتىگىچە بىزنى نېمىلەر كۈتەتتىكىن؟...

ماشىنا گۈلدۈرلەپ كېتىۋاتىدۇ. چۆل قارنىنى تىلىپ ياتقان بۇ قەدىمىي توپا يولدا چېپىشقا چۈشكەن ئايغىردەك، چاقى يەرگە تېگەر-تەگمەي تاراسلاپ چېپىپ كېتىۋاتىدۇ، چاق ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن توزان كۆك قەرىگە يامراپ يېيىلىدۇ. ئۇ توزان بۇلۇتى توزانغا ئەمەس، ئۇچقاندەك پىرقىراۋاتقان چاقلارنىڭ شىددىتىدىن «گۈپپىدە» ئوت ئېلىپ كەتكەن قاغجىراق زېمىننىڭ يانغىنىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق ئىس-تۈتەككە ئوخشايدۇ. بۇ تۈرمەل-تۈرمەل قىزغۇچ بۇلۇت سارائ بولغاندەك ھېچنېمىگە قارىماي ھۆركىرەپ ئالدىغا تاشلىنىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈپ كۈننىڭ يۈزىنى توسايدۇ... ياش شوپۇرنىڭ ۋۇجۇدىنى قۇچقان تەرسالىق، ياۋايىلىق ۋە قارامىلىق ماشىنىغا رىغبەت بېرىدۇ، ئۇنى ئالغا ئۈندەيدۇ، چېپىشقا زورلايدۇ. ياش شوپۇرنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە ئىشەنىش-ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ھېسسى، ماشىنىنىڭ چۆل باغرىدا كارابىتەك ئۈزۈپ يۈرۈشىدىن كېلىۋاتقان قۇۋانچ، تېخىمۇ تېزرەك سۈرئەتتە چېپىش غالجىرلىقى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئادىمكام ۋەھىمىلىك كۆزلىرى بىلەن گاھ ئوي-دوڭغۇل ماشىنا يولىغا، گاھ تەلۋىلەرچە گاز بېسىۋاتقان ياش شوپۇرغا چەكچىيىپ قارايدۇ.

— ئاستىراق، ئۇنچە قارامىلىق قىلماڭ... كالون بەلگىلەپ بەرگەن سەككىز كۈن يېتىدۇ، بۈگۈن يۈكنى چۈشۈرۈۋېتەلەيمىز، يۈكنى چۈشۈرۈپ بولۇپلا قايتساق ئۈلگىرىمىز، بىرەر ھادىسە چىقىپ قالمىسۇن يەنە، — ئادىمكامنىڭ زەردىلىك يېلىنىشى جاۋابسىز قالدى. ئۇ يولدا ئاغرىۋېلىپ بېشىغا چىققان ئىككى كۈننى ئۇنتۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەمدى سەلگىنە ياخشى بولۇۋېلىپ غىڭشىمىدىكەن! ئولتۇرۇشنى بىلسۇن، قانداق ھەيدىسە ئۇنىڭ ئىشى. كالونغا دېگەن چاغدا يېتىپ بارالمىسا، ئېتىنى يوتكىۋېتىدۇ، بۇنداق چاپمىسا ۋاقتىدا بارالمايدۇ، ماشىنا دېگەن كالا ھارۋىسى ئەمەس.

ياش شوپۇر ماتورنى چىرقىرىتىۋەتتى. ماشىنا ئوقتەك ئۇچاتتى. ماشىنىنىڭ تېزلىكىدىن بىپايان چۆل چۆگىلەۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئادىمكام نائىلاج ئۇچىگە تىنىپ لېۋىنى چىشلىگىنىچە پايانسىز چۆلگە تىكىلدى. توپتوز كەتكەن بۇ تاقىر دەشتتە، ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ چىشلەشكەن گىرۋىكىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. كىرۈشكە توسالغۇ بولغۇدەك

لە بىر تۈپ دەرەخ، لە بىر ئۆي كۆرۈنمەيدۇ. ئۈچۈپ ئۆتكەن قۇشنىڭمۇ قانتى كۆيگۈدەك چۆل ئىسسىقىدا چوغدىراق تىنىشقىمۇ ھاۋا يېتىشمەيدۇ — كىشىگە. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ساي تاشلىرى، ئاندا-ساندا ئۇچراپ قالىدىغان قۇم بارخانلىرى يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ، ياش شوپۇر ھېچ نەرسىگە پەسەنت قىلمايدۇ. ئۇ چاپىدۇ ۋە پەقەت چاپىدۇ...

بىركەمدە ئادىمكام يىراقتا، چۆلنىڭ ئىچكىرىسىدە قىمىرلاپ يۈرگەن بىر نەرسىنى بايقىغاندەك بولدى. ياق ئىككى ئەكەن، توغرا ئىككى، بىرى ھايۋان، بىرى ئادەم.

ياش شوپۇر گازنى بولۇشىغا باساتتى. ماشىنا يانغىندىن ئۈركۈگەن ھايۋاندەك ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي چاپماقتا ئىدى. «ھايت» دېگۈچە ماشىنا ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. بىر ياشانغان ئادەم ھاسىغا تايىنىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇششۇنمىسكە خورجۇن ئارتىلغان كۆرۈمسىز بىر ئېشەك ئاران قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئادەم بىلەن ئېشەك تەڭلا ھېرىپ قالغان چېغى. ئۇلار ھەربىر قەدىمىنى بەكمۇ قىيىندا يۆتكەيدۇ. شۇنچە ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي ھېلىقى ئادەم ئۈچىسىغا پاختىلىق ئۇزۇن چاپان كىيىپ بېلىنى باغلىۋاپتۇ. پۇتىدا ئاقىرىپ، ماكچىيىپ كەتكەن كۆن ئۆتۈك. بېشىدا جەنۇب دېھقانلىرى كىيىدىغان يۇڭلۇق سالۋار تۇماق، ئۇلار مۇشۇنداق كىيىنسە ئىسسىق ئۆتمەيدۇ دەيدىكەن. بىركەمدە ئۇ ئادەم ئارقا تەرىپىدىن كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ گۈركىرىگىنىنى ئاڭلىدى بولغاي، ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ۋە ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ماشىنىغا قاراپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭلىتىپ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىدى. ياش شوپۇر ئۇ ئادەمگە پەرۋاسىزغىنا قاراپ قويىدى. نېمە دەيدۇ، ئۇ؟ بىزنى ماشىنىغا سېلىۋال دەمدۇ-يا؟ ئېشىكىنىمۇ قوشۇپ يۈكنىڭ ئۈستىگە بېسىش كېرەكمىكىن؟ قىزىق... ماشىنا ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىدىن گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ دەقىقىدە ياش شوپۇر بىلەن ئادىمكام ئۇ ئادەمنىڭ ئۇمچەيگىنىچە قولى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاغزىنى ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. نېمە دەيدۇ، بۇ ئادەم؟ نان دەمدۇ؟

— ۋوي، ۋوي، ئاۋۇ ئادەم سۇسىز قالغان ئوخشايدۇ، — ئادىمكام ئۈندەرەپ كەتتى، — ماۋۇ سۇدىن بەرسەكمۇ بوپتىكەن، چۆلدە ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن، ماشىنىنى توختىتىڭ!

بۇ چاغدا ماشىنا ئۇ ئادەمدىن ئۈچ-تۆت يۈز مېتىر ئۈزاپ كەتكەنىدى. ياش شوپۇر دىلىغۇل بولغاندەك گازنى سەل كۆتۈردى. ئۇ ھېلىقى ئادەمگە سۇدىن قۇيۇپ بېرىشنى ئويلىدى. ئادىمكامنىڭ گېپى توغرا ئىدى. سۇسىز قالغان ئوخشايدۇ. لېكىن، ئەمدى ئۈزاپ كەتتى. ماشىنىنى توختىتىپ ئۇ ئادەمنى كۈتسۇنمۇ؟ ياكى ئالدىغا ئاپىرىپ بەرسۇنمۇ؟ قانچىلىك ۋاقىت زايە بولىدۇ. ئۇ ئارىلىقتا بىرنەچچە كىلومېتىر يولنى ئارتۇق بېسىۋالغىلى بولىدۇغۇ، ۋاي بولدىلا... ئۇ گازنى يەنە كۈچەپ باستى. ماشىنا ئۇچقاندەك كېتىۋەردى.

— ئاپلا يامان قىلدىڭىز، قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ ئادەمنى چۆلدە سۇسىز تاشلاپ... نېمە قىلىق بۇ؟ توختاڭ دەيمەن!

ماشىنا سۈرئىتىنى ئۆزگەرتمىدى. ئادىمكام ئۆز گېرىشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ

ئۆگىلىنىپ كەتتى. ياش شوپۇر ئالدىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇۋەردى. ماشىنا شەپقەتسىزلەرچە گۈركىرەپ ئالغا قاراپ كېتىۋەردى. ماشىنىنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق، قۇرغاق چاڭ - توزان ھېلىقى ئادەم بىلەن ئېشەكنى كۆمۈۋەتتى. مەن چۆلنىڭ ئىچكىرىسىدە ۋەلىلداپ تۇرغان ئالۋۇنغا كۆز تاشلىدىم، شەيتان ئالۋۇن ماڭا تىلىم-تىلىم پېچاق يارىسى بولۇپ كۆرۈندى. بەدەندە — يۈرەكتە، ئاشۇ سىلىق، غىلىتاڭ، ھالرەڭ يۈرەكتە، دەرمانسىز سوقۇۋاتقان ھالسىز يۈرەكتە قالغان پېچاق ئىزلىرى، ئىككى ئامېرىكانىمۇ يەردىكى تاۋۇز شاپىقىنىڭ نېپىز پوستلىرىغا كۆز تىكىپ ئېغىر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرىدۇ، روزىكام ئەمەسمۇ تام - تورۇسلىرى ئىستىن قارىيىپ كەتكەن، دېرىزىلىرىنى ئۆمۈچۈك تورى باغلاپ كەتكەن قاراڭغۇلىخانىدا گورۇلدەپ كۆيۈۋاتقان باك مەشىنىڭ يېنىغا سېلىنغان تۆشەكتە ئېغىر تىنىپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ چىرايى كۈل رەڭ توس ئالغان، لەۋلىرى قۇرۇپ گەزلەشكەن. كۆزلىرى تۇرۇسقا، شۇ تاپتا ئۆزىدىن بەكمۇ ئۇزاقتا قالغان دۇنياغا تىكىلگەن. كالون باشلىقى، شوپۇرلار، رېمونتچىلار، يەنە، يەنە ئاللىكىملەر ئۇنى چۆرىدىشىپ ئۆرە تۇرۇشىدۇ، گاھىلىرى داق يەردىلا ئولتۇرۇشىدۇ. ھەممىسىنىڭ چىرايى قايغۇلۇق، ئۆينىڭ ئىچى گۆردەك جىمجىت ۋە خىرە.

بىركەمدە روزىكام ئەمەسمۇ گۆنى ئۈچۈپ پىلدىرلاپ قالغان ئورا كۆزلىرىنى تورۇستىن يۆتكىدى. بۇ كۆزلەر تەمتىلەپ ئاران كېتىۋاتقان ھالسىز ئادەمدەك بەكمۇ تەستە مىدىراپ ھەربىر ئادەمنىڭ چىرايىغا قاراپ چىقتى. بۇ كۆزلەر ھەر ئادەمنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقاندا بىر توختىۋالاتتى. نېمىلەرنىدۇر دېگەندەك قىلاتتى، لېكىن ھايات نۇرى ئۆچۈۋاتقان بۇ جانسىز كۆزلەرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرغىلى بولمايتتى. چۈنكى بۇ كۆزلەر ئۆلۈۋاتقان كۆزلەر ئىدى.

روزىكام ئەمەسمۇنىڭ كۆزلىرى ئەڭ ئاخىرىدا، قولىدا ھېلىقى قەلەندەرنىڭ ساپايىسىدەك ھالقا تىزىقچىلىرىنى مەھكەم قامالاپ قاراپ تۇرغان ياش شوپۇرنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. شۇ چاغدا نېمىشقىدۇر روزىكام ئەمەسمۇنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ ساغلام چاغلىرىدىكىدەك يالتىراپ كەتتى، بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلغانىدى. ياش شوپۇرنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلدى.

ئۇنى تىترەك باستى، چۈنكى روزىكام ئەمەسمۇنىڭ كۆزلىرى قورقۇنچلۇق ئىدى، كۆزلىرىنىڭ يالتىرىشى ۋەھىمىلىك ئىدى، ئۆلۈۋاتقان ئادەمنىڭ تەبەسسۇمى دەھشەتلىك ئىكەن... ياش شوپۇر «پارت» قىلىپ قېچىپ كېتىشكە تاس قالدى. روزىكام ئەمەسمۇ شۇ تاپتا نېمىنى ئويلىدىكىن؟ ئۇ نېمىشقا كۈلدى؟ توغرىراقى كۈلگەندەك قىلدى؟

ياش شوپۇر قولىدىكى ئوقەتنى ھېچ مەقسەتسىزلا شىرىقشىتىپ قويدى. ئۇ ئىچىدىكى سىقىلىشنى بېسىش ئۈچۈن، شۇنداق قىلغانىدى. بۇ روزىكام ئەمەسمۇنىڭ قورقۇنچلۇق كۆزلىرىنى ئۆزىدىن چالغىتىپ شۇ تاپتا ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىۋاتقان ئاشۇ ئازابلىق سۈكۈتنى بۇزۇۋېتىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغانىدى.

— تەسمىكەن، ئۇ ئوقەتنىڭ ھالقىلىرىنى بىر قىنىاقىقا چۈشۈرمەك... — روزىكام ئەمەسمۇ ئۆشتۈمتۈت خىرقىرىدى، — غەيرەت قىلساڭ ئۆگىنىۋالىسەن، ئەمدى ئەمەسمۇ...

دۇنيادا ئادەم بولماق بەك تەس، قالغىنى ئويۇننىڭ ئورنىدىكى گەپ، ئەمدى ئەمەسمۇ...
ئادەمگە بويۇنتاۋلۇق قىلما، ھەممىلا ئادەم ئوپئوخشاش... ئادەمگە نەپ بەرمىگەن
ئادەمنى يەرمۇ قوينىغا ئالمايدۇ، ئەمدى تەمەسمۇ؟ ئۆمرۈڭدە ھەممىنى تاپارسەن، لېكىن
ئادىمىلىكنى تەستە تاپىسەن، ئاشۇ ھالقىلارنى بىر قىناقتا چۇشۇرمەك تەس بولغاندەك...
بەك تەسنە. شۇ چاغدا مۇرادىڭغا يېتىسەن، ئەمدى ئەمەسمۇ، — روزىكام ئەمەسمۇ سۆزىنى
بەكمۇ تەسلىكتە تۈگەتتى. ئۇ قاتتىق چارچاپ كەتكەندەك ھاسىراپ كۆزىنى يۇمدى.
لېكىن ئۇنىڭ ئاھائىدىكى زەردىلىك تىترەك ياش شوپۇرنىڭ قۇلىقىدا خېلىغىچە ۋىڭىلـ
داپ تۇردى. ياش شوپۇر ئۆزىنىڭ قولىدىكى ھېلىقى ئوقەتكە تىكىلدى. بۇ ئوقەت روزى
كام ئەمەسمۇنىڭ قولىدىن بىر ئۆمۈر ئايرىلمىغاندى. شۇڭا ئۇنىڭ ھالقىلىرى، سىم - چاتـ
مىلىرى سىلىغدىنىپ كۇمۇشتە ھەل بەرگەندەك يالتىراپ كەتكەندى... مېتاندىن ياسالغان
بۇ ئوقەت ئىسسىق ئىدى.

بىركەمدە روزىكام ئەمەسمۇ بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندەك چۆچۈپ كۆزىنى
ئاچتى - دە، ياش شوپۇرنىڭ قولىدا تۇرغان ئۆزىنىڭ تەۋەرۈكىگە «لەپپىدە» قارىدى:

— ھالقىلارنى ئۈتكۈزۈپ بولدۇم ھەممىسىنى... بەك تەسلىكتە... ئەمدى ئەمەسمۇ...
... بىر تارتىشىش بىلەن ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ، تېنى قېتىپ قالدى.

قەبرىستانلىق. ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ پاسىلى، ئۇ دۇنيانىڭ بۇ دۇنيادىكى
بىردىنچى دەرۋازىسى، ئۇ دۇنيانىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋەكالەتخانىسى... ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى
چۈشكۈنخانىسى، ئەبەدىيلىك ماكانى.

— روزىكام قانداقراق ئادەم ئىدى؟ — كىمدۇر بىرى سورىدى. روزىكام ئەمەسمۇنى
ئۆمرىدە كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر مويسىپىت جاۋاب بەردى:

— ئەھلى ئىسلام، ياۋاش - مۆمىن، ئىمانى پاكىز، كۆڭلى يۇمشاق... — ئاجايىپ
رەسمىيەت ئىكەن - ھە؟ بۇنىسى ئۆلچەممىدۇ؟ باھامىدۇ؟ تىلەكمۇ ۋە ياكى ئاخىرقى
ھۆكۈممۇ؟!

ياش شوپۇر قەبرە بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان جامائەتكە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇلار-
نىڭ چىرايى قايغۇلۇق ئىدى. شۇ تاپتا ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىغا
قايرىلىپ قاراۋاتاتتى. بۇ يەردە ھەربىر يۈرەك ئۆزىنى سوراق قىلىۋاتاتتى...

ئادەملەرنىڭ چىرايىدىكى ھەسرەتلىك كۆلەڭگە، ھېلىقى قايغۇلۇق سايە، قەبرىسـ
تاندىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ يىتمىدى. ئاپتوبۇستىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا مەيۈس
كۆرۈنەتتى. ھەتتا ئەڭ بىپەرۋا، تايىنى يوق روزى تاز دېگەن شوپۇرمۇ چىرايىنى سەت
قورۇپ ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى.

— ھالال ئادەم ئىدى، نېنىنى ھالال تېپىپ يەيتتى. ئادەملەرگە ھالال مۇئامىلە
قىلاتتى... كۆپىنىڭ ئىشىغا، خەقنىڭ ئىشىغا جېنىنى ئاتىغان ئادەم ئىدى. ھەرقانداق
ئادەمنى نائۇمىد قالدۇرمايتتى...

— ئادەمنىڭ دىلىغا ئازار بەرگىنى...
...زى، كىشىگە ئۆچ ئادەمدى -
...ىچە ئىدى. خوتۇن كىشىدىن ئۆتە ... يۇ، بېشىغا كۈلپەت چۈشكەن خوتۇنلار...

باغرى يۇمشاق ئادەمىدى ... ماشىنىمىزنىڭ چاقى ئىز سالغان ھەرقانداق يەردە روزىكام ئەمەسمۇنىڭ ياخشى ئىزى قالغان ... — دېدى چوڭ سۇپەت، قامەتلىك، ئات يۈزلۈك، شو-خا لازىدەك قىپقىزىل بۇرنى بار، شاپ بۇرۇت قېرى شوپۇر ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك بىر خىل ئاھاڭدا. ھەممەيلەن ئۈن - تىنسىز ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلىگەنىدى.

ياش شوپۇر ئادەملەرگە قاراپ ھاڭۋېقىپ قالدى. ئۇ قورۇغان لەۋلىرىنى يالاپ قۇرۇق يۇتۇندى. ئۇنىڭ ئىچىنىڭ بىر يېرىدە تۇتۇق گىرىمسەن بىر قىرغاق خىرە-شىرە كۆرۈندى. بۇ قىرغاقنىڭ نېرىسى چەكسىز كەتكەن بوشلۇق، بىر تۇمانلىق بوشلۇق ئىدى. ئۇ يەردە پەقەت يوقلۇق، چەكسىزلىك ۋە ئەبەدىيلىك دېگەن بىر غۇۋا، قورقۇنچلۇق، چۈشىنىكسىز ئۇقۇملار لەيلەپ يۈرەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا كۆرۈنۈۋاتقىنى ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىمۇ؟ ئۇنىڭ ئەتىسىمۇ؟ ياكى تۈنۈگۈن بىلەن بۈگۈنىنىڭ، ياق، بۈگۈن بىلەن ئەتىنىڭ ۋە ياكى ئۆلۈم بىلەن ھاياتنىڭ پاسىلىمۇ؟ ... بىر ئادەمنىڭ جىسمانەن ئۆلۈشىمۇ شۇ قەدەر ئېنىق، شۇ قەدەر ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك ھادىسە ئىكەن. ئەمدى ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئۆلۈشى ۋە ئۇنىڭ قايتا تۇغۇلۇشچۇ؟ ئۇمۇ شۇنچىلىك ئاددىي ۋە چۈ-شىنىشلىكمىدۇ؟ «ئادەم» نىڭ بەلگىسى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئىكەن، ئۇنداقتا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ بەلگىسىچۇ؟ پاكلىق بىلەن گۇناھنىڭ، راستلىق بىلەن ساختىلىقنىڭچۇ؟ ... ئۇنىڭ بېشى قايغانغاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىگە سەپسالدى. ئۆزىنى خۇددى ئەرزىمەس بىر تاشلاندۇق بۇيۇمدەك، مەينەت ۋە توختام سۇنىڭ لەش ئارىلاش كۆپۈكى ئۈستىدە لەيلەپ قالغان بىر تال پاخالدەك تەگسىز، يىلتىزسىز، كۈچسىز ۋە ئەھمىيەتسىز ھېس قىلىپ قالدى ... «ئادەم» دېگەننىڭ شۇمۇ؟ ياشلىق دېگەننىڭ شۇ بوپتۇمۇ؟ ئاخىرىغا بېرىپ ھېچ نەرسىگە ھەتتا بىرەر ئادەمنىڭ ئەھمىيەت ۋە ئېتىبار نەزەرى بىلەن ئۆرۈلۈپ قاراپ قويۇشىغىمۇ ئەرزىمەيدىغان؟ ...

ئۇنىڭ ئىچى بىر قىسما بولۇپ قالدى. بوغۇزىغا يىغا قىستاپ كەلگەندەك بولدى. بۇ ھەقىقىي يىغا ئىدى. ئۇ ھېچقاچان چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ يىغلاپ باقمىغانىدى. بايا روزىكام ئەمەسمۇنىڭ ئۆلۈمىدىمۇ يىغلىمىدى. لېكىن قىزىق، مۇنۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ قايغۇلۇق چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ «ئادەم» توغرىسىدىكى روزىكام ئەمەسمۇ توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ بىردىنلا يىغلىغۇسى كەلدى. خۇددى توك سىمىنى تۇتقان ئادەمنىڭ قولىنى تۇتسا يەنە بىر ئادەمگىمۇ توك ئۆتۈپ كەتكەندەك مۇشۇ ئادەملەرنى، مۇشۇ ئادەملەرنىڭ قايغۇسىدىن، ئاددىي مۇلاھىزىسىدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر تىترەتكۈچى ئازابلىق ئېقىم ئۆتۈشكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى يىغا تۇتۇۋاتاتتى... لېكىن ئۇ يىغلىمىدى. كۆمۈشلارچە قېتىپ قالغان كۆزلىرىنى ئاشۇ ئادەملەرگە، ئاشۇ تونۇش لېكىن ياخشىلىقى بىلەن يامانلىقىنىڭ تايىنى يوق، ئادىمىلىكى نا ئېنىق ئادەملەرگە، ئاشۇ چۈشىنىكسىز ئادەملەرنىڭ قايغۇلۇق چىرايىغا بىر-بىرلەپ سەپسالدى.

توۋا ... دەل مۇشۇ ئادەملەر روزىكام ھايات چېغىدا ئۇنى ئارقىسىدىن «روزى ساراڭ» دەپ ئاتايدىغان، «روزىكامنى كىچىكىدىلا پېرى بۇزۇۋېتىكەنىكەن، شۇڭا خوتۇن كىشىدىن قاچىدىغان بولۇپ قالغانمىش ...»، «روزىكام ئەمەسمۇ خوراز ئەمەس، قىچقىرالمايدىغان

ئەركەك توخۇ...» دەپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈشىدىغان ئادەملەر
ئىدىغۇ؟ مانا ئەمدى ئۇلار روزىكامنى ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىدىكى ئەڭ يۇقىرى باھا دەرى-
جىسى بولغان «ئادەم» دېگەن ئۇنۋان بىلەن تارتۇقلاۋاتىدۇ... ئاشۇ تىجىمەل روزى تاز
جېنىدا دادىسى ئۆلگەندەك ئۆمچىيىپ «ئۇھ» تارتىدۇ... ياش شوپۇر بۇ ئادەملەرنىڭ شۇ
تاپتىكى قايغۇسىنىڭ، ھەسرىتىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇلار روزىكام ئەمەسمۇغا جېنى-
دىن قىيمايۋاتاتتى... مۇشۇ يەردە، پەقەت مۇشۇ يەردە روزىكام ئەمەسمۇنىڭ ئادىمىلىكى
مۇقىملىشىۋاتاتتى... ئەسلىدە، روزىكام ئەمەسمۇ بىر ئۆمۈر «ئادەم ئۈچۈن!» دەپ ياشىغىنى
ئۈچۈنلا «ئادەم!» دېگەن ئاتاقنى ئېرىشكەنىكەن، ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن، قوپاللىق،
غەلىتىلىك ۋە تەرسالىق ئىچىگە يوشۇرۇلغان بىر روھ بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكى ھەربىر
ئادەمنىڭ يۈرىكىدە ئۆزىنىڭ كۆرلۈكىنى، ئەبەدىيلىك تۇرالغۇسىنى قازغانىكەن...

ياش شوپۇر چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا تىقىۋالغان بارماقلىرىنى مەھكەم تۈگدى. بىردىنلا
قولىغا روزىكام ئەمەسمۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى ھالقا تېزدىقى ئۇرۇندى. ياش شوپۇر
ئۇ ئۇقەتنى مەھكەم سىقىمدىۋالدى... ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا نېمىشقىدۇر ھېلىقى بېلىكچە
يەرگە يېتىپ ياتقان، داتلىشىپ كەتكەن كونا سەندەل كېلىۋالدى...

ئىچىم سىقىلىپ قولۇم تىترەيتتى. كۆز ئالدىمدىكى پايانسىز چۆل بىر تەرەپكە
قىيسايغاندەك بولدى. ئولتۇرغان يېرىم ئولتۇرۇشقاندەك بولۇپ، مەن قىزىق يەرگە چۆكۈپ
كېتىۋاتاتتىم. چۆل ئاسمىنى ۋە پۈتكۈل ئەتراپ ئېغىر ۋە سارغۇچ تۇمان بىلەن بارغانسې-
رى قېلىنلاپ كۆز ئالدىم خىرەلىشىپ، نەپسىم بوغۇلغاندەك بولدى. شۇ تاپتا مېنىڭ
ئالدىمدا مۇنۇ ئىككى چەت ئەللىك بولمىغان بولسا ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاپ قانغۇچە يىغ-
لىۋالار ئىدىم. يۈرىكىمنى قىسىپ تۇرغان ۋە گەجگەمنى بېسىپ، كۆكرىكىمنى يانجىپ
تۇرغان بىر مۇدھىش قارا تاش غولاپ چۈشكىچە يىغلار ئىدىم... ئىچىمدىكى جىمى غەلە-
غەشنى كۆز ياشلىرىم پاك - پاكىز ئېقىتىپ تۈگەتكىچە يىغلار ئىدىم... لېكىن دەريا - دەريا
كۆز يېشىممۇ ئۇ غەلە - غەشلەرنى ئېقىتىپ تۈگىتەلەمدىكىن - تاڭ؟ ... مەن نائىلاج ئىدىم.
ئاخىرى ئورنۇمدىن تەسلىكتە قوپۇپ، مەست ئادەمدەك دەلدۈگۈنۈپ - دەلدۈگۈنۈپ ماشىنام
تەرەپكە ماڭدىم. ئامېرىكانلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ماڭا ئەگىشىشتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار-
نىڭ روھى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ پاچاقلىرىغا جان كىرىپ قالغاندەك ئىدى. لېكىن ئەكسىچە
مەن بارغانسېرى كۈچۈمدىن كېتىپ كەيپسىزلىنىۋاتاتتىم. گۇناھكارلىق تۇيغۇسى يۈرىكىمنى
ئۆرتىمەكتە ئىدى. ماشىنىنى قوزغىدىم. مېڭەمدە، كۆز ئالدىمدا يەنىلا بايىقى سارغۇچ
تۇمان مانانلىشىپ لەيلەپ يۈرەتتى. ئىچىمدە بەكمۇ يېڭىچە بىر تۇيغۇ ئۆرىدىمەكتە ئىدى.
بۇ تۇيغۇ باياتىن رولغا چىقىپ ئولتۇرۇشۇم بىلەن بىرگىلا پەيدا بولغانىدى. ئۇگرىغۇل-
دوگرىغۇل يول، كېسەلچان ئادەمدەك تۈگۈلۈنۈپ تۇرغان رول، دەسسەپ ئولتۇرغان ئاك-
سىلاتور، تىترەپ تۇرغان ئامپېر يېڭىنىلىرى... ھەممىسىلا نېمىشقىدۇر ماڭا تۇرۇپلا غەلىتە
بىر خىل سېزىم تارقىتىۋاتاتتى... پۈتۈن ماشىنام، مېنىڭ ئاشۇ پالاكەت ھەمراھىممۇ ماڭا
يوچۇن ۋە باشقىچە كۆرۈنۈۋاتاتتى. ماتورنىڭ گۇركىرەشلىرى، لىگوچىكىنىڭ چۈكۈلداشلىرى،
كالاپاننىڭ شاراقلاشلىرى... ھەممىسىلا يېڭى ۋە باشقىچە ئىدى، ھەتتا ماشىنامنىڭ

يۇرۇشلىرىمۇ، دۇنيانىڭ غوڭغۇلدىشى ھەم بىر خىل ۋەزىنلىك، ھارماس، ئۈزۈلمەس ۋە قەدىمىي ئىدى! ... مەن بۇلارنى ھېچقاچان بايقىمىغانىكەنمەن، ھېچقاچان ... پەقەت بۈگۈن، ياق، تېخى بايىلا — ئاشۇ نامەلۇم شاپائەتچى قالدۇرۇپ كەتكەن تاۋۇز شاپىقى بىلەن مۇنۇ ئۆلگىلى تاس قالغان چەت ئەللىك ۋە ئۆزۈمنى «مېھمان» قىلىپ ئولتۇرۇپ قويغاندىن كېيىنلا بايقىۋالدىم. بەكمۇ ئۇشتۇمتۇت ... ماتور گۈركىرەيتتى. ئۇ سۆزلەيتتى. ئۇ كۈيلەيتتى. ئۇنىڭ گۈركىرىشى ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم توغرىسىدا ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى ئىنسانىي مېھرىبانلىق - ئىنسانىي دوستلۇق ۋە ئىنساننىڭ ھۆرمىتى، قەدرى - قىممىتى توغرىسىدا ئىدى. ئۇنىڭ كۈيلىشى سۆيۈشنىڭ قۇدرىتى، سۆيۈشنىڭ خۇشاللىقى، سۆيۈشتىن كەلگەن ئىرادىنىڭ كۈچى ۋە غۇرۇرنىڭ غەلىبىسى توغرىسىدا ئىدى ... ئۇ ھايات بىلەن ئۆلۈمنى بىر گەۋدە، بىر مەزمۇن دەپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىزاھىچە، ئادىمىلىك بىلەن بېزەلگەن ھايات ئۆلۈمدەك ئەبەدىي ئىدى. چۆلدىكى كۆيدۈرگۈ تومۇزدا ئالىقانچىلىك بۇلۇت بىر دەقىقە بولسىمۇ كۆيدۈرگۈ ئاپتاپنى توسۇپ كىشىگە بىر تىنىقلىق راھەت بېغىشلىغاندەك، بىر ئادەمنىڭ ھاياتى باشقىلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئاشۇ كىچىككىنە بۇلۇت پارچىسى بېرەلىگەن نەپنى بېرەلىسە، ئاشۇ ۋاقىتتا بېرىلگەن كىچىككىنە نەپ ئۆلۈمنىڭ دەبدەبىسىنى، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى يېڭەلەيدۇ، ۋاقتى كەلگەندە! شۇنداق، ئۆلۈم — ئەبەدىيلىكلىكى بىلەنلا تەڭداشسىز، يېگانىلىقى بىلەنلا قورقۇنچلۇق. لېكىن، ئادەمچە مەزمۇن بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن قىسقىغىنە ھايات ئۆلۈمنىڭ ئاشۇ قۇدرىتىنى سۇندۇرۇپ، ئۆلۈمنىڭ ئورنىدا ئەبەدىيلىككە ئايلىنالايدۇ! ھاياتقا ئەبەدىيلىك، مىللەتكە ئۈزۈلمەسلىك ئاتا قىلالايدۇ... مانا، ماتور پەقەت مەنىلا چۈشىنەلەيدىغان قارا شوپۇر تىلىدا مۇشۇلارنى بايان قىلىۋاتىدۇ. ئىنسان ھۆرمىتىگە بېغىشلانغان، بەكمۇ قەدىمىي، ھەتتا بەكمۇ ئىپتىدائىي، ئۆزگەرمەس ۋە ئۈزۈلمەس بىر كۈينى ناۋا قىلىۋاتىدۇ...

كۈن ئاللىقاچان غەربكە قىيسايغان بولسىمۇ، چۆلنىڭ تىنجىقى زادىلا يانمايۋاتاتتى. سارغۇچ تۇمان بارا - بارا قويۇق سېرىق تۇمانغا ئايلاندى. سېرىق تۇماننىڭ ھەر زەررىچىسى كۆزۈمگە «مانا مەن» دەپ كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئاشۇ يالقۇندەك تۇمان زەررىچىلىرىنىڭ جىمىرلىشى مېڭەمدە، ئىچىمنىڭ بەكمۇ چوڭقۇر بىر پىنھانىدا بىر شىددەتلىك ۋە كۈچلۈك ئىنتىلىشنى، بىر قۇدرەتلىك ئۆرىدەشنى دەۋرىتىۋاتاتتى... بۇ دەۋرىش ماڭا بەكمۇ يېڭى ۋە ئازابلىق لېكىن يەنە نېمىسى بىلەندۇر پەخىرلىك سېزىلەتتى...

ئەركەك ئامېرىكىلىقنىڭ ھاياجانلىق ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ بىر قولى بىلەن چۆلنىڭ ئىچكىرىسىدە ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان چاڭ - توزان بۇلۇتىنى كۆرسىتىپ كالدىرلاپ كەتتى. سىنچىلاپ قارىسام بىر ماشىنا قىمىرلاۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇ ماشىنا تاشيولنىڭ يان تەرىپىدىكى پەسلىكتىن تاشيولغا قاراپ غۇيۇلداپ كەلمەكتە ئىدى. ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن غايەت زور توزان بۇلۇتى سۆرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. مەن دەررۇ ماشىنىنى يولنىڭ چېتىگە ئارتىپ توختىتىپ ئۇ ماشىنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتۈم. بىرھازادىن كېيىن ئۇ ماشىنا يېقىنلاپ كەلدى. قارىسام جىپ ئىكەن. شۇ ھامان ئۈمىدسىزلەندىم. جىپنىڭ رولۋاي تەگىسى چوڭ ماشىنىغا توغرا كەلمەيتتى، ئۇنىڭدىن بىردىر

ياردەمگە ئېرىشىش ئۈمىدىم يوققا چىقتى.

ئۇ ماشىنىنى كۆرۈپ ھېلىقى ئايالمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ، خۇشاللىقىدىن گاھ قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، گاھ كۆيۈۋاتقان ئوتتەك سېرىق ۋە قويۇق بۇدۇر چاچلىرىنى ئىككى قولى بىلەن قامالاپ بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىيتتى. دېمىسىمۇ، ئۇلارغا شۇ تاپتىكى ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە چۆل كۆيدۈرگىسىدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشنىڭ يېگانە ئۈمىدى تۇغۇلغانىدى. مېنىڭ ماشىنامنىڭ شۇ مېڭىشىدا بۇ چۆلدىن ئەتىمۇ چىقىپ بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بولسا كېرەك، قاراپ تۇرۇپ چۆلدە ئۆلۈپ قالغۇسى يوق - تە، ئۇلارنىڭ.

جىپ ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئىككى ئامېرىكىلىق كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ جىپقا قاراپ يۈگۈردى. جىپمۇ تاشيولغا چىقىپلا توختىدى. شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئىككى ئامېرىكانغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇلار خۇددى قەدىناسلاردەك قۇچاقلىشىپ كېتىشتى. مەن ھەيران بولدۇم. قارىسام، شوپۇر بىر ئۇيغۇر يىگىت ئىكەن. ئۇلار مەن تەرەپكە كېلىشتى. خۇشاللىقتىن ئامېرىكانلارنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەنىدى. ئۇلار ھېلىقى شوپۇرغا ھەدەپ مېنى ۋە مېنىڭ ماشىنامنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

دوغلاقتىنە كەلگەن، ئاق يىشماق شوپۇر كېلىپ ماڭا قولىنى بەردى.

— مۇشۇ ھالدا مېڭىۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ ھە دېمەيلا ماشىنامنىڭ ئاستىغا چەكچىيىپ قالدى. كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ چىرايىمنى پۈرۈپ قويدۇم. ئۇ بىرھازادىن كېيىن ماڭا ئۆرۈلدى - دە، ئېغىزىنى چىشلەپ قويۇپ:

— مەن ھېچقانداق ياردەم قىلالمىغۇدەكمەن، — دېدى.

مەن ئۇنى چىقارمىدىم. بۇنى ئاللىقاچان پەملىگەنىمەن.

— ئاۋۇ مېھمانلارنى ئېلىپ كېتەلەمسىز...؟ — دېدىم بىر ھازادىن كېيىن.

ئۇ كۈلۈمسىرىدى.

— ئۇلار بىزنىڭ نېفىت قىدىرىش ئەترىتىمىزنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى. تۈنۈگۈن چىقىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە يولۇقۇپ قالدىم. ئەلۋەتتە ئېلىپ كېتىمەن - دە!

ئۇچام يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئۇلار بولسىمۇ بۇ مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلىدىغان بولدى ئاخىر.

شوپۇر ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماشىنىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ كابىنكىدىن سىۋدانىنى ئالدى - دە، ماڭا ئۇزارتتى.

— يېگۈدەك بىرەر نەرسەم يوق ئىكەن، — ئۇ مېنىڭ چىرايىمغا تەڭتىسلىق ئىچىدە تىكىلدى.

مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن قۇرۇق يۇتۇنۇپ قويۇپ قولۇمدىكى سىۋدانىنى ئامېرىكىلىق ئايالغا سۇندۇم. بايا مەن ئۇنىڭ قولۇمدىكى سىۋدانغا تىكىلىپ خۇددى ماڭا ئوخشاش قۇرۇق يۇتۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئۇ ئايال سىۋدانىنى ئۆزىگە تەڭلەۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، بىر نەرسىدىن قورققاندەك ئارقىسىغا داجىدى.

— نو! نو! نو!

ئۇ قولى بىلەن مېنىڭ ئاغزىمنى ئىشارە قىلدى.

— ئۇنىڭدا پەقەت بىرنەچچە يۇتۇملا سۇ بار، ئۇلار مەن بىلەن كېتىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىز ئىچىڭ، — دېدى جېپنىڭ شوپۇرى مېنىڭ قولۇمنى توسۇپ.

مەن سۇداننى ئېغىزىمغا ئاپاردىم. راستتىنلا بىرنەچچە يۇتۇملا سۇ قالغانكەن. مېنىڭ شۇ تاپتىكى تەشنالىقىم بىر كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىپ قۇرۇتۇۋەتسەممۇ بېسىلمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەزايىمنىڭ قىزىشچۇ تېخى!

مەن سۇداننى ئاغزىمغا دوملاپ، مەدەكتەك قۇرۇپ، قېتىپ كەتكەن لەۋلىرىمنى ھۆللىگەندەك قىلدىم-دە، ھېلىقى ئايالغا ئۇزارتتىم. ئىككى ئامېرىكىلىق ماڭا ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆك كۆزلىرىدە بىر خىل غەلىتە نۇر يالتىرايتتى. لەۋلىرى قىمىرلايتتى-يۇ، ئاۋازى چىقمايتتى. ئايال مېنىڭ چىرايىمدىكى قەتئىيلىكنى كۆرۈپ سەل-پەل ئارىسالدى بولغاندەك ئەركەككە قارىدى. ئەركەك ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېدى. ئايال ئاستا كېلىپ قولۇمدىكى سۇداننى ئالدى ۋە بىرلا كۆتۈرۈپ قۇرۇۋداپ قويدى. مەن ئۈنچىقماي كابىنكامدىن ئۇلارنىڭ سومكىلىرىنى ئالدىم-دە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئارقامغا ئۆرۈلۈپ كابىنكىغا چىقتىم.

ئىككى ئامېرىكىلىق پالاقلاپ يۈگۈرۈپ كابىنكىمنىڭ يېنىغا كېلىشتى. ئەركەك خوشلىشىش ئۈچۈن ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قولۇمنى بەردىم. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى ئاغرىتىپ قىستى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ئارىلاش قانائەت ۋە خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. كۆك ۋە مۇلايىم كۆزلىرى چوڭقۇر دوستانىلىك بىلەن قىسىلغانىدى. مەن ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بەردىم. ھېلىقى ئايال كابىنكىنىڭ پولكىسىغا دەسسەپ چىقىپ كابىنكا كۆزنىكىدىن قولىنى ماڭا ئۇزاتتى. مەن ئۇنىڭ كىچىككىنە، ئەتىز لېكىن مەرمەردەك ئاپئاق قولىنى يىرىك، يېرىلغان ۋە مەينەت قولۇم بىلەن ئاۋايلاپ قىستىم. شۇ تاپتا ئىككىمىزنىڭ بېشى ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئۇنىڭ دەم-نەپىسى مېنىڭ يۈزۈمگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدىم. ئۇنىڭ ئاق يۈزى لاۋۇلداپ قىزارغانىدى. كىلاستەك قىپقىزىل لەۋلىرى مەھكەم ھىمىرىلگەنىدى. ئۇنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىدە لىققىدە ياش لىغىرلايتتى. ئۇنىڭ ھۆلبۆك ئىچىدە چوغدەك يېنىپ تۇرغان ئاشۇ كۆزلىرىدە قىيماسلىق، ئىشىنىش، تەشەككۈر ۋە قايىللىق تۇيغۇلىرى ئارىلىشىپ، بىر خىل ساددا، يېقىملىق ۋە قوزغاتقۇچ ئىسسىق نۇرغا ئايلىنىپ، مېنىڭ نازۇك سېزىملىرىمنى غىدىقلايتتى. ئۇ كۆزلەر — ياش بىلەن لىق تولغان، كۈز كۈنىدىكى كۆلنى ئەسلىتىدىغان — كۆك ۋە گۈزەل كۆزلەر كۈلۈپ تۇراتتى.



بۇ كۆزلەردىن كىشىگە بىر خىل شېرىن يىغا ئۇلاشتۇرىدىغان ئىسسىقلىق بالقىيتتى...

تېنىم بىر خىل چۈشىنىكسىز ھېسلارنىڭ پارتلىشى بىلەن جۇغۇلداپ كەتتى. ۋۇجۇدۇمدا تىل بىلەن چۈشەندۈرۈش بىئەپ بولغان غەيرىي ئۆزھاللىق زاھىر بولۇشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ قولىنى دەررۇ قويىۋېتىپ بەردىم-دە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ ئالدى تەرەپكە قارىۋالدىم. ئۇ مېنىڭ كۆزۈمدىن كۆزىنى ئالماي قولىنى ئاۋايلاپ سۇغۇرۇۋالدى-دە، بارماقلىرىنى جۈپلەپ ئۆزىنىڭ قىزىق ۋە قۇرغاق لەۋلىرىگە ياقتى... مەن ئۇنىڭ ئاشۇ يادىمدىن چىقماس كۆك كۆزلىرىگە بىر خىل تەئەججۈپ، تەشەككۈر ۋە چەكسىز شادلىق تۇيغۇسىدا تارتىنىپ باقتىم. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سېلىپ كېتىۋاتاتتى... ئاھ ئىنسان! ئەزگۈلۈكنىڭ قولى ۋە ئاشىقى! ئاھ، ئايال! ئەركەكنىڭ جېنىغا جان ئۇلايدىغان سۆيۈملۈك شەيتان!

كىچىك ماشىنا سىگنال بەردى. ئامېرىكىلىق ئايال باسقۇچتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ماڭا قاراپ چىن قەلبىدىن كۈلدى-دە، يەنە دەررۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ماشىنىغا چىقىشتى. ھېلىقى شوپۇر ماڭا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

— خەير ئاغىنە! ئادەم بار يەرگە بېرىپلا سىزنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن...

مەن ئۇنىڭغا قاراپ بېشىمنى ئىرغىتتىم. ھېلىقى چەت ئەللىكلەرمۇ ماڭا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ خۇش-خۇي ۋارقىراشتى.

— گودباي...

— گودباي...

مەن قىيالماسلىق ئىچىدە ھېلىقى ئايالنىڭ يۇلتۇزدەك يېنىپ تۇرغان كۆك بىرىلىيانتتەك چاقناق كۆزلىرىگە ئاخىرقى قېتىم تازا تىكىلىپ قارىۋالدىم... نېمىدېگەن گۈزەل كۆزلەر بۇ؟

ئۇنىڭ لىققىدە تولۇپ، لىغىلداپ، تۆكۈلۈشكە تەييار تۇرغان كۆز يېشى ئاستىدا، ۋەيرى يېلىنجاپ كۈلۈپ تۇرغان كۆك كۆزلىرى تۇمان ئارىسىدا ياتقان جىمجىت باغراش كۆلىنىڭ كۆپكۆك، تازا ۋە تىنىق سۈيىدەك سىرلىق ۋە جەلىپكار ئىدى. ئۇ كۆزلەرنىڭ چوڭقۇرىدا بىر ھايات، بىر ئالەم، بىر دۇنيا يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. ئۇ شادلىق، ناخشا، كۈلكە، دوستلۇق، ئىشەنچ-ئەزگۈ ئالىمى ئىدى. ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ياشارتىدىغان، كىشىگە بەكمۇ شېرىن بىر خۇشاللىق ھەدىيە قىلىدىغان كۆكنۇر دۇنياسى، ياشىرىپ تۇرغان ھايات كۆكلىمى، پەقەت ئىنساندىلا بولۇشى مۇمكىن بولغان پاك، دەخلىسىز، غەرەزسىز، چېگرىسىز مۇھەببەت، سېۆگى، قۇۋانچ دۇنياسى ئىدى...

ئۇلار ماشىنىنى قوزغاپ يۈرۈپ كەتتى. ئاھ، كۆك كۆزلەر، قارا كۆزلەر، دوستلۇق، ئىشەنچ، چۈشىنىش ۋە سۆيگۈگە تەشنا كۆزلەر، زادى ئەستىن چىقمايدىغان، سۆزلىشىشكە، سىردىشىشقا، مۇڭدىشىشقا، سۆيۈشۈشكە تەييار كۈلگۈنچەك كۆزلەر...

مەن بىردىنلا ھەيرانلىق ئىچىدە چۆچۈپ كەتتىم، كىچىك ماشىنا چۆل قوينىغا شۇڭغۇپ ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغان بولسىمۇ، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا، ماڭا بىر خىل ئوتلۇق ئىنتىلىش ئىچىدە تىكىلىپ تۇرغان ئاشۇ مەستخۇش گۈزەل كۆزلەر ئىچىمنىڭ بىر

يېرىنى، مېڭەمنىڭ ئاللىقانداق ۋە چوڭقۇر قىناقلىرىنى بىر-بىرلەپ تىمىسقىلاپ قىدىر-
ماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇ قەدەر چەبدەس ۋە شۇ قەدەر ئىشەنچلىك ئىدى. ئۇ
كۆزلەر، ئاشۇ كۆك كۆزلەر...

بىردىنلا ئىچىمدىكى سېرىق تۇمان بىلەن مانانلىشىپ تىپتىنچ ياتقان بىر دۇنيا
ئاستا-ئاستا قىمىرلاشقا باشلىدى، مانا، ئۇ دۇنيا ئەمدى ئاستا-ئاستا سۇزۇلمەكتە ئىدى،
ئاشۇ دۇنيانىڭ بىر يېرىدىن — بىر گىرداۋىدىن، بىر قىرغاقتىن، بىر گىرىمسەن، نامەلۇم بىر
پۇچقاقتىن يەنە بىر جۈپ كۆز، دەل ھېلىقى تىنىق، ئوتلۇق ۋە نۇرلۇق بىر جۈپ كۆك
كۆز يالتىراپ قالدى. توغرا، ھېچ خاتا ئەمەس، بىر جۈپ كۆپكۆك گۈزەل كۆزلەر...

زەي پۇراپ تۇرغان قاراڭغۇ لېكىن ئازادە ئۆي... تامنى چۆرىدەپ قويۇلغان قوش
قەۋەت تۆمۈر كارىۋاتلار، ئۇ كارىۋاتلارغا يۆمىلاپ بولۇشقا يىغىپ قويۇلغان كىرلىشىپ كەتكەن
يوتقان-كۆرپىلەر، تاملارغا ئېگىز-پەس قىلىپ چاپلانغان مودا پىكاپلارنىڭ، يالىڭاچ
ئاياللارنىڭ، تاپانچا ۋە موتسىكىلىتلارنىڭ رەڭدار رەسىملىرى، يەردە چېچىلىپ ياتقان
تاماكا قالدۇقلىرى، بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا دۆۋىلىنىپ ياتقان پىۋا-ھاراق بوتۇلكىلىرى، توغرا
تارتىلغان سىملارغا ئارتىپ قويۇلغان مايكا-ئىشتانلار، كارىۋاتنىڭ بېشىدا ئەسنەپ ياتقان
ئاسلاندەك يىرتىق پايپاقلار، دېرىزىلەرنىڭ تەكچىلىرىدە ۋە بىر پۇتى سۇنۇق پارتىغا سې-
لىنغان گېزىت ئۈستىدە تاشلىنىپ ياتقان تارشىدەك قاتتىق نان پارچىلىرى، گۈلە-قاقلار...

ئاھ، شوپۇر ياتىقى... بويتاقلارنىڭ غېرىب كۆلبىسى...

بۇ ياتاقتا، بىر يىگىت تۆمۈر كارىۋاتنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ ھەۋەس بىلەن ئايى-
غىنى مايلاۋاتاتتى. باشقا پىراكتىكانت شوپۇرلار يولغا چىقىپ كەتكەچكە، بۇ ياتاقتا مۇشۇ
يىگىت يالغۇز قالغانىدى. ئۇنىڭغا بەلگىلەپ بېرىلگەن ماشىنا تېخى قايتىپ كەلمىگەچكە،
بۇ يىگىت تۆت كۈندىن بۇيان ماشىنا كۈتۈپ «لەڭ يەپ» ياتقانىدى. ئۇنىڭ تاقىتى-تاق
بولماقتا ئىدى. يېقىنلا كۇرس پۈتتۈرۈپ چىققان بۇ شوپۇر بالدۇرراق يولغا چىقىشقا،
كۇرسداشلىرى بىلەن بىر قاتاردا شەھەرمۇ-شەھەر گۈلدۈرلەپ چېپىشقا ئالدىرايتتى.
لېكىن قېرىشقاندەك...

بۈگۈن شەنبە، راستىنى ئېيتقاندا بويتاقنىڭ «ئوۋ» كۈنى. ئۇ مىزىنچىغا كىرىپ
ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا يۇيۇندى، ئاندىن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چاچلىرىنى كۆكۈل قويۇپ
تاراپ، بۇرۇتىنى قىز بالىنىڭ قېشىدەك قىلىپ ياسىتىۋالدى. ئەمدى ئايىغىلا قالغانىدى.
كۈن پاتماقتا ئىدى. يېقىنلا سۇ سېپىلگەن شەھەر كوچىلىرى، يول بويىدىكى دەل-
دەرەخلەر، كوچا ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈكلەر كەچكى كۈننىڭ قىزىلىدا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.
يىگىت ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، «سىگان قىزى» كۈيىگە ئىسقىرتقىنىچە
پىيادىلەر يولى بىلەن شەھەر مەركىزىگە قاراپ لاغايلاپ ماڭدى.

شەنبە بولغاچقىمىكىن، ئادەملەر پاكىز ۋە خۇش خۇي كۆرۈنەتتى. ماگىزىن-ئاشپۇ-
زۇللاردىن قۇلاقنى يارغۇدەك دىسكو مۇزىكىلىرى ياڭرايتتى. ئۇ ھاڭۋاقتىدەك كوچىنىڭ
ئىككى قاسنىقىغا تەكشى كۆز سېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىرەر نىشانى يوق ئىدى. پەقەت
ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا كوچىغا چىققانىدى. توغرا كېلىپ قالسا، بىرەر قىزنى تېپىپ

«ئۇۋاپېتلەشمەكچى» ئىدى...

ئۇ كىنوخانا ئالدىغا كەلدى. مىغ - مىغ ئادەملەرگە قاراپ بىردەم تۇردى. ئاندىن كاۋاپچىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كاۋاپ يېدى. ئۇ يەردىن قوزغىلىپ كىنوخانىنىڭ يېنىدىكى بوتكىغا كىردى. ئۇ يەر تېخىمۇ قىزىپ كەتكەنىدى. ئۆزىگە ئوخشاش ياش يىگىتلەر داق يەرگە زوڭزىيىشىپ ئولتۇرۇپ كەيپ قىلىشماقتا ئىدى. ئۇ پوكەينىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ يەردىكى قاڭسىق ھاۋا ھەم ئاچچىق موخۇركا ئىسىدىن ئۇنىڭ بېشى قايغاندەك بولدى. ئۇ يېرىم چىنە جۇن ئالدى - دە، بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىپ، بۇ يەردىن چىقىپ كەتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ بوتكىنىڭ ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ، ساپ ھاۋادىن قانغۇچە نەپەس ئالدى، ئاندىن ئۇياق - بۇياققا كېتىۋاتقان ماشىنا ۋە ئادەملەرگە بىر ھازاغىچە قاراپ تۇردى. ئەمدى نەگە بېرىشنى بىلمەيتتى. يىراقتىن مۇزىكا ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مۇزىكا ساداسى كېلىۋاتقان ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى تەرەپنى كۆزلەپ قويۇق دەرەخلەر چۈمكەلگەن تارغىنە ئاسفالت يول بىلەن ئۇ تەرەپكە ماڭدى.

يىللىق كېچە ئىدى. ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلايتتى، تولغان ئاي شەھەرگە بىر خىل خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىپ نۇر تۆكۈپ تۇراتتى. سارايىنىڭ ئالدى خۇددى بايرام كۈنلىرىدەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئادەملەر توپ - توپ بولۇپ كۆڭۈل ئېچىشىۋاتاتتى. بىليارت ئويناۋاتقانلار، غالتەك تېپىلىۋاتقانلار، سەيلە قىلىپ يۈرگەنلەر، گازىرچىلار، ماروژنىچىلار، قىزلار، يىگىتلەر، چوڭلار، كىچىكلەر... ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئوچۇقچىلىقتىكى مەيداندا تانسا ئويناۋاتقانلارنىڭ توپىغا كەلدى. ئۇ شۇ تاپتا شەھەر ئايلىنىپ يۈرگەن سەھرالىققا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ قىستىلىپ ئالدىغىراق ئۆتتى - دە، بىكار قالغان سېمونت ئورۇندۇققا كېلىپ جايلىشىۋالدى ۋە تانسا سورۇنىغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدى.

شېرىن تەبەسسۇملۇق چىرايلار، كۈنلۈكتەك ئېچىلغان، پاراشوتتەك كۆپكەن رەڭگارەڭ كۆڭلەك ئېتەكلىرى، چەبدەس ئاياغلار، جاز مۇزىكىسىنىڭ قۇتراتقۇچ ساداسى...

شوپۇر يىگىت تانسا ئويناۋاتقان قىزلارنى بىر - بىرلەپ ئۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزدى. قىزلار بىر - بىرىدىن ئوماق، گۈزەل ۋە خۇش خۇي كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت، ئۆزىدىن ئىككى - ئۈچ قەدەم نېرىسىدا ئادەملەرنىڭ توپى ئىچىدە نازۇككىنە ئاق بىلەكلىرىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە تانسا ئالامانىغا قاراپ تۇرغان بىر قىزنى كۆرۈپ قالدى. شۇ ھامان يۈرىكى يەڭگىلگىنە ئاسقاندەك قىلىپ، ئۇ قىزدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى.

قىز 18 - 19 ياشلاردا كۆرۈنەتتى. ئۇ چوڭ ئويما ياقىلىق ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. قىزنىڭ چېچى سېرىق ئىدى. ئۇنىڭ قويۇق كەلگەن ئالتۇن رەڭ بۇدۇر چاچلىرى ئاققۇنىڭ بوينىدەك ئاق ۋە گۈزەل بوينىنى چۈمكەپ دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇچرۇپ تۇرغان ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن قاشلىرى، قاڭشىرى خېلىلا ئېگىز كەلگەن بۇرنى قىزغا بىر خىل مەغرۇرانە گۈزەللىك بەخش ئەتكەنىدى. بولۇپمۇ قىزنىڭ كۆك ئاسماندەك تىنىق، روشەن ۋە چوڭ - چوڭ كۆزلىرى، بىر خىل ئىچكى ئۆرتىنىشنى نامايان قىلىپ يۇلتۇزدەك

چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى. بۇ كۆك كۆزلەر ئۇزۇن ۋە تال - تال چېچىلىپ تۇرغان كىر-
پىكلەر ئارىسىدا بەكمۇ سېھىرلىك كۆرۈنەتتى.

قاشىڭ قارا، كۆزۈڭ كۆك،
ئېيتاي دېسەم سۆزۈم كۆپ...

يىگىت ئۇ قىزدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. لېكىن بىراۋغا ھېچ سەۋەبسىزلا
بۇنداق تېزىرىپ قاراۋېرىشتىن سەل قورۇنۇپ، قىزدىن زورغا كۆزىنى ئۈزۈپ تانسا ئالا-
مانىغا ئۆرۈلدى. لېكىن يىگىتنىڭ مېڭىسىدە قىزنىڭ ئاق قۇدەك گۈزەل سۇمباتى، بولۇپمۇ
ئۇنىڭ كۆك نۇر بالقىپ يېنىپ تۇرغان كۆك كۆزلىرى ئەينى بىلەن ئەكسلىنىپ تۇراتتى.
يىگىت لەۋلىرىنى چىمىرىپ، شىمىنىڭ يانچۇقىدىكى بارماقلىرىنى مەھكەم تۈگۈۋالدى. ئۇ
بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەندە ياكى بىرەر مۇھىم قارارغا كەلگەندە ھەر دائىم مۇشۇنداق
قىلاتتى. بىر چاغدا، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ مېڭىسىدە قىزىل لاكلانغان ئويىنچۇقتەك ئەپچىل
ۋە چىرايلىق بىر جۈپ كەش — قىزلارنىڭ كەشى ئەكسلىنىپ قالدى. ئۇ كۆزىنى دەررۇ
يۇمۇۋالدى. كۆزىنى يۇمۇشى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى سۈرەت «لىپ» قىلىپ
باشقا بىر كۆرۈنۈشكە ئالماشتى — ئەتراپنى قىرغىقىنى يۇمران ۋە يۇمشاق قىسقا كۆكاتلار
قاپلىغان تارغىنە ئۆستەڭدە تەنھا ئادەمسىز بىر قولۋاق ئۈزۈپ كېتىپ باراتتى. قولۋاق
ئۇچلۇق، سىلىق ۋە سىدام ئىدى. قولۋاق ئالدىغا قاراپ بىر نىشاندىن تايماي، يادىن
قويۇپ بېرىلگەن ساداقتەك ئۇچلىنىپ ئۈزۈپ كېتىپ باراتتى. بۇ سۈرەتمۇ «لىپ» قىلىپ
ئۆزگەردى — جىگدە چېچەكى پەسلىدە كۆپۈپ ياتقان نەمخۇش، غىلىتاڭ بوز يەر، بوز
يەرگە قۇلاقچە پېتىپ، يەرنىڭ قېتىنى تەتۈر ئۆرۈپ كېتىۋاتقان ساپان، ساپانغا قوشۇل-
غان ياۋداق ئاتقا مىنىۋالغان قىزىل كۆڭلەكلىك رېسىدە قىز، ساپان دەستىسىنى قامالاپ،
ساپاننى ھەدەپ بوزغا نىختاپ پاتۇرۇۋاتقان بەقۇۋۋەت يىگىت...

ئۇ ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى لاۋۇلداپ كەتكەنى-
دى. بىر غىدىق ئارىلاش شېرىن جۇغۇلداش ئۇنىڭ بىر يەرلىرىنى چىڭقالدۇرۇپ، قىزىت-
ماقتا ئىدى... ئۇنىڭ كۆزى ماشىنىنىڭ چىرىغىدەك پارقىراپ قالغانىدى. ئاغزى كونا
ئۆتۈكنىڭ قونجىدەك ئېچىلغانىدى. ھازىر ئۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمەس ۋە سەزمەس ئىدى.
پەقەت قىزنىلا، ئاشۇ كۆك كۆزلۈك دىلرەبانىڭ سىيماسىنىلا كۆرەتتى. ئۇنىڭغا قارىماي
تۇرۇپ، ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ كۆرەتتى. بىركەمدە ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ
قۇرۇق يۆتىلىپ گېلىنى قىرىپ قويدى. يەنە بۇ قىلىقى ئۆزىگە بىئەپ ۋە قوپال بىلىنىپ
يېنىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر ناباپ قىلىقى بىلەن سەگەك-
لىشىپ قېلىپ شۇ دەقىقىدە ئۆزىنىڭ روھى ۋە جىسمىدا روي بېرىۋاتقان غەلىتە لېكىن
يېقىملىق سېزىمنىڭ ئۇشتۇمتۇت يوقىلىپ غايىب بولۇپ كېتىشىدىن قورقاتتى. شۇڭا ئۇ
ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھالىتىنى بۇزماسلىققا تىرىشىپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇۋەردى. تۇرۇپلا،
ئۇنىڭغا يېنىدىكى ئادەملەر ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ كاللىسىدىكى غەيرىي سۈرەتلەر
ئۆز ئەينى بىلەن ئۇلارغىمۇ كۆرۈنۈۋاتقاندەك، ئادەملەر ئۆزىدىن سەسكىنىۋاتقاندەك بىلى-
نىپ كەتتى. ئاماللىسىز ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى. قىزمۇ سېزىپ قالدىمىكىن؟

لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانىدى. ئۇ قىز تەرەپكە ئۆرۈلدى. قىز ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھالىتىنى بۇزماي تانسا مەيدانىغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئۇ قىز نېمىشقىدۇر پەرىشان كۆرۈندى. بىر چاغدا ئۇ قىز خۇددى ئېتىمنى ئاتاپ چاقىرغاندەك يىگىت تەرەپكە «لەپپىدە» قارىدى. يىگىتنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇمۇ قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. قىزنىڭ كۆزى ئۇنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. قىزنىڭ كۆزىدە شۇ ھامان تەئەججۇپ ئارىلاش خۇش-خۇيلۇق «يالت» قىلىپ قالدى ۋە شۇ ھامان مەيدان تەرەپكە قارىۋالدى. يىگىت ئەمدى قىزدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. قىزغا قارىغانسېرى بۇ قىزنىڭ گۈزەللىكىگە يېڭىدىن-يېڭى گۈزەللىك قوشۇلۇۋاتقاندەك بىلىندى. شۇ تاپتا بۇ قىزنىڭ جۇسۇنىغا ئۇنسىز كېلىپ قونۇۋالغان گۈزەللىك، خۇش خۇيلۇق يىگىتكە شۇقەدەر چۈشىنىشلىك، شۇ قەدەر يېقىن ۋە تونۇش بىلىنىۋاتاتتى. يىگىتنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سىلىپ كەتتى. ئۇ، قىزىپ قۇرۇۋاتقان لەۋلىرىنى يالىدى. شۇ تاپتا قىزنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگۈدەك ھەممىلا يېرى بۇ ھېسسىياتى قوزغىغان ياش شوپۇرنىڭ ئاچ كۆزلىرىنىڭ مۇتىھەملەرچە تىنتىشىغا ئۇچرىماقتا ئىدى ...

شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ئۇلار تونۇشۇپ قالدى. ھارغىچە تانسا ئويناشتى. بېرىپ-بېرىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بايىقى قورۇنۇشلار يوقاپ، بىر-بىرىگە خېلىلا دىدىل ۋە ئەركىن مۇئامىلە قىلىشىدىغان دەرىجىگە يېتىشتى. لېكىن قىز ئۆزى بىلەن يىگىت ئارىسىدا بىر خىل ئېنىق ۋە كەسكىن ئارىلىقنى قالدۇرغاندەك ئىدى. ئۇ خۇش-خۇيلۇق ئىچىدە بىلىنىپ تۇرغان بىر خىل جىددىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق يىگىتنى «ھەددىدىن بەك ئېشىپ» كەتمەسلىكىكە ھەر مىنۇت ئەسكەرتىپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك ئىدى.

«ئىسپان گۈزىلى» كۈيىدە ۋالىسنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن قىز ئېغىز ئاچتى:

— ئەمدى بولار، چارچىدىم ... — قىزنىڭ مەرمەردەك ئاق يۈزى لاۋۇلداپ قىزارغانىدى.

يىگىت شۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— ئەمسە بۇ يەردىن چىقىپ كېتەيلى.

قىز بىر قېشىنى تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇچۇرۇپ يىگىتكە تىكىلىپ سورىدى:

— نەگە؟

— خالىيراق، سالقىنراق بىر يەرنى ئايلىنىپ ... — يىگىت قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. قىز ئۇنىڭغا «لەپپىدە» قاراپ قويدى ۋە ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى.

— ماشىنىڭىز بىلەن كەلدىڭىزمۇ؟

يىگىت مەڭدەپ قالدى. ئۇنىڭ نەدىكى ماشىنىسى؟ كۇرسىنى پۈتتۈرگىنى بىلەن ئۇنىڭغا نەدىكى ماشىنا؟

— ماشىنا؟ ... ھەئە ... ماشىنام بىلەن ... يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، قارىسام بۇ يەر بەك قىزىپ كېتىپتۇ. شۇڭا ...

يىگىتنىڭ يۈزى قىزارغاندەك بولدى. لېكىن ئەتەي مەيدىسىنى كېرىپ قويدى. قىز سەل دىلىغۇل بولغاندەك بولدى. ئۇ نېپىز لەۋلىرىنى بېسىككىنە چىشلەپ، ئۇنىڭغا

ئارىسالدىلىق ئىچىدە تىكىلدى.

— قېنى ماڭامدۇق؟

قىز ئۈنچىقمىدى. لېكىن يىگىتكە ئەگەشتى. ئۇلار توپنى يېرىپ مەيدان سىرتىغا چىقىشتى ۋە چىراغلار چاقناپ تۇرغان ئوچۇقچىلىقتىن ئايرىلىپ، ئىككى تەرىپى دەرەخ بىلەن پۈركەلگەن ئاسفالت يولغا چىقىشتى. بۇ يول تار ۋە قاراڭغۇ ئىدى. يىگىت ئەمدى سەل دەككە - دۈككە بولۇپ قالدى. قىزغا ماشىنام بارغۇ دېدى، لېكىن ماشىنىسى قەيەردە؟ قىز سوراپ قالمىسىدى... ئاپلا... سورىسا سورىمامدۇ؟ يالغانغا سۆز كەمىدۇ؟ ئۇنى بىر نېمىلەر دەپ ئىشەندۈرىدۇ. ئاندىن بىر خالىي يەرنى تېپىپ ئۇنى يوكىنىغا تارتىدۇ... گىرىمسەن كوچا جىمجىت ئىدى. ۋىلىسىپىت مىنگەنلەر ياكى ئۆزلىرىدەك «يېتىلىشىپ» يۈرگەنلەر ئاندا - ساندا ئۆتۈپ قالاتتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چىراغلىرى ئۆچۈرۈۋېتىلگەن ئېگىز بىنالار گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تېخىمۇ ئېگىز كۆرۈنەتتى. بىر سوت رەڭ ماشىنا يولنىڭ بويىغا توختىتىپ قويۇلغانىدى. ئۇ يەردە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

يىگىتنىڭ قەدىمى بارغانسېرى ئاستىلىدى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۆزىگە ياندىشىپ كېلىۋاتقان قىزنى كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى، كاللىسىدا قىزنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ چارىسىنى ئىزدەيتتى.

قىز خاتىرجەم ۋە بەخىرامان كۆرۈنەتتى. ئۇ قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ، بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمان بوشلۇقىغا تىكىلگىنىچە، ئالدىرىماي نەدەم تاشلايتتى. «تازا ھاڭۋاقتىمۇ - نېمە بۇ؟ بايىقى تانسا مەيدانىدىكى خۇي - خۇلقىسى قېنى بۇنىڭ؟» يىگىتنىڭ ئاچ كۆزلىرى قىزنىڭ مەيدىسىدە «مانا مەن» دەپ دومبىيىپ تۇرغان كۆكسىگە قادالغانىدى. ئۇنىڭ تېنى ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ قوللىرىنى ئۇزارتىپلا ھېلىقى ئاجايىپ يۇمىلاقلارغا «كاپ» قىلىپ چاڭگال سېلىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاچ بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك يالتىراپ كەتتى، يىگىت قويۇق دەرەخزارلىق تەرەپكە ماڭدى. ئۇ قىزنى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ دەپ ئىشەنگەنىدى. قىز نېمىندۇر تۇيۇپ قالغاندەك بىردىنلا سەگەكلەشتى ۋە ئورنىدا «چىپپىدە» توختاپ يىگىتكە تىكىلدى.

— ئەمدى نەگە؟ — ئۇنىڭ ئاھاڭىدا كەسكىن سوراق بار ئىدى. يىگىت مەڭدەپ قالدى. كاپىر... توشقاندەك تۇيغۇن نېمىكەن - دە! يىگىت بېزەڭلەرچە ھىجايدى.

— ئاۋۇ دەرەخلىكتە بىردەم پاراڭلىشارمىز؟! ...

قىز گويا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ئەيىبلەش ئاھاڭىدا كەسكىن قىلىپ سورىدى:

— ماشىنىڭىز قەيەردە؟

يىگىت نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ئاپلا، يامان يەردىن ئالدىغۇ بۇ جىنەرەكۆز... راستىنى ئېيتىشقا تېخى بالدۇر ئىدى. چۆچۈپ تۇرغان بۇ باچكىلا «پۈرىدە» ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئەڭ بولمىغاندا بىر نەپەس مەيدىۋازلىق بولسىمۇ قىلىشىۋالغان بولسىمۇ كاشكى، نېرىسىغا ئۇنىمىسا نەگە كەتسە كەتمەمدۇ؟ ياق، نېمىشقا ئۇنداقمۇ

بولغۇدەك: نېمە بولسا بولسۇن، بۇنى قولدىن چىقارماسلىق كېرەك... دېگىنىنى قىلدۇالـمىسا بۈگۈن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى هارام...

— ئەنە، ئاۋۇ شۇ. ماشىنىنى مەيدانغا كىرگۈزۈشىمگىنى ئۈچۈن يىراقراق توختىتىپ قويغان.

ئۇ هېچ ئىككىلەنمەيلا يولنىڭ چېتىگە توختىتىپ قويۇلغان بايىقى سۇت رەڭ ماشىنىنى كۆرسەتتى. قىز ئۇ ماشىنىغا قاراپ قويدى ۋە سەل ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ سورىدى:

— ماشىنا نومۇرى ئېنىقتىنىڭىزدەك قىلىدىغۇ؟

يىگىت ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— شۇ... ھەئە شۇنداق، ئېنىق رايوننىڭ ماشىنىسى... مەن يېڭىلا شۇ يەرگە تەقسىم قىلىنغان... مەيەردە... بىردەم - يېرىمدەپ ئولتۇرۇپ ئاندىن «غۇيىيدە»...

قىز بېشىنى كەسكىنلىك بىلەن سىلكىدى:

— ياق، كەچ قالدىم، ئۆيگە كېتىمەن. خالىسىڭىز ماشىنىڭىزغا ئولتۇرۇۋالاي، ئېنىق شتابىمۇ شۇ تەرەپتىغۇ! ئۆتەر يولىڭىز بولغاندىكىن.

يىگىت ئالدىراپ قالدى.

— ھە؟ ئۇ... ئۇغۇ شۇنداق... لېكىن شۇ...

قىز ئۇنىڭ بىردىنلا ھولۇقۇپ قالغىنىنى باشقىغا جورىدى - دە، ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن «لەپپىدە» قاراپ قويدى. ئۇ يىگىتنىڭ غەرىزىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدى.

— ئاپىرىپ قويمىسىڭىز ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن، — قىز ئۇشتۇمتۇت ئارقىسىغا ئۆرۈلدى.

— مەن... ھەي قىز جىنىدەك تۇرۇپ تۇرۇڭ، — يىگىت ئالدىراپ - تېنەپ قىزنىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

— مېنى توسماڭ! — قىز ئۇنى سىلكىۋەتتى.

يىگىت ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. قارا بۇ سېغىزخانىنى. ئەمدى ھەممە ئىش تۈگىدىمۇ؟

ئۇ قاراڭغۇلۇقتا ئۇزاپ كېتىۋاتقان قىزغا ھاڭۋېقىپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. غۇرۇرى قاتتىق ئەدەب يېگىنى ئۈچۈن يېرىلاي دەپ قالغانىدى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە بىر خىيال كەچتى. ئۇ ئارتۇقچە ئويلاپ تۇرماي «شارتتىدە» ئارقىسىغا ئۆرۈلدى - دە، يولنىڭ چېتىدە توختاقلىق ھېلىقى ماشىنىغا قاراپ يۈگۈردى...

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

## سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسى دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەر

— مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدارىسى تەتقىقات گۇرۇپپىسى

1992 - يىل جۇڭگو تارىخىدا ئاجايىپ خاسىيەتلىك بىر يىل بولدى. بۇ يىلنىڭ باش باھار مەزگىلىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مۇھىم سۆھبەت ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئومۇمىي يىغىنىدا ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك ئېچىلىپ، يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئوتتۇرىغا قويدى، ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىكى بۇ زور ئۆزگىرىش سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى زامانىمىزدىكى جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئىتىنى بىر مۇنچە پۇرسەتلەرگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى رىقابەتكىمۇ يۈزلەندۈردى.

پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تېز كۆتۈرۈلگەن يەنە بىر قېتىملىق ئىسلاھات دولقۇنى ئالدىدا، ئەدەبىيات - سەنئەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېھتىياجىغا قانداق قىلىپ ئويغۇنلىشىپ، ئۆزىنىڭ گۈللىنىشكە، تەرەققىي قىلىشىغا باب كېلىدىغان ئۈنۈملۈك يولنى تېپىشى كېرەك؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدارىسى تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتتىكىچە تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئاساسىدا مەقسەتلىك ھالدا ئايرىلاپ تەكشۈرۈش ۋە زىيارەت قىلىش - سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق دېگىز بويىدىن جياڭسۇ، جېجياڭ ۋە ئىچكى قۇرۇقلۇقتىن سەنشى، شەنشى رايونلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ئۈستىدە بىر قەدەر ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردۇق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، مەملىكەتلىك ئامىباب تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى «ئالتۇن بۇركۈت» مۇكاپاتى پائالىيىتىگە قاتناشقان بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئەدەبىيات-

سەنئەت ساھەسىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرى بىلەن مەخسۇس تېما بويىچە سۆھبەتلەشتۇق، مۇزاكىرىلەشتۇق. مەخسۇس تېما بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش داۋامىدا، 20 دىن ئارتۇق ئەدەبىيات - سەنئەت ئورنىنى نەق مەيداندا تەكشۈردۇق، 32 قېتىم مەخسۇس تېمىلىق سۆھبەت يىغىنى ئاچتۇق، تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يولى قاتارلىق مەسىلەرنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئىجادىيەت، نەزەرىيە، تەتقىقات، نەشرىياتچىلىق ۋە باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەزى يولداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردۇق. كۆپچىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ شەكىللىنىشىگە بولغان مەلۇم تەسىرى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولىنى يېڭىباشتىن تونۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش شارائىتىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى قاتارلىق قىزىق نۇقتا بولۇۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن شەرھلەپ ئۆتتى.

## 1. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ زەربىسىدە ئەدەبىيات - سەنئەت دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەر

تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى جۇڭگونىڭ ئىقتىساد ساھەسىنى زىلزىلىگە سېلىپلا قالماستىن، مەدەنىيەت ساھەسىنىمۇ زىلزىلىگە سېلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەسلىدىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتى، تەشكىللىنىش ئۇسۇلى ۋە تەمىنلەش بىلەن تەلەپ قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن ناھايىتى زور پارتلاش دولقۇنى ھاسىل قىلدى، زامانىمىزدىكى جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئىتى ئالدىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر قويۇلدى.

تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان زەربىسى، يىغىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىدىن ئېيتقاندا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدە، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ چېكىدىن ئاشقان «سول» لۇشيەنىنىڭ كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش جەريانىدا، ئەدەبىيات - سەنئەت باتۇرلۇق بىلەن ئىدىيىۋى سەپنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىش يولىدا ئاجايىپ قالتىس تۆھپە ياراتتى، ھەممە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە ئىگىلىكنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئېتىبار بىلەن قارايدىغان قىزىق نۇقتا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىقتىسادقا يۆتكىلىپ، 80 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىر ئەدەبىي ئەسەرنى ھەممەيلەن تالىشىپ ئوقۇيدىغان، ئادەتتىكى بىر ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلى نەچچە يۈز مىڭ، نەچچە مىليون

نۇسخا تارقىتىلىدىغان، ھەر خىل تىپتىكى كىنوخانا، تىياتىرخانىلار ھەر قېتىمدا لىق تولىدىغان ھالەت يوقالدى. تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئەدەبىيات-سەنئەتكە يېڭى ھاياتىي كۈچ ۋە جانلىنىش بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تاۋار ئىگىلىكىدە ئاساسەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش تەكىتلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز ئىدى. بۇنىڭغا قارىتا بىزدە يېتەرلىك ئىدىيىۋى تەييارلىق بولمىغانلىقى، ھەتتا ئەدەبىيات-سەنئەتنى تەڭشەش، باشقۇرۇش جەھەتلەردە ئەھۋالغا قاراپ زۆرۈر ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش تەدبىرلىرىمىز كەم بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە، نۇرغۇن ئەدەبىيات-سەنئەت تۈرلىرىنىڭ تاماشىبىنلىرى ۋە كىتابخانلىرى تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى ئازىيىپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. ناھايىتى ئاممىباب بولغان كىنو سەنئىتىدىمۇ تاماشىبىنلار 1992-يىلى مەملىكەت بويىچە ئۈچ مىليارد ئادەم قېتىم ئازىيىپ كېتىپ، بىلەت سېتىش كىرىمى بۇرۇنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 300 مىليون يۈەن تۆۋەنلەپ كەتكەن، مەملىكەت بويىچە 6000 دىن ئارتۇق كىنو قويۇش ئورنى تىجارەتتىن توختاپ، باشقا ھاياتلىق يولىنىڭ كويىغا چۈشكەن.

ئىككىنچى، مەدەنىيەت بازارلىرىغا قارىتا ئېيتقاندا، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە تاۋار بازىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كۆپلىگەن ئائىلىلەر ئۈنئالغۇ-سىنئالغۇ ۋە تېلېۋىزورغا ئىگە بولدى، جەمئىيەتتە ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى شىددەت بىلەن تېز كۆپەيدى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش ئۇسۇلى كۈندىن-كۈنگە كۆپ خىللاشتى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسلىدىكى كىتاب شەكلى ۋە سەھنىدە ئويۇن قويۇش ئۇسۇلى بىلەن تەنھا جىلۋە قىلىدىغان، مەدەنىيەت بازىرىنى ئۆزىلا ئىگىلىۋالىدىغان ۋەزىيەت كەلمەسكە كەتتى. مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ كۆپخىللىششى بىلەن باغلىنىشلىق ھالدا كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرلىك ئەدەبىيات-سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى تاللاش ئىمكانىيىتىمۇ نىسپىي ھالدا زورايدى، ئەدەبىيات-سەنئەت پۈتكۈل زېھنىنى يىغىپ بازار رىقابىتىگە توغرا تۇرمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇرۇنقىدەك ھەر قانداق ئەھۋالدا ئوخشاشلا قارشى ئېلىنىدىغان ئىشەنچ ئەمدى تۈپتىن يوققا چىقتى.

ئۈچىنچى، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىن ئېيتقاندا، بىر تەرەپتىن، كۆپچىلىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە نىسبەتەن بىر خىل ئاكتىپ ياقلاش پوزىتسىيىسىدە بولماقتا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار تاۋاردىن ئىبارەت زور دولقۇننىڭ زەربىسى ئارقىسىدا ئەدەبىيات-سەنئەت دۇچ كەلگەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىيىنچىلىقىدىن ئەنسىرىمەيمۇ تۇرالمىدى. ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەردە ئۈمىد بىلەن گاڭگىراش تەڭ مەۋجۇت بولغان بىر خىل مۇرەككەپ روھىي ھالەت ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانماقتا. ئەدەبىيات-سەنئەت جەمئىيەتلىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىدا خىراجەتنىڭ قىسلىقى، ئەدەبىيات-سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەش، ئويناش

ۋە نەشىر قىلىش تەننەرخىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەدەبىيات-سەنئەت
بازارلىرىدىكى رىقابەتنىڭ ئۆتكۈرلۈكى تۈپەيلىدىن، ئىقتىسادىي مەنپەئەت مەسىلىسى، بە-
زى چاغلاردا قىسمەن ئەدەبىيات-سەنئەت ئورۇنلىرىدا بىرىنچى ئورۇندىكى مۇنازىرە
تېمىسى بولۇپ قالماقتا، ئەدىبلەر «پايدا توغرىلىق ئېغىز ئېچىشتىن نومۇس قىلۇر»
دېيدىغان ئەنئەنىۋى قاراش ئۈزۈل-كېسىل بىتچىت بولماقتا. تاۋارنىڭ كۆپىيىشى، بازار-
نىڭ گۈللىنىشى، جەمئىيەتتىكى باشقا كەسىپلەردە ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ ماددىي تۇر-
مۇش سەۋىيىسىنىڭ نىسبەتەن زور دەرىجىدە ياخشىلانغانلىقى نىسپىي ھالدا نامرات
بولغان سەنئەتكارلارنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا رىغبەتلەندۈرمەكتە.
ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ئەمدى سودا-سېتىق، پۇل-پۇچەك توغرىلىق سۆزلىشىشنى نو-
مۇس دەپ قارىمايدىغان بولدى. بىزنىڭ تېما بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بىرىنـ
چى نۇقتىمىز جىياڭسۇ بولۇپ، تۇنجى قېتىملىق سۆھبەت يىغىنىدا، ئۇسسۇل نەزەرىيە تەت-
قىقاتى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت شۇغۇللانغان بىر سەنئەتكار بىرىنچى بولۇپ سۆز قىلىپ،
كەينى ئەگىتمەيلا مۇنداق دېدى: ھازىر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈ-
ۋاتقىنى نېمە؟ پۇل! چۈنكى پۇل بولمىسا، نومۇرلارنى رېپېتىس قىلغىلى بولمايدۇ،
ئوينىغىلى بولمايدۇ، سەنئەتكارلارنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلىغىلىمۇ بولمايدۇ. پۇل يېتىش-
مىگەنلىكتىن، نامرات پېتى قېلىۋېرىشكە تەن بەرمەيدىغان خېلى بىر
قىسىم سەنئەتكارلار ئىچىدە قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، تىجارەت دېڭىزىغا
كىرىۋاتقانلار ياكى قەلەمنى تاشلاپ سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار كۆپەيمەكتە.
ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان يازغۇچى، سەنئەت-
كارلار ئىدى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لۇۋېنفۇ كونا سۇجۇ
شۇەنۋېن ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ دۇڭشىجاڭلىقىنى ئۆتىمەكتە؛ نىڭشيا ئەدەبىيات-
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جاڭ شيەنلياڭ بۇيرۇققا بىنائەن تىجارەت دېڭىزىغا
كىرىپ، ئىككى شىركەت قۇردى؛ ئاتاقلىق يۈجۈي تىياتىر ئارتىسى ۋاڭ ۋېنجۈەن بى-بى
مەدەنىيەت-سەنئەت شىركىتى پۇدۇڭ شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى بولدى؛ گۇاڭشى
مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، «لىيۇ سەنجېي» نىڭ رولىنى ئالغان خۇاڭ ۋەن-
چيۇ «لىيۇ سەنجېي» كارخانا گۇرۇھىنى قۇردى؛ ئاتاقلىق كىنو ئارتىسى ياڭ زەيباۋ ۋېنجۇ
خەلقئارا كىنو-تېلېۋىزىيە ئېلان-ئۇچۇر شىركىتى ئاچتى؛ ئىشچى يازغۇچى خۇزەنچۈن
سودىگەرچىلىك سېپىنى چەت ئەللەرگىچە ئۇزارتىپ، ۋېيتنامدا ھەسسىدارلىق شىركىتى
قۇردى ... مەيلى بىۋاسىتە سىناق قىلىپ، تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن بولسۇن ياكى «يو-
شۇرۇن ئېنېرگىيىنى قېزىپ»، «ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش» ئۈچۈن بولسۇن ۋە ياكى
ئۆز كەسپىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسىنى يېڭىباشتىن لايىھىلەش
ئۈچۈن بولسۇن، ئەدىبلەرنىڭ بەس-بەس بىلەن تىجارەت دېڭىزىغا كىرىۋاتقانلىقى تاۋاردىن
ئىبارەت زور دولقۇن زەربىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى يېتەرلىك دەرىجىدە نامايان
قىلىدۇ. بۇرۇن ھەممەيلەننىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئىجادىيەت بىلەن قانداق شۇغۇللىنىش-
تىن ئىبارەت ئىدى. ھازىر بىر مۇنچە كىشىلەر قانداق قىلغاندا پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقى

ھەقىقەتتە سىزىلىشتىن چىققان بولۇپ قالدى. كومپوزىتورنىڭ بىر ئاھاڭى 20 يىلدىن
30 يىلغىچە يارايدۇ، لېكىن ئۇ ئۇنتۇلغىنى لېنتىسىغا، سودا ئېلانلىرىغا بېرىلىپ ئالچە-
مۇنچە مىزىكىلاشتۇرۇلسىلا، ئۇنىڭغا نەچچە مىڭ يۈەن كېلىشى مۇمكىن. كەسىپ بىلەن
سودا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەدەنىيەت ئەربابلىرىنى دائىم چىرماپ تۇرماقتا. يازغۇ-
چىلار كۆڭلىنى توختىتىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇستىدىلا باش قاتۇرۇشقا ئامالسىز
قالغانلىقتىن، شائىخەيدىكى بىر ئاتاقلىق يازغۇچى شۇنچە كەڭرى بوشلۇققا تىپتىنچ
تۇرىدىغان بىر ئۈستەل پاتمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان.
تۆتىنچى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھازىرقى تۈزۈلمىسىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئەدە-
بىيات-سەنئەت تۈزۈلمىمىز ئازاد رايونلاردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت تۈزۈلمىسى ئاسا-
سىدا، ئاساسەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈلگىسىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇل-
غاندىن كېيىنكى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا ئورنىتىلغان.
بۇ خىل تۈزۈلمىدە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا قارىتا ئاساسىي جەھەتتىن دۆلەت
ھۆددىگە ئېلىش چارىسى قوللىنىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ تارىختا ھەقىقەتەن بىر مۇنچە
ئىجابىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر مۇنچە ئىللەتلەرنىمۇ قالدۇرغان. تاۋار
ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئىشچانلارنى مۇكاپاتلاش، ھورۇنلارنى جازالاشقا
بولمايدىغان داشقازان تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە دۆلەت ئەدەبىيات-سەنئەت
ئورۇنلىرىغا ئاجرىتىلىدىغان خىراجەتنى مەقسەتلىك ھالدا تىزگىنلىدى. بۇ ھال بەزى
ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىغا مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھېس قىلدۇرغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلارنىڭ تۈپتىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتە تېخى تەسىر
كۆرسەتكىنى يوق. ۋەھالەنكى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق بەش
بۆلۈمنىڭ ھۆججىتىدە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيەتلىرىنى قەدەممۇ قەدەم ئىجتىما-
ئىيلاشتۇرۇش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، كۆپ ساندىكى ئەدەبىيات-سەنئەت
تەشكىلاتلىرىنىڭ مالىيىسى مۇقەررەر ھالدا بارغانسېرى ئۆزگە تايىنىش، ئۆزى غەملەشكە
يۈزلەندى، «باقماسلىق» ئەندىشىسى بىر مەھەل ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەر
ئىچىدە بولىدىغان گەپ-سۆزنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالدى. قانداق قىلىپ داۋاملىق
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مەسىلىسى، شۈبھىسىز ھالدا، ئەدەبىيات مۇنبىرىنى تېخىمۇ
قاتتىق سىناققا يۈزلەندۈردى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، مەملىكەت
بويىچە 80% تىن ئارتۇق ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىدا ئېغىر ھالدا مەبلەغ يېت-
مەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت ئىكەن. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق كىنو-تىيا-
تىرخانا ۋە ئۆمەكلەرگە دۆلەت تەرىپىدىن ئاجرىتىلىدىغان كەسپىي خىراجەت كۆپىنچە
كىشى بېشىغا تەقسىم قىلىنىدىغان خىراجەت ئۈچۈن ئارانلا يېتىدىكەن؛ ئۆلكە، شەھەر،
ئاپتونوم رايونلارغا قاراشلىق كىنو-تىياتىرخانا، ئۆمەكلەرگە دۆلەت تەرىپىدىن ئاجرىتى-
لىدىغان خىراجەت كىنو-تىياتىرخانا، ئۆمەكلەر چىقىمىنىڭ 50% ىنىلا ئىگىلەيدىكەن.
شائىخەيي ئوپېرا ئۆمىكىدە 200 ئادەم بار چاغدا بېرىلىدىغان خىراجەت بىر مىليون يۈەن
ئىدى؛ ھازىر بۇ ئۆمەكنىڭ ئادەم سانى پېنسىيىگە چىققان خادىملار بىلەن 600 گە

يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن خىراجەت بىر مىليون 200 مىڭ يۈەنلا بولۇپ، ئۇنىڭدىن باھا
ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە خىراجەت يىلىمۇ يىل ئازايغان. مالىيىسى
زور ھېسابلىنىدىغان جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەدەنىيەت نازارىتىدە يىلدا تۆت مىليون يۈەن
مەبلەغ كەملىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەسئۇلى ھەر تەرەپكە قاتراپ ياردەم
سوراشقا مەجبۇر بولۇپ، «تىلەمچىلەر گۇرۇھىنىڭ كاتىپى» دەپ ئاتالغان. دۆلەتنىڭ
مۇھىم تەشۋىقات ۋاستىسى بولغان تېلېۋىزىيىگە سېلىنىدىغان دۆلەت سېلىنمىسى ئۇنىڭ
چىقىمىنىڭ ئاران ئوندىن بىرىنىلا ئىگىلەيدۇ. ھەر يىلى مەملىكەت بويىچە ئىشلىنىدىغان
تېلېۋىزىيە تىياتىرى 5000 كە يېقىنلىشىدۇ، ئۇنىڭغا 250 مىليون يۈەن خىراجەت كې-
تىدۇ، ۋەھالەنكى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سالىدىغان كەسپىي مەبلىغى
ئاران 10 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، قالغان قىسمىنىڭ خېلى زور نىسبەتتىكىسى ياردەم
تىلەش ئۇسۇلى بىلەن ئىئانە تەرىقىسىدە توپلىنىدۇ. كۆپلىگەن ئەدەبىيات - سەنئەت
ئورۇنلىرىغا ھۆكۈمەت ئاجراتقان پۇلدىن كىشى بېشىغا چېچىلىدىغان خىراجەت چىقىرىۋېتىل-
گەندىن كېيىن ھېچقانچە نەرسە قالمايدۇ، كەسپىي خىراجەت بىر قېتىملىق چوڭ تىپتىكى
ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ياكى ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشكىمۇ يەتمەيدۇ.
خىراجەتنىڭ قىسلىقى بىر مۇنچە ئەدەبىيات - سەنئەت ئورۇنلىرىنى بىرىنچى، ئىككىنچى
قول باشلىقلار قول قويغاندىن كېيىن ئاتچوت قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا مەجبۇر قىلغان
بولسىمۇ، يەنە بىر مۇنچە ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى يۈز يۈەن، مىڭ يۈەنلىك
داۋالىنىش تالونلىرىنى ئاتچوت قىلالمىغىنىدىغان ئورۇن تاپالماي يىلبويى يېنىدا ساقلاپ
يۈرمەكتە. مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ جىددىي بېسىمى ئالدىدا، بەزى ئەدەبىيات - سەنئەت
خىزمەتچىلىرى ھەتتا ئاشكارا ماقالە ئېلان قىلىپ، «يەنە قانچە كۈن ئەدىب بولالايمىز»
دەپ قايغۇرماقتا.

ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ زەربىسىدە پەيدا بولغان ئۇرغۇن
يېڭى ئەھۋاللارغا ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئىنكاس
قايتۇرماقتا.

بىر قىسىم كىشىلەر تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلى-
كى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشنىڭ دۆلىتىمىز، خەلقىمىز پايدىلىق بولغان دانا تەدبىر ئىكەن-
لىكىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ ھەمدە ئۇنى چىن دىلىدىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ،
لېكىن تاۋاردىن ئىبارەت زور دولقۇننىڭ زەربىسىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى جەھەتتە نۆۋەتتىكى قىيىن ھالەتكە قارىتا گاڭگىراش ۋە ئارىسال-
دىلىقىنى روشەن ئىپادىلىمەكتە. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش مەزگىلىدە ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەتنىڭ يۆلەكى دەپ قارالماس-
لىقى كېرەك، چۈنكى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا
سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش — بىزنىڭ مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىمىز،
ئىدىيە، مەدەنىيەت (جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت) قۇرۇلۇشىغا سەل قارايدىغان ھەر
قانداق تونۇش ئىنتايىن زىيانلىق. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا،

كەم بولسا بولمايدىغان ئىدىئولوگىيە ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ياراتقان ئىجتىمائىي قىممىتىنى مىقدارلاشتۇرۇلغان ئۇسۇل بىلەن باھالاش مۇمكىن ئەمەس. بىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ، كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەتنىلا كۆزلەپ، ئەدەبىيات-سەنئەتكە سۇيىئىستېمالچىلىق نەزەرى بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز، مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىغا ئاز-تولا مەبلەغ سېلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ھېچبولمىغاندا سەنئەتكارلارنىڭ مەنىۋى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشتا بىر خىل بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

بىر قىسىم پېشقەدەم يولداشلارنىڭ قارىشىچە، سەنئەتكارلارنى پالانى بېقىۋاتىدۇ دېگەن سۆزنى يېنىكلىك بىلەن ئېيتىشقا بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە سەنئەتكارلار ناھايىتى تۆۋەن ھەق بەدىلىگە غايەت زور مەنىۋى بايلىقلارنى ياراتتى. ئەمدىلىكتە بىز قانداقتۇ بىراۋلار تەرىپىدىن بېقىلغان دېيىلسەك قاملاشمايدۇ. بۇ گەپ ئادەمنىڭ دىلىغا ئازار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت سەھنىسىنى جانلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان كۆپلىگەن ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرى پارتىيىمىز نەچچە ئون يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئىشەنچلىك قوشۇن، ئۇلار جەمئىيىتىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش — ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا كۆز يۇمۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىگىلا ئېسىلىۋالساق، ئۇلارنىڭ ناللىماستىنلا سودىگەرلىك سېپىگە قېتىلىپ كېتىشىگە يول قويساق (ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى ئۈستىدە ھازىرچە توختالماي تۇرايلى)، تالانتتىن تولۇق پايدىلىنالماسلىقنىڭ ئۆزى بايلىقنى ئىسراپ قىلغانلىق بولىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت قۇرۇلۇشى ئۇزاق مۇددەتلىك جۇغلانمىغا مۇھتاج، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ئاز-تولا خاتالىق يۈز بەرسە، بىر نەچچە يارامسىز مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلسا، ئۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ، ئەگەر مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىپ قويساق، ئۇلار مۇئەييەن يارامسىز مەنىۋى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارسا، ئۇ ھالدا يامان ئىجتىمائىي ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، ھەتتا جەمئىيىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت سەۋىيىسى چېكىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، ئۇنىڭ زىيىنىنى تولدۇرۇش ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

يەنە بىر قىسىم يولداشلار يۇقىرىدىكى پىكىرلەرگە قوشۇلمىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھەممە ئادەم ئېتىبار بىلەن كۆز تىكىدىغان ئورۇندىن چېكىنگەنلىكى ئىنتايىن نورمال ئەھۋال. بۇرۇنقى شانۇ-شەۋكەت ئەدەبىيات-سەنئەت بازىرىدىكى غەيرىيلىكنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «بۇرۇن خان-غوجاملارنىڭ ئايۋىنىدا تۇرغان قارلىغاچلار ئەمدى پۇقرانىڭ ئۆيىگە كىردى» دېگەندەك، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ غايىۋى بوشلۇقتىن يەر يۈزىگە قايتىپ چۈشكەنلىكى، تاشلىنىپ قالغانلىق تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولغانلىقى ياخشى ئىش، ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئۆزىگە يۈزلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ خىل تاشلىنىپ قېلىش ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ

تۆۋەنلىگە، تۈپتۈز يولغا ماڭغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەدەبىيات-
سەنئەتنىڭ ئاگىلدىقلىقى، ھەقىقىي گۈللىنىشكە يۈزلىنىش قىلغانلىقىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.
ئىدى. جياڭسۇدىكى بىر مەشھۇر يازغۇچى مۇنداق ھېسابلىدى: ئەدەبىيات-سەنئەت ساھە-
سىدىكىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىق ئەدەبىيات-
سەنئەتنىڭ تاۋار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت زور دولقۇنغا قوشۇلۇش يولىدا بېرىدىغان مۇ-
قەررەر بەدىلى، بۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشتە مۇقەررەر
بېسىپ ئۆتىدىغان جەريان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنىڭدىن چۆچۈپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق.
بازار ئىگىلىكىنىڭ زەربىسى ئارقىسىدا، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئەسلىدىكى نىسبەتەن بىر
خىل بولغان تۈزۈلمىسى بىلەن ھالىتىنى تەڭشەش ۋە ئۆزگەرتىش تارىخىي ئىلگىرىلەش
ھېسابلىنىدۇ. تاۋار ئىگىلىكىگە خاس رىقابەت مېخانىزمىنى قوللىنىش ئىجادىيەت ئىقتى-
دارىغا ئىگە بولغان يازغۇچى، سەنئەتكارلارنى ئۆز قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە
ئىگە قىلىشقا پايدىلىق. ئۈزۈندىن بېرى بېقىلىپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىدارسىز
سەنئەتكارلارنى سەپتىن چۈشۈرۈپ قويۇشقا، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىپ
تۇرۇشىغا پايدىلىق. بىر قىسىم يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ تىجارەت دېڭىزىغا كىرىپ،
سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ يامان ئىش بولۇشى ناتايىن، بۇ ھال ئۇلارنى
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇرمۇشنى
چوڭقۇر ئۆگىنىش، چوڭ-چوڭ ئەسەرلەرنى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى مۇمكىن.
يېقىندىن بۇيان داغدۇغا پەيدا قىلىۋاتقان چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقانلار ئەدەبىياتى، قىز-
ئوغۇل ئىشلەمچىلەر ئەدەبىياتى دېگەنلەر مانا مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەردۇر.

ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى قىيىن شارائىت تۈپەيلىدىن بازار ئىگىلىكى ئالغا باسماي
توختاپ قالمايدۇ، قۇرۇق خىيال ۋە زارلىنىشلارنىڭ ھېچقايسىسى مەسىلىنى ھەل قىلال-
مايدۇ. ھەقىقىي ئەدەبىيات-سەنئەت زەربىدىن قورقمايدۇ، تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش نەتىجىسىدە ۋەيران بولۇپمۇ كەتمەيدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت سەھنىسىدىن
ئۈمىدسىزلىنىشكە بولمايدۇ. ھەقىقىي غايىلىك يازغۇچى، سەنئەتكارلار غايىۋى ئىستىكىدىن
ۋاز كەچمەيدۇ، خۇددى بەزى يازغۇچىلار ئېيتقاندەك، «پۇل مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ئاسان-
لاشتۇرىدۇ. ئەمما كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئاداققى ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىم
بىلەن ئىستىكىمنى مەڭگۈ قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ»، «ئەدەبىيات-سەنئەت مېنىڭ ئەقىدەم
ۋە مەنىۋى تۈۋرۈكۈم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مېنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش يولىدىكى
ئىزدىنىشىمنىڭ ئىپادىلىنىش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى». سەنئەتكارلار پۇلنىڭ
ئېزىقتۇرۇشىنى يېڭىشكە باتۇرلۇق كۆرسىتەلەيدىغان، ماددىي نەپ ئالدىدا ئىنساپلىق
بولالايدىغانلا بولسا، ئەدەبىيات-سەنئەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش جەھەتتىكى قىيىن ۋە-
زىيەتتىن قورقۇپ قالمايدۇ. شۇڭغا ئىشىنىمىزكى، ئەدەبىيات-سەنئەتنى تەڭشەش نە-
تىجىسىدە بارلىققا كەلگەن نۆۋەتتىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتىن كېيىن، ئەدەبىيات-سەن-
ئەت مۇقەررەر ھالدا قىيىن ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇپ، تاۋار ئىگىلىكى زور دولقۇنىدا گۈل-
لىنىشكە، راۋاجلىنىشقا باب كېلىدىغان بىر يول تېپىپ چىقالايدۇ.

## 2. زەربە ئالدىدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولىغا يېڭىباشتىن باھا بېرىش

ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى قىيىن ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب دەرۋەقە تاۋار ئىگىلىكى زور دولقۇنى ھاسىل قىلغان زور زەربە بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەمما ئۇ ھەرگىز بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس. بىر مەزگىللىك تولغاقنى باشتىن كەچۈرگەن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى ئۆزىگە سوغۇققانلىق بىلەن باھا بېرىپ، ئۆزىنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ زەربىسىگە نېمە ئۈچۈن بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىنىڭ ئىچكى سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى.

ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ئۆزىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، مۇنداق بىر پاكىتنى ھەيرانلىق بىلەن بايقاپ قالدى، ئۇ بولسىمۇ، قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، زارلىنىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى جىددىي ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارماقلار بولۇپ، ئاممىباب، كۆڭۈل ئېچىش مەدەنىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارماقلارغا بولسا، ئامەت قۇشى قونۇپ، ئۇلار تېزلىكتە ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ زەربىسىگە ئوخشاشلا ئۇچرىغان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بەزىلىرى نېمىشقا چۆنتىكى قۇرۇق ھالدا بوينىنى قىسىپ يۈرىدۇ، بەزىلىرى بولسا، پۇلىنىڭ جىقلىقىدىن ھۆركىرەپ يۈرىدۇ؟ ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەقدىرى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرق ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ. مەسىلە زادى قەيەردە؟ جىددىي ئەدەبىيات ئازار يېگەنلىك تۇيغۇسىدا بولسا، ئاممىباب ئەدەبىيات - سەنئەت بۇنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش دەپ ھېسابلايدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ ھالقىلىق يېرى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولى ھەققىدىكى ئىختىلاپتا. 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەم ئاددىي، ھەم مۇرەككەپ بولغان مۇنداق بىر مەسىلىگە ئىنتايىن قىينالغان ھالدا يۈزلەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس: ئەدەبىيات - سەنئەت دېگەن زادى نېمە؟ بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئورنىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

يېڭى دەۋر باشلانغاندىن بۇيان، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىنى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولىنى يېڭىباشتىن تونۇش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ياراتتى. ئەسلىدىكى چەكلەنگەن رايونلار ئارقا - ئارقىدىن بۆسۈپ تاشلاندى. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئۈزۈل - كېسىل ئىنكار قىلىش، تارىخ ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش، ئۆزگىرىشلەرنى مەدھىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىپادىلەپ، ئارقا - ئارقىدىن زىلزىلە پەيدا قىلىپ، ناھايىتى زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلدى. ۋەھالەنكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ھەددىدىن ئارتۇق مەست بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك، ئۇ

ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن سەنئەتنى يېڭىچە تەڭشەش ئىشىنى ئېلىپ باراالمىدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزى مېڭىپ كۆنۈپ قالغان كونا يول بويىچە ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، سەنئەتتە يېڭىلىق يارىتىش تەلپىگە سەل قارىدى؛ بىر قىسىم كىشىلەر رېئاللىقنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان ھالدا «ئەبەدىيلىك» نى قوغلىشىپ، سەنئەت ئۇستىدىكى ئىزدىنىشنى مۇشەققەتلىك يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلاندۇردى. ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن كىتابخانلار ئوتتۇرىسىدىكى شېرىن ئاي ئاخىرلاشتى، كىشىلەر ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاممىدىن ئايرىلغانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى ماسلىشىپ بەرمەسلىك ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەشكە باشلىدى. ئاممىباب ئەدەبىيات بۇ خىل ئەھۋالدا يېقىن يول بىلەن ئالدىغا ئۆتتۈۋېلىپ، بازارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، «خېرىدار - خۇدا» دېگەن ئەقىدىنى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە ئېلىپ كىردى. ئاممىباب ئەدەبىيات زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ بىكار ۋاقىتلىرىنى كۆڭۈل ئېچىش بىلەن ئۆتكۈزۈش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىدىغان ناھايىتى كۆپ ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، لەززەتلىك ھەم قىزىقارلىق ئۇسلۇبى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش يولى بىلەن ئۆزىنى ئادەتتىن تاشقىرى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇردى.

زامانىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى بۇ خىل تارىخىي ھادىسىگە قانداق قاراش — كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولىنى چۈشىنىشىدىكى ئاچقۇچ.

ئاممىباب ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىسمەن يولداشلارنىڭ قارىشىچە، بىز ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەربىيىۋى رولى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دەيدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشىنى ئۇزۇل - كېسىل ئىنكار قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دەيدىغان قاراشنى مەردانىلىك بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ئاساسى شۇكى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى پۇل خەجلەپ كۆرۈشتە ئالدى بىلەن دوكلات ئاڭلاش، تەربىيىگە ئېرىشىش بولۇش ئەمەس، بەلكى ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ۋە كۆڭۈل ئېچىش مەقسەت قىلىنىدۇ. كۆڭۈل ئېچىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويمىغاندا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنى ياقتۇرۇپ كۆرۈشى، ئاڭلىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. قىزىقارلىق بولمىسا، ئۇنى تاماشىبىنلار كۆرمەيدۇ، ئۇ ھالدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەربىيىۋى رولى جارى قىلدۇرۇلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئامما نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا، شۇنى ئىشلىشىمىز كېرەك، دېگەن قاراشنى تىكلەش كېرەك. ئېھتىياجغا بويسۇنۇش ئەقىلگە مۇۋاپىق بىردىنبىر توغرا ئۇسۇل. بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلمىغاندا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ نۆۋەتتىكى ناچار ھالىتىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنىڭ چىقىش يولىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا جىددىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى يولداشلار تەربىيىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل ئېچىشقا سەل قاراشنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن ئاممىنىڭ يىراقلىشىشىنى مەلۇم دەرىجىدە كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى

ئېتىراپ قىلىسىمىزۇ، ئەمما ئۇلار بىر قۇتۇپتىن ئىككىنچى بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىشكە قو-
شۇلمايدۇ. بىر تەرەپتىن، ئامىباب ئەدەبىيات بازار ئېھتىياجىدىكى بىر يوچۇقنى تولدۇر-
غانلىقى ئۈچۈن كۈللىنىشكە باشلىدى، شۇڭا ئۇنىڭدا ئەقلىگە مۇۋاپىق ئامىللار بار، ئەمما
مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىمۇ كۆرۈش كېرەك. ئامىباب ئەدەبىياتنىڭ بازىرى چەك-
سىز ئەمەس، بازار تويۇنغان، زور دولقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدا پەسىيىش
بولىدۇ. «ھولمىس» ۋە شياڭگاڭ، تەيۋەنلەرنىڭ چامباشچىلىق ھەققىدىكى بەزى رومانلى-
رىنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلگەن كىتابلار جاۋەنلىرىگە تىزىلىپ قالغانلىقى بۇنىڭغا ناھايىتى
ياخشى مىسال بولالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولى كۆڭۈل
ئېچىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، كۆڭۈل ئېچىش تەرىپىنى، سەزگۈ ئەزالارغا بولغان قوز-
غىتىش تەرىپىنى ھەددىدىن ئارتۇق قوغلاشقاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەدەبىيات-
سەنئەت بولماي قالىدۇ. ئىلگىرىكى بىرنەچچە يىلدا بىز ئامىباب ئەدەبىيات - سەنئەت
بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتۇق. نەتىجىدە كۆپلىگەن چاكىنا، پەسكەش،
سېرىق نەرسىلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ ھال ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ نام - شۆھرىتىگە ئىن-
تايىن زور دەرىجىدە داغ تەگكۈزۈپ، جەمئىيەتكە ناھايىتى زور زىيان يەتكۈزدى، شۇ-
نىڭ بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت زور كۈچ سەرپ قىلىپ، «سېرىق» نەرسىلەرنى تازىلاش
ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى، بۇ ساۋاق بەكمۇ ئېچىنىشلىق بولدى. تاۋار ئىگىلىكى
شارائىتىدا تاۋار خاراكتېرىنى ئالغان كۆڭۈل ئېچىش مەدەنىيىتى تەشەببۇس قىلىنمىغان
ھالەتتىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك كۈللىنىدۇ، بۇ، مۇقەررەرلىك. ئامىباب ئەدەبىيات - سەنئەت تاما-
شىبىنلارنىڭ زور تۈركۈمىنى تارتىۋېلىپ، جىددىي ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەيۇسلىنىشى
ۋە خارابلىشىشىغا سەۋەب بولدى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەممىسىنى بىرلا تار
يولغا قىستاپ قويۇشىمىزنىڭ زادىلا ھاجىتى يوق. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كۆڭۈل ئېچىش
خۇسۇسىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىش نورمال ئەھۋال، ئەمما ئۇنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقا
بولمايدۇ.

يەنە بىر قىسىم يولداشلار كۆڭۈل ئېچىش بىلەن تەربىيىدىن قايسىسىنى بىرىنچى
ئورۇنغا قويۇش مەسىلىسىگە ھەددىدىن ئارتۇق ئېسىلۋالماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ،
نۆۋەتتىكى جىددىي مەسىلە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولىنى ئوبيېكتىپ، سوغۇققان
ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىشتىن ئىبارەت، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئېغىرلىق نۇق-
تىسى بولۇشى، ئەمما يەنە بىر تەرەپنى ئىنكار قىلماسلىقى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئەدە-
بىياتنىڭ ئېستېتىك زوق بېغىشلاش، كۆڭۈل ئېچىش، بىلىش، تەربىيىۋى رولى بىر-
بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، ئۇلار بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى
ئەمەس. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەڭ ياخشىسى يەنىلا يولداش جۇ ئېنلەينىڭ «تەربىيىنى كۆ-
ڭۈل ئېچىشقا سىڭدۈرۈش» دېگەن سۆزى بويىچە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەربىيىۋى رولى
بىلەن كۆڭۈل ئېچىش رولىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، بىز ئىخ-
تىلاپلارنى تۈگىتىشنىڭ تۈگۈنىنى تاپالايمىز.

ئۇزاق مۇددەت بەدىئىي نەشرىياتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان پېشقەدەم مۇھەررىر

ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىتابلىرى بازىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇنداق ھېسابلىدى: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاممىباب ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن جىددىي ئەدەبىياتنىڭ چېكى كۈندىن ـ كۈنگە ئوچۇق ئايرىلدى ۋە ھەممە ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئىككى يولنى بويلاپ داۋاملىق راۋاجلىنىدۇ. تەربىيىنى كۆڭۈل ئېچىشقا سىڭدۈرۈش نۇقتىئىنەزەرىگە ئەمەل قىلىپ، ئاممىباب ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قىزىقارلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەۋەسكارلىرىغا پايدىلىق بولۇشىنىمۇ تەكىتلەش كېرەك، ئاممىباب ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قىزىقارلىق بولۇش، پايدىلىق بولۇش ئۆلچىمى بويىچە ئەستايىدىل قوللاپ ۋە يېتەكلەپ، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا ۋە ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم. جىددىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك رولىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كۆڭۈل ئېچىش خۇسۇسىيىتىنىمۇ تولۇق ھېسابقا ئېلىپ، جىددىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن ئاممىباب ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىرلىشىش نۇقتىسىنى ئىزدەشكە تىرىشىپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەدەبىياتنىمۇ ئاممىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تاماشىبىنلارنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بەخش ئەتكەن خۇشال كەيپىيات ئىچىدە مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە جەھەتتە ئىلھاملىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاممىباب ياكى جىددىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولى بىردەك.

ئۆز ئىشىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ جەمئىيەتتىكە بولغان تەدرىجىي تەربىيە بېرىش رولىغا ھەر قانداق ۋاقىتتا سەل قارىماسلىقى لازىم. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىنسان ھاياتىدىكى ئىجتىمائىي تەربىيىنىڭ زور مىقداردىكىسىنى ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي خاراكتېرلىك تەربىيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەمئىيەتتىكە نېمىنى سىڭدۈرسە، ئۇ مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى خىسلىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ زور ۋەقەلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن، چوڭقۇر ئىجتىمائىي تېمىلارنى ئىپادىلىگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى تەربىيە بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، نەپىسلىرىدىنمۇ، ئاممىبابلىرىدىنمۇ ئورتاق ھۇزۇرلانغىلى بولىدىغان، ياشانغانلارغىمۇ، ياشلارغىمۇ باب كېلىدىغان بولۇشنى ئورۇندىيالىسا، ئۇ ھالدا ئۇ غايەت زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلالايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 4 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆزىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئالىيجاناب ئىش دەپ قارىغانىدى، ئۇ مۇنداق ھېسابلىغان: «خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈشتە بولسۇن، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتە بولسۇن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە بولسۇن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت باشقا تارماقلار ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان». ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولى ئۈستىدە يېڭىباشتىن ئويلانغاندا، بۇ مەسىلىدە سەگەك بولۇشىمىز كېرەك.

## 3. رىقابەتنى قوبۇل قىلىپ، بازارغا پائال يۈزلىنىش

ئەدەبىيات-سەنئەت رولىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇلۇشى ئەدەبىيات-سەنئەتكە ھەۋەس قىلىدىغان تەشكىلاتلارنىڭ سانىغا ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش ئۈنۈمىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشىغا باغلىق، ۋەھالەنكى، خېلى بىر قىسىم ئەدەبىيات-سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈش جەريانى يەنە مەدەنىيەت بازارلىرىدىن ئىبارەت ۋاستە ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغان بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات-سەنئەت بازارنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىشقا تېخىمۇ مۇھتاج. بازارنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىش رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئۆزىنى قاچۇرۇش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئەمەس. رىقابەتكە توغرا قاراپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمىنى پائال ئۆزگەرتىش ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىلا بولۇپ قالماستىن، كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئالدىدا تۇرغان ئاش تارتقىلى بولمايدىغان تارىخىي ۋەزىپە.

بازارغا قانداق قىلىپ پائال تۇردە يۈزلىنىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرىنى بەرپا قىلىش مەسىلىسىدە ئەڭ ئالدى بىلەن دۇچ كېلىدىغىنىمىز ئەدەبىيات-سەنئەت تاۋارمۇ؟ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ دېگەن قىيىن مەسىلىدىن ئىبارەت.

بىر خىل پىكىردىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىيات-سەنئەت—تاۋار، ماددىي مەھسۇلاتلارغا ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە بولغان بىر خىل تاۋار. جەمئىيەتتىكى تاۋارغا بېرىلىدىغان ئومۇمىي تەبىر ئەدەبىيات-سەنئەتكە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كۆپ ساندىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش تىرىكچىلىكىنىڭ ۋاستىسى، ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك ۋاستىسىنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەدەبىيات-سەنئەت تاۋارلىرىدا ئىجاد قىلغۇچىلارنىڭ كونكرېت ئەمگىكى گەۋدىلەنگەچكە، ئۇ بەلگىلىك ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىستېمال قىممىتى ئوبوروت جەريانىدا باشقىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجى تاۋار ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە قانائەتلەندۈرۈلگەندىن كېيىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمىي ماددىي تاۋارلاردىن ھېچقانچە پەرقى يوق. شۇڭا مەدەنىيەت بازىرىنى بەرپا قىلىشتا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن ئېتىراپ قىلىپ، بازار كۆز قارىشىنى ئورنىتىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى دادىللىق بىلەن بازارغا كىرگۈزۈپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى بازار رىقابىتى داۋامىدا ھاياتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. دەرۋەقە،

ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بەزى تۈرلىرى بازار رىقابىتىدە يېڭىلىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ تامامەن نورمال ئەھۋال. جېجىياڭدىكى خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىككى ياش يازغۇچىنىڭ قارىشىچە، بازىرى يوق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتى بولمايدۇ، بۇ، بازارنىڭ مەنپەئەت پرىنسىپى. بازار ئەدەبىيات - سەنئەت تاماشىبىننى تاللىسۇن دېيدىغان بىز ئادەتلەنگەن كونا قاراشنى ئەدەبىيات - سەنئەتنى تاماشىبىنلار تاللىسۇن دېيدىغان قاراشقا ئۆزگەرتتى، بۇ تارىخىي ئىلغارلىق. بازارنىڭ شاللىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ۋاقتى ئۆتكەن ئەدەبىيات - سەنئەت قۇرۇلمىلىرىمىزنى تەكشەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش — ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى قىيىن ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى. بىز باتۇرلۇق بىلەن مېڭىۋېرىدىغان بولساق، چوقۇم يېڭى يول تاپالايمىز، بۇنىڭدا قولىمىزدىن كېتىدىغىنى ئازاب، قولىمىزغا كېلىدىغىنى خۇشاللىق بولىدۇ.

يەنە بىر خىل پىكىردىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىيات - سەنئەت گەرچە تاۋار خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتى تاۋار ئەمەس. بىرىنچىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ماددىي تاۋارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا ئوخشىمايدۇ، سەنئەتتە مېخانىك بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئاقما تەرتىپ شەكلىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ قايناق ھېسسىياتقا تولغان ۋە ئۆزگىچە ھاياتلىق كەچۈرمىشلىرىدىن ھاسىل بولىدىغان تەكرارلىغىلى بولمايدىغان مەنىۋى ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇ سەنئەتكارلارنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنىڭ جانلىق گەۋدىلىنىشى. ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىدا ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنى ماددىي مەھسۇلاتلارنىڭكىدەك ئۇنداق توغرا ھېسابلىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا كۆپ ساندىكى ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىدىكى ھەقىقىي قىممىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئىقتىسادىي ساھەدە تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغانسېرى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىغا شۇنچە ئەمەل قىلىنىدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىغا كەلسەك، دۇنيا بويىچە تاۋار ئىگىلىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىمۇ ھەقىقىي تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن. ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىستېمال قىممىتىمۇ ماددىي تاۋارنىڭكىدەك بىرقەدەر مۇقىم بولمايدۇ، ئوخشاش بولمىغان ئادەمگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى، ئوخشاش بولمىغان سورۇندا جارى قىلدۇرىدىغان رولى ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولىمۇ ماددىي تاۋارلارنىڭ رولىدەك ئۇنداق بىۋاسىتە بولمايدۇ، بىرقەدەر كۈچلۈك زامان، ماكان چەكلىمىسىگە ئۇنچىۋالا ئۇچراپ كەتمەيدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئېسىل ئەسەرلەر زامان، ماكاندىن ھالقىغان ھالدا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ. شۇڭا ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت تاۋار خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان بىر خىل مەنىۋى مەھسۇلاتتىنلا ئىبارەت.

ئەدەبىيات - سەنئەت تاۋار خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ئىكەن، ئۇ تەبىئىي ھالدا

بازارغىمۇ ئىگە بولىدۇ. جىياڭسۇدىكى بىر ئاتاقلىق جىڭجۇي تىياتىر ئارتىسىنىڭ قارىشىچە، يازغۇچى، سەنئەتكارلار ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، بازارغا سەل قارايدىغان كونا قاراشلارنى ئۆزگەرتىشى، ئۆزىنى ئالىيجاناب چاغلىماي، كىبىرنى تاشلاپ، بازارغا يۈزلىنىشى، ئۇرۇق چېچىشنىلا بىلىپ، ھوسۇل ئېلىش بىلەن كارى بولمايدىغان بۇرۇنقى ئادەتنى ئۆزگەرتىشى لازىم. بازاردىن ئىبارەت ۋاسىتىدىن مۇۋاپىق ھەم ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئاما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، بازارنى كېڭەيتىش ئارقىلىق كىرىمنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇش ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. ھالال يول بىلەن كەلگەن مال-دۇنيالا بولىدىكەن، ئالىيجاناب كىشىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۇ خىل قاراشتىكى يولداشلار بازار چەكلىمىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، مۇنداق ھېسابلاشتى: ئەدەبىيات-سەنئەت بىر خىل مەنىۋى مەھسۇلات ئىكەن، ئۇنى پۈتۈنلەي بازارغا تاپشۇرۇپ بەرمەسلىك كېرەك. جېجياڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بىر مەسئۇلى مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە ئەدەبىيات-سەنئەتكە ھەۋەس قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئاساسىي ساپاسى تۆۋەن بولۇش ۋە بازار يېتىلىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىلدىكى مېخانىزم مۇكەممەل بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن، ئەدەبىيات-سەنئەت ھەدەپ بازارغىلا ئىتتىرىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ ھايات-ماماتلىق ھوقۇقى بازارغىلا تاپشۇرۇپ بېرىلىپ، مۇرەككەپ بولغان مەنىۋى مەھسۇلات نوقۇل ھالدا پۇلنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر تەرەپ قىلىنسا ياكى بىرقەدەر تۆۋەن قاتلامدىكى كىتابخانلارنىڭ ھەۋىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان چاكىنا ئەسەرلەرنىڭ تەرتىپسىز ھەم «ئويۇن قائىدىسى» گە بويسۇنمىغان ھالدا ئادىل بولمىغان رىقابەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلسا، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بۇنداق سورۇندا ناچارلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش، نادىرلىرى سەپتىن چۈشۈپ قېلىشتەك ئادەم ھەيران قالغۇدەك بىمەنە ئىش بولماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرىنى بەرپا قىلغان چاغدا، بازارغا پائال يېتەكچىلىك قىلىش، بازارنى يېتىلدۈرۈش كېرەكلىكىنى ھەممىدە چوڭ جەھەتتە تەڭشەش-تىزگىنلەش ئېلىپ بېرىش، سىياسەت جەھەتتە ئېتىبار بېرىش بولۇشى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان مۇنەۋۋەر مەھسۇلاتلارغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىش كېرەكلىكىنى، قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇش، ھەرگىز يېنىكلىك بىلەن ئىش قىلماسلىق لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

يەنە بىر خىل پىكىردىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىيات-سەنئەت تېخى دەسلەپكى قەدەمدە بازارغا قەدەم قويغان ھازىرقى ئەھۋال ئاستىدا، ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان بەزى نەزەرىيە مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئالدىراپ-تېنەپ يەكۈن چىقارماسلىق كېرەك. ئالدى بىلەن رېئاللىققا ئەستايىدىللىق بىلەن يۈزلىنىش كېرەك، بازار مېخانىزمىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە ئېلىپ كىرىلگەنلىكىنى پاسسىپ ھالدا ئامالسىزلىقتىن بولغان دەپ قارىماي، بەلكى، ئۇنىڭغا ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بازارغا يۈزلەنگەنلىكىنى ئاڭلىق ھالدا نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزگەرتىش، مېخانىزمنى يەڭگۈشلەشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراش كېرەك. بازار مېخانىزمىنىڭ كىرگۈزۈلگەنلىكى

ئەدەبىياتتىكى داشقازاننى چىقىشقا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن بىلەن ئىشلى-مىگەن ئوخشاش، ياخشى ئىشلىگەن بىلەن يامان ئىشلىگەن ئوخشاش بولۇش ۋەزىيىتىنى بۇزۇشقا، ئىشچانلارنى تەقدىرلەش، ھورۇنلارنى جازالاش، كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىز-مەتچىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىش ۋە ئۇنى قوزغاشقا پايدىلىق.

بۇ يولداشلار تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۆۋەندىكىلەرنى تەشەببۇس قىلىدۇ:

بىز تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان رىقابىتىنى ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىدىكى بىر قېتىملىق زور پۇرسەت دەپ قاراپ، بۇ پۇرسەتنى تولۇق ئىگىلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامغا كېڭىيىشى ۋە يېڭىلىق يارى-تىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئېلىمىز ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، ئۇ مۇ-قەررەر ھالدا كىشىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قارىشى ۋە جەمئىيەت پسى-خىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قېتىملىق مىسلى كۆرۈلمىگەن غايەت زور زەربىگە ئۇچرىتىدۇ، تۈرلۈك مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر، ئىجتىمائىي روھىي ھالەت ھەمدە قىممەت قارىشىدىكى يۆتكىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تارىخىي بۇرۇلۇش مەزگى-لىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؛ بۇ ھال ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئىنتايىن جانلىق خام ماتېرىيال ھەم مول مەزمۇن بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ يېڭى تۇرمۇش مەزمۇنىنى يورۇ-قان ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رېئاللىق تۇيغۇسى بىلەن دەۋر تۇيغۇسىنى ئاشۇرغاندا ئەدەبىيات - سەنئەتنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە تولدۇرغىلى بولىدۇ. بازارنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىقتىسادنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى يېڭى پەن - تېخنىكىلارمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە قەدەم قويىدۇ، ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ قوللىنىلىشى، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارقىتىش، سەھنە چىراغلىرىنىڭ ئىنتايىن تېز ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك يۇقىرى پەن - تېخنىكا قاتناشتۇرۇلغان ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ ئىشلىنىشى قاتارلىقلار ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، بۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنى شەكىل جەھەتتىكى كاپالەت بىلەنمۇ تەمىن ئېتىدۇ.

بازار مېخانىزمىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇرۇن كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبا-رىغا ئانچە سازاۋەر بولمىغان خەلق ئىچىدىكى بەزى سەنئەت تۈرلىرى زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ ۋە مەدەنىيەت بازىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆزلۈكسىز بايقاپ بېرىشىمۇ ئېھتىمال. سەنئىتىنىڭ خەلق ئىچىدە قۇرۇلغان دۇمباق ئەترىتى ئىقتىسادىي ئەمە-لىي گەۋدە شەكلى ئارقىلىق تىجارەت قىلىپ، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىي - شىمالىدا داڭق چىقى-رىپلا قالماستىن، ئاسىيا تەنتەربىيە مەرىكىسىگىمۇ قاتناشتى. سەنئىتىنىڭ ئەلنەغمە ئەجدە-ھار ئۇسسۇلى ئەترىتى تەكلىپكە بىنائەن ياپونىيىگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ، كۈچلۈك ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ، بىرقەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى ھاياتىي كۈچكە باي بولغان بۇ ئەلنەغمە سەنئەت شەكىللىرىگە يېڭى دەۋر تۈسىنى كىرگۈزدى.

خېلى جىق يولداشلارنىڭ قارىشىچە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ئېھتىياجىغا ئويغۇنلىشىپ، بازار ئىگىلىكى ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتى ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بەرگەن پايدىلىق ئامىللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ھەمدە سىياسەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك خىزمەت، ئازراقلا ئېھتىياتسىزلىق قىلىنسا، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە ئاسانلا داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ يەردە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئۈچ نۇقتا بار:

بىرى، بازار بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەلەپىگە ھەر ۋاقىت ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەت بازارغا كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، بازارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىدا بولغان تەڭشەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى بازارنىڭ تەلەپىگە تېز ئويغۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنىمۇ تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزىنىڭ روشەن بەدىئىي خاسلىقىنى باشتىن-ئاخىر ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ناۋادا ئەدەبىيات-سەنئەت بازارغا ئاددىي مېخانىكىلىق ھالدىلا ئويغۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىدا ئەسلىدە بار بولغان تەلەپكە سەل قارالسا، ئەدەبىيات-سەنئەت بازىرىدا يىمىرىلىش ۋە كاساتچىلىق يۈز بېرىدۇ.

يەنە بىرى، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىردەكلىكى پرىنسىپىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك. سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى بازارغا يۈزلەندۈرۈلىدىكەن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ماركسنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئىمكان قەدەر ئاز ئەمگەك ۋاقتىدا ئىمكان قەدەر مول ماددىي بايلىق ياراتماي بولمايدۇ. لېكىن بىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت تىجارىتى ئېلىپ بارغانلىقىمىز ئۈچۈن، مەنىۋى مەھسۇلات قىممىتى يۆنىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشقىمۇ تىرىشىشىمىز لازىم. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ بىر مەسىلە. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن بىردەكلىكمۇ بار، چۈنكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تاماشىبىنى قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ شۇنچە ياخشى بولىدۇ، جەمئىيەتكە يەتكۈزىدىغان تەسىرىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ. ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكى ھەم ۋاسىتىسى دېيىشكە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنى تەڭلەشتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. بەزىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ناھايىتى ناچار بولۇشى مۇمكىن؛ بەزىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمىغان ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولۇشى مۇمكىن. مەنىۋى مەدەنىيەت

قۇرۇلۇشىغا ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ،
ئۇلارنىڭ بىرلىككە كېلىش سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلەشتى، ئەمما نۆۋەتتە كىشىلەرنىڭ
ئىدىيە، مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىيات كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقان چاغدا
بۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرى بىلەن چىمىسلاشماسلىقى، بىر - بىرىدىن چەتنىشى ناھايىتى
روشەن ھالدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەنىۋى
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش توغرىسى-
دىكى قاراشقا نىسبەتەن قىلچە سۇسلۇق قىلماسلىقىمىز لازىم.

## 4. ئۇزاق مۇددەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك مەدەنىيەت ئىستېمالى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا ئورۇنغا قويۇش كېرەك

ئەدەبىيات - سەنئەت قۇرۇلۇشى ئۇزۇن تارىخىي جەريان، شۇڭا ئۇزاق ۋاقىتلىق
جۇغلانما كېرەك. نۇرغۇنلىغان ئاساسلىق ئەدەبىيات - سەنئەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ
ھازىر ھېچقانداق كېرىكى يوق، لېكىن ئۇلار خېلى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياننى
باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇھىم تارىخىي ئەھمىيىتىنى نامايان قىلالايدۇ.
ھالبۇكى ھازىرقى ئەدەبىيات - سەنئەت بازارلىرىدا نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىس-
تېمالىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلمەكتە، ئەگەر مۇۋاپىق يېتەكلەنمىسە، ئەدەبىيات
سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن گەۋدە بويىچە تەكشۈكسىزلىكىنى ناھايىتى تېزلا كەلتۈ-
رۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ھازىر يېتىلىۋاتقان مەدەنىيەت بازارلىرىدا بۇ خىل تەكشۈكسىز-
لىق ھادىسىلىرىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلمەكتە. جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنجىڭ شەھىرىنى مىسالغا
ئالساق، ھازىر ئۇ يەردە يۈزدىن ئارتۇق ناخشا - تانسا زالى، ئەللىككە يېقىن كارا OK
زالى، مەدەنىيەت تارماقلىرى باشقۇرىدىغان سىنئالغۇ قويۇش نۇقتىسىدىن ئىككى يۈزى
بار. بۇلار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولىدىغىنى شۇكى، ئۆلكە مەركىزىدە بىرمۇ زاما-
نىۋى تىياتىرخانا يوق. جياڭسۇ ئۆلكىلىك گۈزەل سەنئەت سارىيى 1936 - يىلى ياسال-
غان بولۇپ، ئەسلىھەلىرى ناھايىتى ناچار، ساقلىنىۋاتقان 5000 دانە بۇيۇمنى كۆرگەز-
مە قىلىش ئىمكانىيىتى يوق. تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ماس كەلمەيدىغان مەدەنىيەت
ئىستېمالى بارغانسېرى ئەۋج ئالماقتا. بەزىلەر بۇ خىل ھادىسىنى «مەدەنىيەت تېز تا-
مىقى ھادىسىسى» دەپ ئاتىغان. بۇنداق ئىستېمال بىر قېتىم كۆپەيسە، نادىر ئەسەرلەر-
نىڭ ئىستېمال قىلىنىشى كۆپ قېتىم تەسىرگە ئۇچرىماقتا، بۇ ھال كۆڭۈل ئېچىش خاراك-
تېرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت قىزىق نۇقتىلىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولۇشىغا بىۋاسىتە
مەدەت بەرمەكتە؛ سېلىنما زور بولىدىغان، ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان نادىر ئەسەر-
لەر ئىجادىيىتى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. بۇ ھال ۋاقىتىدا تەكشەلمەيدىغان بولسا،
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز نۇرغۇن تەسىرلەرنى
پەيدا قىلىدۇ.

مۇرەككەپ مەنىۋى ئەمگەك ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت بازار رىقابىتىدە ئۆز مەيلىچە (بولۇپمۇ تەرتىپسىز) پەيدا بولۇش، ئۆزلۈكىدىن يوقىلىشقا تامامەن قويۇپ بېرىلسە بولمايدۇ. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە سودىگەرنەر ئۆزىنىڭ قاپچۇقىدىكى پۇلغىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ، بىر مۇنچە سەنئەتكارلار «بازار ئۈچۈن تاۋار ئىشلەپچىقىرىدۇ» (لېنىننىڭ سۆزى). شۇڭلاشقا مەدەنىيەت بازارلىرىغا قاتىللىق، زوراۋانلىق ۋە شەھۋانىيلىق تولۇپ كەتكەن بولىدۇ، غەرب مەدەنىيىتىدە كرىزىس يۈز بېرىشنىڭ مۇھىم سەۋەبى مانا شۇ. سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى غەرب دۇنياسىدىمۇ تامامەن بازار تەرىپىدىن ستىخىيىلىك تەڭشەلمەيدۇ. سەنئەتنىڭ بەزى تۈرلىرىنى غەرب دۆلەتلىرىمۇ قانۇن، باج ئېلىش، پۇل ئاجرىتىپ بېرىش، تەشكىلاتلار ياردەم قىلىش يولى بىلەن يۆلەيدۇ، بەزى نەرسىلەرنى چەكلەيدۇ. ئېلىمىز سوتسىيالىستىك مەملىكەت، ئەدەبىيات - سەنئەت سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. بىز «ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، مەزمۇنى ساغلام، يۇقىرى ئۆرلەش تەرغىپ قىلىنغان، بولۇپمۇ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مەدھىيىلەنگەن، بەدىئىي كۆچكە ئىگە مەنىۋى مەھسۇلاتلارغا ئىلھام بېرىشىمىز»، ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلارنى خەلققە تەقدىم قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيەت بازارلىرىغا بولغان چوڭ جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەشنى ۋە يېتەكچىلىك خاراكتېرىدىكى تىجارەتنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى، مەدەنىيەت بازىرى بەرپا قىلىش بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، بازارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە كەلتۈرۈش ئېھتىمالى بولغان سەلبىي ئۈنۈمنى ئەڭ زور چەكتە ئازايتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بازارغا پائال يۈزلىنىش — ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر جەريانى، بىز بۇ مۇقەررەر جەرياننى لېنىن ئۆز ۋاقتىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكەندەك، ئەڭ ئاز ئازاب چېكىپ، ئەڭ تىنچ ئۇسۇل بىلەن ئورۇندىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز مەدەنىيەت پۇل - پەرەسلىكىدىن ئۇلۇغ بىر ئۇستاز مەيدانغا كېلىدۇ دەپ خام خىيال قىلىدىغان، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلىمەي، مەسىلىلەر ئېغىرلاشقاندا بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولىمىز. تۈزۈلمىمىز چوڭ جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەش ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە، بىز چوقۇم تۈزۈلمىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئاكتىپ ۋە پۇختا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بازارنىڭ بىسەمەنى ئەدەبىيات - سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشىنى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە گۈللىنىشىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرىدىغان زور تارىخىي پۇرسەتكە ئايلاندۇرالايمىز.

## ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى — سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى

قايىنام-تاشقىنلىق بىلەن ئالغا بېسىۋاتقان پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ زور دولقۇن ئالدىدا، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى شۇنى بارغانسېرى سەگەكلىك بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىكى، نۆۋەتتە سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىدا خىلمۇ-خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتىمىز، بۇنىڭدىكى گەۋدىلىك سەۋەب سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كونا تۈزۈلمىنىڭ بوغۇۋالغانلىقىدىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى — مۇرەككەپ ھەم مۇشەققەتلىك سىستېما قۇرۇلۇشى. ئىسلاھات — مۇقەررەرلىك، بۇ ھەممەيلەننىڭ ئورتاق تونۇشى بولۇپ قالدى، ئەمما ئىسلاھاتنى زادى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ تەكشۈرۈش داۋامىدا شۇنى بايقىدۇقكى، ئىسلاھات ئوخشاش بولمىغان تارماق، ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ جانب-جان مەنپەئىتىگە تاقالغان ھامان خىلمۇ-خىل پىكىرلەر چىقىدۇ.

### 1. ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدا

ھازىر جايلاردىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ ھالى خاراب. شەنشى ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەسمىي يىغىن زالى يوق. شەنشى ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى يازغۇچىلار مۇكاپاتقا ئېرىشكەندە مۇكاپات ئېلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بېرىپ كېلىشكە ئىشلىتىدىغان يول خىراجىتىنى چىقىرىشقىمۇ قىينىلىدىكەن. نۆۋەتتىكى بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىشتە ئىسلاھاتقا تايىنىشتىن باشقا يول يوق. لېكىن بىز تەكشۈرۈش داۋامىدا دۆلەت داۋاملىق خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىش كېرەكمۇ-يوق دېگەن مەسىلە ئۈستىدە گەپ بولغان ھامان كىشىلەردىكى ئەندىكىش ۋە چارىسىزلىق كەيپىياتىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. سەنشىدىكى بىر ئاتاقلىق يازغۇچىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بەزى كىشىلەرنىڭ ھېس قىلىشىچە، دۆلەتتىن ئىبارەت بۇ ئانىنىڭ سۈتى يەنىلا ناھايىتى تاتلىق.

بەزىلەر يەنىلا بېقىش كېرەك دېگەندە چىڭ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي شۇكى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى خۇددى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسىگە ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە ئاممىۋى تەشكىلاتلار. بۇ قۇرۇلما بىرىنچى قېتىملىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدىلا شەكىللەنگەن. ئەمدىلىكتە ئۇلارنى بىراقلا بازارغا ئىتتەرگەندە، ئۇلار ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، شۇنداقلا بۇلاردا بىراقلا تاشلىۋېتىلگەنلىك تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ.

يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە بىر خىل تۈزۈلمە 40 يىل داۋام قىلدى، ھازىر ئۇلار بارغانسېرى

ئورگان تۇسىنى، ياكى مۇل تۇسىنى ئېلىپ، بيۇروكراتلىشىپ، ھەر خىل مۇنچە ھوروۋۇلار، بىكار تەلەپلەرنى بېرىپ، ئالاقىلىشىش، مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئەسلىدىكى مەقسەتتىن ناھايىتى يىراقلىشىپ كەتتى، ئادەتتە ئۇلار كۆپ ھاللاردا، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىشلارغا زېھنىنى چاچىدۇ، ھەر قېتىم نۆۋەت ئالمىشىدىغان چاغدا، باش ئاغرىتىدىغان كادىرلار ئىشىغا بېشىچە كىرىپ كېتىدۇ. ئۈزلۈل-كېسىل ئىسلاھ قىلىش، دۆلەت باقىدىغان ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بەزىلەر ھەتتا ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ساقلاپ قېلىش كېرەك، ئۇلار چەت ئەللەردىكى ئاممۇۋى سانائەت تەشكىلاتلىرىغا ئوخشاش ئالاقىلىشىش رولىنىلا ئوينىسا بولىدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلدى.

تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىرقى ئەھۋالدا بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئانچە رېئال بولمايدۇ، بەلكى ئۇنداق قىلغاندا بىرقەدەر زور ئەكس تەسىر پەيدا قىلىشى مۇمكىن، شۇڭا نۆۋەتتىكى ھاياتىي كۈچى يېتەرسىز بولغان مېخانىزمنى ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ. نىسبەتەن بىردەك پىكىر شۇكى، قەدەممۇ قەدەم شارائىت ھازىرلاپ، 3-كەسپنى پائال يولغا قويۇپ، بولۇپمۇ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ئالاقىدار بولغان كارخانىلارنى قۇرۇپ، خىزمەت ئورنىغا ئويغۇنلاشالىغان ھەمدە يۆتكىلىشنى ئۆزى خالايدىغان خادىملارنى بۆلۈپ چىقىرىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا ھەم كېلەڭسىز ئاپپاراتنى قىسقارتقىلى، ھەم كىرىم قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالغىلى بولىدۇ. شۇنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل تىپتىكى ئاممۇۋى ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرى بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئويغۇنلىشىپ، ئۆزىنىڭ رولىنى ۋە ئورنىنى يېڭىباشتىن بېكىتىدۇ.

2. كەسپىي يازغۇچىلىق تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا

بەزىلەر مۇنداق ھېسابلىدى: بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، كەسپىي يازغۇچىلارنى دۆلەت باقىدىغان تۈزۈلمىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇۋەرمەسلىك كېرەك. ئۇلار مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېيىشتى: ھازىر دۇنيا بويىچە، ئەتىمالىم، چاۋشيەن بىلەن جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىلا بۇ خىل تۈزۈلمە ساقلىنىۋاتىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ مەھسۇلى.

خېلى كۆپ ساندىكى يازغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، كەسپىي يازغۇچىلارنى دۆلەت باقىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئاقىلانىلىك بولمايدۇ. مەسىلە قانداق تەربىقىدە بېقىشتا. مۇشۇنداق مەدەنىيىتى بار ئوبزورچى مۇنداق دېدى: ھېكايىمۇ يازىدىغان بىر پېشقەدەم يازغۇچى مۇنداق دېدى: مۇشۇنداق مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دۆلەتتە كەسپىي يازغۇچىلارنى بېقىش يەنىلا زۆرۈر. ئۇ سەنئىنى مىسالغا كەلتۈرۈپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 30 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە بىر ئۆلكىدە ئارانلا 16 نەپەر كەسپىي يازغۇچى بار، شۇلارنى باقىساق مالىيە، ئىقتىساد تەسىرگە

ئۇچرايدۇ دېيىش بىمەنىلىك. ئەگەر ئۇلار تارقىتىۋېتىلسە، ئۇلارنى قايتا يىغىۋېلىش ئوڭايغا چۈشمەيدۇ. بىر ئاتاقلىق ياش يازغۇچى مۇنداق دېدى: ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشمۇ ياكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈشمۇ؟ ئەگەر كېيىنكىسى مەقسەت قىلىنىدىغان بولسا، كەسپىي يازغۇچىلارنى بېقىش كېرەك، بەلكى تېخىمۇ ياخشى بېقىش كېرەك. بىرەر كارخانا نەچچە 10 مىڭ يۈەنلەپ زىيان تارتسا، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ، ھەر بىر ئۆلكىدىكى ئون نەچچە كەسپىي يازغۇچىنىڭ خىراجىتىنى قىسىۋالغاندا نېمىمۇ قىلغىلى بولار؟ ئەگەر بۇنىڭدا ئىقتىساد بىلەنلا ھېسابلىشىش بولىدىغان بولسا، بۇ ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. ئۇزاق ۋاقىتتىنچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانمايۋاتقانلار بەرىبىر ئاز ساندىكىلەر. ئەگەردە خىراجەت راستىنلا توختىتىپ قويۇلسا، كېسەل بولغانلار قانداق قىلىدۇ؟ بالا - چاقىلىرىنى قانداق قىلىدۇ؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ.

جايلاردىكى يازغۇچىلارنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، نۇرغۇن كىشىلەر سالامەتلىكىنى بىر-نەچچە يىلدىن بېرى تەكشۈرتۈپ باقمىغان، يىلبويى ھېرىپ - چارچاپ ئىشلىگەنلىكتىن، خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىدىن مەسىلە چىققان. ئىجادىيەتنىڭ تازا گۈللەۋاتقان پەيتىدە تۇرۇۋاتقان شەنشىلىك ياش يازغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېغىر كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان، ياش يازغۇچى لۇياۋنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ناھايىتى زور زىلزىلە پەيدا قىلغان.

كۆپ ساندىكى يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ قارىشىچە، كەسپىي يازغۇچىلىق تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى ھەممىلا كەسپىي يازغۇچىنى بىر يولىلا بازارغا ئىتتىرىش بولماستىن، بەلكى ئۇلارنى دادىللىق بىلەن ئازاد قىلىش، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش، كۆپ خىل ئىمكانىيەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش، شۇ ئارقىلىق يازغۇچىلار قوشۇنىنى، بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىنى ۋە تولۇق ئىجادىيەت ھاياتىي كۈچىنى ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. كونكرېت پىكىرلەر تۆۋەندىكىچە: ۋەزىپە باقىمەندىلىكىنى ئۆزگەرتىش، تەكلىپ ئارقىلىق ئىشقا قويۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش؛ يەنە بەزى دۆلەتلەرنىڭ فوندى جەمئىيىتى قۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ، جەمئىيەتتە تۈرلۈك فوندى جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇشقا يول قويۇش ۋە ئىلھام بېرىش يولى بىلەن يازغۇچىلارغا ياردەم بېرىش، يازغۇچىلارنى مەكتەپلەردە تۇرغۇزۇش سىنىقىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم ئاتاقلىق يازغۇچىلارنى ئالىي مەكتەپلەردە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئېلىشقا دەۋەت قىلىشقىمۇ بولىدۇ ۋە باشقىلار.

كەسپىي يازغۇچىلىق تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن بىر قىزىق نۇقتا مەسىلىسى، يەنى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتچىلىقى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەسىلىسى بىۋاسىتە كېلىپ چىقىدۇ. بەزىلەر ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھازىرقى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتچىلىقى تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئورۇنلىرىنىڭ، ھەتتا سەنئەتكارلارنىڭ ئۆز ئالدىغا نەشرىياتچىلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇش كېرەك دەپ مۇراجىئەت قىلدى. يېقىندىن بۇيان خېلى تەسىر قوزغاۋاتقان بىر ياش ئوبزورچى مۇنداق دېدى: ھازىر بىزنى

سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا بىۋاسىتە قاتناشتۇرغانلىق ئەمەلىيەتتە يېتەرسىزلىكىمىزنى ئېچىپ، ئارتۇقچىلىقىمىزنى ياپقانلىق بولىدۇ. بىز نەشرىياتچىلىق، نەشرىياتچىلىق شىركىتى ياكى ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىت - ژۇرناللىرى چىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا قويۇلساق، تەدرىجىي هالدا ئۆزىمىزگە تايىنىپ دۆلەتنىڭ بېقىشىدىن خالاس بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن. سەنشىنىڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى جەمئىيىتى 1980 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئاران سەككىز مىڭ يۈەنلا خىراجىتى بار ئىكەن، كېيىن «سەنشى خەلق ئەدەبىياتى» دېگەن مۇشۇ ژۇرنالغا تايىنىپ ئىلگىرىلىگەن. ئۇ، ئۆلكىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سىناق نۇقتىسى بولۇپ، پايدا - زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان مۇستەقىل هېسابات بىرلىكى بولۇپ قالغان. ئىسلاھات كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىقىنى ۋە خىزمەت قىزغىنلىقىنى قوزغىغان، ژۇرنالنىڭ مەزمۇنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ساغلام، جانلىق بولغانلىقتىن، تارقىتىلىش سانى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆرلىگەن. ئۇلار يەنە ئۇن ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە قۇرغان، سەنجىڭ داشۆسى، دۇمباق جەمئىيىتى قاتارلىقلارنىمۇ قۇرغان. بىرقەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقانلىقتىن، ئۇلار مول مەزمۇنلۇق، خىلمۇخىل خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتە ئىجابىي رول ئوينىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولغان، مەسىلەن، دۇمباق بايرىمى ئۆتكۈزگەن، ئەجدىها ئۇسسۇلى مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرغان ۋە باشقىلار. بۇ هال بىزگە مۇنداق ئىلهام بەخش ئېتىدۇ: بىرىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەت تارماقلىرى ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ژۇرنال نەشرىياتچىلىقى، تارقىتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانسا، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، يېتەرسىزلىكىدىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۆز - ئۆزىنى بېقىش ياكى كۆپ خىل كەسىپلەر ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەتكە ياردەم بېرىش يولىنى ئاچالايدۇ. ئىككىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن بىرقەدەر ئاز بەدەل هېسابىغا تەدرىجىي تونۇشالايدۇ، سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمىغان بەزى خادىملار باشقا ساھەگە چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. دەرۋەقە بۇنداق قىلىشتا جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر ئىسلاھاتقا ماسلىشىشى زۆرۈر، ئۆز كۈچىگىلا تايانغاندا مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ.

### 3. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا

جايلار ھازىر مەملىكەت بويىچە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى، لېكىن بىر تۇتاش پىلانلاشنىڭ كەملىكى، ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەسلىكى، بەزى مۇكاپاتلاش تۈرلىرىنىڭ سانى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ، مۇكاپاتلاشنىڭ نوپۇزىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكاس قىلىشتى. بەزى سەنئەتكارلار مۇنۇلارنى ئالاھىدە كۆرسەتتى: ئەدەبىيات - سەنئەت

ئەسەرلىرىنى باھالاشنى دۆلەتنىڭ چوڭ جەھەتتىن تەڭشىشى ـ تىزگىنلىشى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئاممىباب ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەندە، ئەمەلىي نەپكە ئىگە بولىدىغان ھەم ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالدى، جىددىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەندە ئاساسىي جەھەتتىن شان ـ شەرەپكىلا ئىگە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بەزى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ تۆھپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ۋە تەنتەربىيە، ئىختىساس ئىگىلىرىگە زور مۇكاپات بەرگەن ئۇسۇللىرىغا باغلىغان ھالدا، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەندىمۇ زور مۇكاپات بېرىش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك بىر سەنئەت ئەسىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن سەنئەتكارلار تولا ھاللاردا يېرىم ئۆمرىنى، ھەتتا پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىدۇ، ھازىر ئانچە ـ مۇنچە شان ـ شەرەپلا بېرىلىۋاتىدۇ، بۇ ھال تېخىمۇ كۆپلىگەن سەنئەتكارلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ جاسارەت بىلەن ئۆرلىشىگە ئىلھام بېرىشكە پايدىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇكاپاتلىنىشقا تېگىشلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى باھالاشنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، تۈرلەر بويىچە يولغا قويغىلى بولىدىغان باھالاش ئۆلچىمى ۋە نىزامىنى تۈزۈپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ھەتتا بىر دەۋرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدىغان يىرىك ئەسەرلەرگە، پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە، تەنتەربىيە مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە مۇكاپات بەرگەندەك زور مۇكاپات بېرىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇنغا خىلاپ ئەسەرلەر، يالغان، كۆچۈرۈۋېلىنغان، ساختا، ناچار ئەسەرلەرنى قاتتىق جازالاپ، ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە نەپكە ئىگە قىلماسلىق كېرەك. جەرىمانە ئېلىنغان پۇلنى دۆلەت بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك، ئەلا سۈپەتلىك، ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى قوللاش ئۈچۈن ئىشلىتىشى كېرەك. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتتە بىر خىل ياخشى كەيپىيات پەيدا قىلىپ، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان مەنىۋى مەھسۇلات ئىجادىيىتىنى ماددىي مەھسۇلات ئىجادىيىتىگە ئوخشاشلا جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر قىلىش كېرەك.

### 4. يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسىتىنى تۈزۈش ۋە ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا

كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىردەك مۇنداق ھېسابلىدى: ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان ئىسلاھات لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىش ھەمدە ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن يولغا قويۇش زۆرۈر، ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئىسلاھاتنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئىش جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يۈرۈش مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. سەنئى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

جەمئىيەتنى مىسالغا ئالساق، ئۇلار ئىسلاھات ئارقىلىق ئۆزىگە خاس يول ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن تا ھازىرغىچە قىيىنچىلىقنىڭ قاتمۇقات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا. ئەڭ زور قىيىنچىلىق باجنىڭ ئېغىرلىقى بولۇپ، ئۇلار بۇ بىر ئېغىر يۈكنىڭ بېسىمىغا چىدىيالمىغان، ئىككىنچىسى، ئۆلكىلىك سەھىيە نازارىتى ئۇلارنىڭ دۆلەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىش سالاھىيىتىنى، جۈملىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ۋە داۋالىنىش خىراجىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىپ، ئۇلارغا غايەت زور ئىقتىسادىي بېسىم پەيدا قىلغان. ئۇلارنىڭ بىر مەسئۇلى مۇنداق دېدى: ھازىر بىزگە بىرمۇنچە شان - شەرەپلەر بېرىلگەن بىلەن مېنىڭ كۈندە باش قاتۇرىدىغىنىم ئىقتىسادىي كرىزىس، قىلچە بوشاڭلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. ئەتراپىمىزدىكى كەسىپداشلىرىمىزنىڭ بىزنىڭ پۇل تېپىۋاتقىنىمىزغا تولىمۇ ھەۋىسى كېلىدۇ، ۋەھالەنكى، كەينىمىزدىكى سېلىقنى كۆرگەندىن كېيىنلا يەنە بىزدىن ئۆگىنىشكە پېتىنالماي قالىدۇ. ئەگەر بۇ ھالەت داۋاملىشىۋەرسە، ھورۇنلار مۇكاپاتلىنىدىغان، ئىشچانلار جازالىنىدىغان، يۈگرۈك ئاتلار قامچىلىنىدىغان ۋەزىيەت مۇقەررەر كېلىپ چىقىدۇ.

شۇڭا ھەممەيلەن شۇنى روشەن ھېس قىلماقتىكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەتكە سالىدىغان مەبلىغىنى ئازايتىش دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ، ھازىرمۇ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىگە سالغان مەبلىغى ناھايىتى ئاز بولماقتا، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سېلىنىۋاتقاندا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تولا ھاللاردا قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: دۆلەت مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنىدىغان باجغا قارىتا پەرقلىق باج نىسبىتى، باج پايدىسىنى قايتۇرۇش قاتارلىق ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك، ئەلا سۈپەتلىك، ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ئىقتىسادىي سىياسەت جەھەتتىن ھەقىقىي يۆلىشى ۋە قوغدىشى كېرەك. ئىسلاھات سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئورۇنلارغا نىسبەتەن ئالدى بىلەن تۆۋەن ئۆسۈملۈك ياكى ئۆسۈمسىز بىر قىسىم ئىش باشلاش مەبلىغىنى قەرز بېرىپ، ئۇلارنىڭ 3 - كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئارتۇق خادىملارنى بۆلۈپ چىقىرىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇلارنى كونكرېت ئىقتىسادىي سىياسەت جەھەتتىن قوللاش كېرەك. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قەلەم ھەققى ئۆلچىمىمۇ ناھايىتى تۆۋەن، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. بىر قەدەر يۇقىرى قەلەم ھەققى تۈزۈمىگە ئۆتۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىلا، كەسپىي يازغۇچىلارنى تۆمۈر تاۋاقنى ئاڭلىق ھالدا چۆرۈپ تاشلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت تارماقلىرىدىكى 3 - كەسىپكە نىسبەتەنمۇ باج جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى قوشۇمچە كەسىپ ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى تەمىن ئېتىشكە ئىلھام بېرىش كېرەك.

5. ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر قانۇن - نىزاملارنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇۋاتقان، گۈللەنگەن مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا

مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ شىددەتلىك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە بېيىماقتا، خىلمۇخىللاشماقتا، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى ۋە تەسىرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيمەكتە. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر قانۇن - نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئاساسەن مەمۇرىيەتكە تايىنىپ باشقۇرۇشتىن قانۇن ۋە ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ باشقۇرۇشقا تەدرىجىي يۆتكەپ، شۇ ئارقىلىق مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە ئىلمىيلىككە ئىگە قىلىش نۆۋەتتىكى گەۋدىلىك بىر مەسىلە.

جايلار ئومۇميۈزلۈك مۇنۇلارنى ئىنكاس قىلىشتى: ھازىر بىرمۇنچە ساھەلەردە باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل ئەمەس، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن. ئاساسىي قاتلامدىكى يولداشلار مۇنداق دېيىشتى: تولا ھاللاردا قاراقچىلاردىن كۆرە باشقۇرۇش تارماقلىرىدىن قورقىمىز. ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر قاتتىق قانۇن - نىزام بولمىغانلىقتىن، قانۇننى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ ئىجرا قىلىدىغانلار كەم بولغانلىقتىن، ئايرىم باشقۇرۇش تارماقلىرىدا ھوقۇقىمىزغا دەخلى - تەرۇز قىلىش، سېلىق سېلىش قىلمىشلىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئون - سەن بازارلىرىدا يالغان، ساختا نەرسىلەر، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش ھادىسىلىرى ئومۇميۈزلۈك ساقلانماقتا. نەنجىڭ شەھىرىدىكى ئۈن - سىن باشقۇرغۇچى بىر كادىر قۇزى ئىبادەتخانىسى بازىرىغا بېرىپ كۆزىتىپ، يېڭىدىن سېلىنغان ئونئالغۇ لېنتىسى ئىچىدە پەقەت ئۈچ لېنتىلا ئەسلى لېنتا ئىكەنلىكىنى بايقىغان. سىنئالغۇ لېنتىسى بازىرىدا «دېڭىز قاراقچىسى نەشرى» ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر بولغان. ئەگەر بۇ ھادىسىلەر ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلسە، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، قانۇنغا بويسۇنىدىغان تىجارەتچىلەر ئەكسىچە زىيان تارتىدۇ. سەنئەتكارلارنىڭ خۇسۇسىي ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپ قېتىملىق قانۇنىي ئەرز - شىكايەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بېيجىڭ شەھىرىدىنلا ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1992 - يىلى ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە سوت مەھكىمىلىرى تاپشۇرۇۋېلىپ بىر تەرەپ قىلغان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ نام - شۆھرەت ھوقۇقى دېلوسى 48 گە، ئەسەر ھوقۇقى دېلوسى 25 كە يەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئىسلاھات ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر قانۇن - نىزاملارنى ئىمكان قەدەر تېز تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى بىردەك مۇراجىئەت قىلدى. بىر ياش يازغۇچى مۇنداق دېدى: ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىشى كېرەك ئىكەن، ئۇ ھالدا مۇقەررەر بىرمۇنچە يېڭى ئەھۋاللار بارلىققا كېلىدۇ، ئۇنى قانۇن - تۈزۈم ئارقىلىق باشقۇرۇش كېرەك، ئاساسلىنىدىغان كونكرېت قانۇن - نىزام بولغاندىلا، ئەسەر يېزىشتا يۆلەنچۈككە ئىگە بولىمەن. ئۇنداق بولمىغاندا، بىرمۇنچە كۈچ سەرپ قىلىپ ئەسەر يېزىپ چىقسام، ۋەزىيەت ئۆزگەرگەن ھامان ئۇ تاختا بېشىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ، ئەگەر قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈلسە ئىش

بىر قەدەر ئاسانغا چۈشىدۇ.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى كىنو، تېلېۋىزىيە تۈزۈلمىسىدە يۇقىرى بىلەن تۆۋەن مۇناسىۋىتى راۋان بولماسلىق مەسىلىسى، ئۈن - سىن بازىرىدا ئۈچ تەرەپ تىركىشىپ تۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىقلارنىمۇ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە بىز مەخسۇس تېما بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، شۇڭا بۇ يەردە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەيمىز.

قىسقىسى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلغانلىقى ئېلىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى ھەم ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن بىر قاتار زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى. تەكشۈرۈش داۋامىدا بىز ئۇچراتقان نۇرغۇن يولداشلار بىزگە مۇنۇلارنى ئېيتتى: پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارماقلىرى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ھەم ئۇنى باشقۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىلىرىنى ئىمكان قەدەر تېز ئىگىلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمىيلىككە، دېموكراتىيىلەشتۈرۈشكە يۈزلەندۈرۈشى لازىم.

يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئالاقىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتىمۇ چەكلەنگەن رايونلارنى بۆسۈپ تاشلاپ، غەرب ئەللىرىنىڭ ئاساسەن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئورتاق تەلىپىنى نامايان قىلىدىغان، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان يولغا قويۇلۇپ ئۈنۈم بېرىپ كېلىۋاتقان بەزى باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت باشقۇرۇشىمىزنى بەزى بىر جەھەتلەردە بەلگىلىك خەلقئارا قائىدە بولۇپ قالغان ئەندىزە ۋە ئۇسۇللار بىلەن ئوڭۇشلۇق ھالدا تۇتىشىپ كېتەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقىسىگە تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇشىمىز، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلدۇقكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە تەقدىرىگە بولغان تونۇش جەھەتتە خىلمۇ خىل ئىختىلاپلار ساقلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ سانىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ پوزىتسىيىسى يەنىلا ئاكتىپ. ئىشىنىمىزكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پائال ئېلىپ بېرىپ، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى بىلەن مەدەنىيەت قانۇن - نىزاملىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلا بولساق، چوڭ-چوڭ بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە چوقۇم بىردەك تونۇشقا كېلەلەيمىز، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئىتىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تەرەققىياتى بىلەن بىللە تېخىمۇ زور گۈللىنىشكە يۈزلەندۈرەلەيمىز.

(«ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»نىڭ 1993 - يىل 13 -، 20 - فېۋرال سانلىرىدىن ئازراق قىسقارتىپ ئېلىندى).

ئېلى زاھىد تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

فېڭ چيۇچاڭ

# ئەدەبىيات ساھەسىدىكى «ئۆزگىرىش»

تاۋار دولقۇنىنىڭ زەربىسى بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە غايەت زور ۋە چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەرمەكتە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى يېڭى مەسىلىلەر، يېڭى زىددىيەتلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

ئۆزگىرىشنىڭ بىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە كۆتۈرۈلگەن سودا قىلىش قىزغىنلىقى. ئەدىبلەرنىڭ «پايدا توغرىلىق ئېغىز ئېچىشنى نومۇس دەپ بىلىش» تىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازارغا يۈزلىنىپ سودا قىلىشقا كىرىشىشى، ئەلۋەتتە، چوڭ ئۆزگىرىش. بۇ ئەدىبلەرنىڭ قىممەت قارىشىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، پۈتكۈل ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىدا تېخىمۇ زور داۋالغۇش ۋە پارچىلىنىش بولىدىغانلىقىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. بەزىلەر بازارغا يۈزلىنىپ سودا قىلدى، بەزىلەر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى، بەزىلەر قەلەم ھەققى غەملۆبلىش ئۈچۈن قولىنىڭ ئۇچىدىلا يازدى، مۇشۇنداق ئىشلار تۈپەيلىدىن ئەدەبىيات ساھەسىنى قالايمىقانچىلىق، ئەنسىزلىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىك قاپلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئەمما شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بۇ پەقەت ئەدەبىيات-سەنئەت تۈزۈلمىسى ئالمىشىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان چاغدىكى ئۆتكۈنچى ھادىسە. بىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە يارىشا يازغۇچىلىرى بولىدۇ، يازغۇچىلار قوشۇنى ئەزەلدىنلا ئۆلۈك سۇدەك جىم تۇرغان ئەمەس. ھازىر تاۋار ئىگىلىكى دولقۇنىنىڭ زەربىسى بىلەن مۇنداق پارچىلىنىشنىڭ كەسكىنلىشىشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. پارچىلىنىش كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئېلىش دېمەكتۇر. بەزىلەر ئەدەبىياتتىن قول ئۈزۈپ سودا بىلەن شۇغۇللانسا، بەزىلەرنىڭ سودىنى تاشلاپ ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنى پارچىلىنىپ، يېڭىباشتىن ئۇيۇشىدۇ، ھەرگىز يىمىرىلىپ كەتمەيدۇ، تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئۆزگىرىشنىڭ ئىككىنچىسى، جىددىي ئەدەبىيات ياكى ساپ ئەدەبىيات نوچىلىق قىلىدىغان ۋەزىيەت بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئاممىباب ئەدەبىيات، جىددىي ئەدەبىيات، ئەدەبىي خاتىرە، تەرجىمىھال ئەدەبىياتى قاتارلىقلار بىللە ياشاپ، ئۆزئارا نوچىلىق تالىشىدىغان يېڭى ئەدەبىي مۇھىت يارىتىلدى. جىددىي ئەدەبىيات مەدەنىيەت بازىرىغا يۈزلىنىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە رىقابەت داۋامىدا ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى كېرەك. بۇ ئۆزگىرىش جىددىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا زىيانلىقتەك بىلىنىدۇ، ئەمما مۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشى تەبىئىي ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ كۆپ خىل رولغا ئىگە ۋە كۆپ قاتلاملىق بولۇش ئالاھىدىلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىكەنمىز، كۆپ خىل ئەدەبىي

شەكىللەرنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىمۇ ھەقلىق دەپ قارىشىمىز لازىم. كىتابخانىلارنىڭمۇ ھەرخىل قاتلىمى، ھەرخىل ئېھتىياجى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا جىددىي ئەدەبىياتنىڭ كىتابخانىلىرى ئاممىباب ئەدەبىياتنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ، دېگەندەك خام خىياللارنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. لېكىن ئاممىباب ئەدەبىياتنىڭ جىددىي ئەدەبىياتنى قاتاردىن سىقىپ چىقىرىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىش ھاجەتسىز. مەسىلەن، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەردە ئاممىۋى ئەدەبىياتنىڭ تۈرلىرىنى سامانىدەك دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما جىددىي ئەدەبىيات يەنىلا نۇرغۇن ئۇلۇغ يازغۇچى ۋە ئەسەرلەرنى يارىتىپ، بىر دەۋر ۋە بىر دۆلەتنىڭ ئەدەبىيات سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىۋاتىدۇ. جۇڭگونىڭ نوپۇسى شۇنچە كۆپ تۇرسا، جىددىي ئەدەبىياتنىڭ كىتابخانىلىرى ۋە بازىرى بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

كۆپ خىل ئەدەبىي شەكىللەرنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە رىقابەتلىشىشى ھەرگىزمۇ بىر-بىرىنى چەتكە قېقىش ۋە سىقىپ چىقىرىش ئەمەس، بۇنىڭ ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش، ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش ۋە كەمچىلىكىنى تولدۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم رولى بار. ھازىر جىددىي ئەدەبىيات بىلەن ئاممىباب ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە سىڭىشىش، يېقىنلىشىش ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلاش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇنى ئاممىباب ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىيلىكىنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىۋاتقانلىقى ۋە جىددىي ئەدەبىياتنىڭ ئاممىبابلىشىشقا يۈزلەنگەنلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئالدىنقى يىللىرى جىددىي ئەدەبىياتتا سۇبيېكتىپلىق ھەددىدىن زىيادە تەكىتلىنىپ، «كىتابخانلار ئېڭى» غا سەل قارالغانلىقتىن، كىتابخانلار ھەقلىق يوسۇندا جىددىي ئەدەبىياتقا نىسبەتەن سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى. مەسىلەن، مۇجمەللىكنى تېرەنلىك دەپ بىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماسلىق، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان ئاقسۆڭەكلەر خاھىشى ئارقىلىق غەربنىڭ ئەندىزىسى بويىچە ئىش قىلىش، غەربنىڭ كۆز قارىشىنى ئابستراكت ھالدا چۈشەندۈرۈش، غەربنىڭ نەرسىلىرىنى ھەزىم قىلالماسلىق قاتارلىق خاھىشلارنى نۇرغۇن يازغۇچى قوللىمىدى. جىددىي ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلار دىققەت-نەزەرىنى ئۆز تۇپرىقىدىكى رېئال تۇرمۇشقا بۇراشقا باشلىۋىدى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى تېخىمۇ روشەن چىنلىققا، جەزبىدارلىققا ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو كىتابخانلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. «ۋاڭ شۇ قىزغىنلىقى» نىڭ پەيدا بولۇشى ۋە «چيۇ جۈننىڭ ئەرز قىلىشى» ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جىددىي ئەدەبىيات خەلق ئاممىسى ۋە رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇسا، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتىشمەسلىكلىرىنى تۈگەتسە ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولسىلا، رىقابەت داۋامىدا ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرالايدۇ ھەم ئۆز كىتابخانلىرىغا ئىگە بولالايدۇ.

(«خەلق گېزىتى» نىڭ 1993-يىل 11-يانۋار سانىدىن)

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## سېھرىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات

سېھرىي (خىيالىي) رېئالىزملىق ئەدەبىيات لاتىن ئامېرىكىسىدا 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن بىر ئەدەبىيات ئېقىمى. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىيات تارىخىدا يېڭى دەۋر ئېچىپلا قالماستىن، دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ ۋەزىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇنى «پارتلاش ئەدەبىياتى» دېگەنلەرمۇ، «ئەدەبىياتتىكى يەر تەۋرەش» دېگەنلەرمۇ بولدى.

لاتىن ئامېرىكىسىدا ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىككى-ئۈچ يۈز يىللىق مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى تۈپەيلىدىن، مىللىي مەدەنىيەت ئۇزۇن مەزگىل بېسىلىشقا ئۇچرىغان، مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ھەرقايسى تەرەپلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەنىدى. بۇ لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتىنىڭ تۇغما مېيىپلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭدا ئاساس ئاجىز، مىللىي ئەنئەنە كەمچىل ئىدى. نەتىجىدە ئۇ يەردىكى يازغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ياۋروپا، ئامېرىكا يازغۇچىلىرىغا سەجدە قىلىپ، ئىسرىق سېلىشىپ يۈردى. لاتىن ئامېرىكا ئەدەبىياتى ياۋروپا، ئامېرىكا ئەدەبىياتىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىگە ئايلىنىپ قالدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلاپ، بۇ كەڭ زېمىندا 20 دىن ئارتۇق دۆلەت قۇرۇلدى. لېكىن مۇستەقىللىق ئۇلارنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرالمىدى. پومېشچىك-بۇرژۇئا سىنىپى تەختكە چىقىپ، بۇ دۆلەتلەرنى ھەربىي مۇستەبىتلىك تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويدى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئەنگلىيىنىڭ قول تىقىشى بىلەن ھۆكۈمرانلار تېز-تېز ئالماشتى. ئۇلار يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت يۈرگۈزەتتى. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رېئالىستىك ئەدەبىيات باش كۆتۈردى. ئۇ 1911-يىلى باشلانغان مېكسىكا دېموكراتىك ئىنقىلابى بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى يازغۇچىلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارزۇيىنىڭ بىرىكىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. سېھرىي رېئالىزم مانا شۇ ئاساستا شەكىللەندى. مانا شۇنداق ئىجتىمائىي تۇپراقتا «جەڭگىۋار ئەدەبىيات» قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىستىبدات تۈزۈمگە قارشى خاھىشنى ئىپادىلىدى. ئۇ بولۇپمۇ رومان ئىجادىيىتى بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتتى. قىسقىغىنە بىرنەچچە ئون يىل ئىچىدە 1816-يىلى ئاران تۇنجى رومانى ئېتىراپ قىلىنغان لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ رومان ئىجادىيىتىنى تېزلىكتە دۇنياۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ چىقتى. غەربنى دورىغۇچىلار قاتتىق مەغلۇپ بولدى. ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ ئىزىدىن سۆرۈلۈپ مېڭىپ ماختىنىدىغان ھادىسە بازارسىز قالدى.

سېھرىي رېئالىزم ئۆز زېمىنىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ھەرقايسى ئېقىملارنىڭ

ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەزمۇنىدىكى رېئالىزم، ئىجادىيەت مېتودىدىكى غەيرىي رېئالىزم، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىكى قويۇق مودېرنىزملىق بەلگىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ ھازىرقى دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئۆزىگە خاس بايراق تىكلىدى.

ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي شارائىت سېھرىي رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى بەلگىلىدى. دەۋر بورانلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر، لاتىن ئامېرىكىسى ئېلىنىڭ ئويغىنىشى، مىللىي مۇستەقىللىق ئېلىنىڭ كۈچىيىشى، يازغۇچىلارنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى قوزغاتتى. سېھرىي رېئالىزم ئىپادىلەيدىغان مەزمۇن جەھەتتە ئەنئەنىۋى رېئالىزمغا ياندىشتى. ئەكس ئەتتۈرىدىغان شەكىل جەھەتتە بولسا يېڭىلىق ياراتتى. ياۋۇز ئىستىبدات تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەردە سۆز ۋە ئىجادىيەت ئەركىنلىكى چەكلىنەتتى. بۇنداق تۈزۈمگە ئاشكارا قارشى تۇرماق قىيىن ئىدى. سېھرىي رېئالىزم يازغۇچىلىرى ياۋروپا، ئامېرىكا مودېرنىزمچىلىرىدەك سۇبيېكتىپ دۇنيادىن ئۆزلىرىگە خالىي ماكان ئىزدەشنى خالىمىدى. ئۇلار جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق سىمۋول، ئوخشىتىش، بېشارەت بېرىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئەۋلىيا، ئالۋاستىلارنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلىپ، رېئاللىق بىلەن خىيالىيلىقنى يۇغۇرۇپ تاشلاپ، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بۇ ئۇسۇلنى شەكىللەندۈردى. بۇ ھەم رېئالىزمنىڭ «مەن» دىن سىرتقى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ كونكرېت مۇناسىۋەتلىرىنى دەل، كونكرېت تەسۋىرلىشىگە ئوخشىمايدۇ؛ ھەم رومانتىزمنىڭ رېئاللىق بىلەن قارىمۇقارشى بولغان «مەن» نىڭ غايىسىنى ياندىن تەسۋىرلەش ۋە ئىزھارلىشىغا ئوخشىمايدۇ؛ مودېرنىزمچىلارنىڭ سۇبيېكتىپلىق تەسىرات ۋە كەيپىياتلارنى ئىپادىلەشكىلا بېرىلىپ كېتىشىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇ رېئاللىقنى خىيالىيلىقلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئاجايىپ-غارايىپ كارتىنا ۋە ئوبرازلارنىڭ سىڭگەن شوللىرىدا ئەگرى-توقاي ئەكس ئەتتۈرىدۇ. رېئاللىقنى نېرۋا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كېسەللەردە بولىدىغان خىيالىي مۇھىتلارغا ئوخشاش قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەسەرلەردىكى ۋەقەلەر چىن بولسىمۇ كىتابخانلاردا ساختا توقۇلمىدەك، خىيالىيدەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. يازغۇچىنىڭ غەرىزى ھەم تەبىئىيلىكتىن ھالقىيدىغان ھەم تەبىئىيلىكتىن ئايرىلالمايدىغان كەيپىيات پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. سېھرىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ئالاھىدىلىكى لاتىن ئامېرىكىسى رايونىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھالىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ يەردە تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوخشىمايدىغان كۆپ مىللەتلەر ئوخشىمايدىغان دەۋر شەكلىدە سېلىشتۇرما پەيدا قىلىپ ياشايدۇ. ئۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىدىمۇ پەۋقۇلئاددىلىق بار.

سېھرىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى سۇر رېئالىزم ۋە شەرق، غەرب قەدىمىي ئەپسانە-رىۋايەتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئىندىئانلار مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. بەزىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى رېئالىزم ئوبيېكتىپ دۇنيادا تېنىقچىلىق قىلىدۇ، سۇر رېئالىزم ئىچكى دۇنيادا قېزىش ئېلىپ بارىدۇ، سېھرىي رېئالىزم ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ ئارىسىدا پۇت تىرەپ تۇرىدىغان جاي ئىزدەيدۇ، دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك

ئەمەس. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن يازغۇچىلار ئىندىئان ئېغىز ئەدەبىياتى، قەدىمىي مايا-گىنىڭ ئەدەبىياتى ۋە ئەرەب چۆچەكلىرىنى رەتلىگەن ۋە تەشۋىق قىلغان. ئۇلارنىڭ خىيالەت، چۈش بىلەن رېئاللىقنى ئارىلاشتۇرۇش، سېھرىي-خىيالەتلەر ئىچىدە رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئالاھىدىلىكلىرىنى تاۋلاپ چىققان ۋە ئىجادىي قوبۇل قىلغان.

20-ئەسىردىن بۇيان، غەرب مودېرنىزم ئەدەبىيات ئېقىمى لاتىن ئامېرىكا ئەدەبىيات ساھەسىگىمۇ ئۆز دولقۇنلىرىنى يەتكۈزدى. سېھرىي رېئالىزم يازغۇچىلىرى مودېرنىزمچىلارنىڭ ئەقلىيلىققا قارشى تۇرۇش مەسلىكى، ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىش مەستانىلىقلىرىنى قوۋۋەتلىمىسىمۇ، لېكىن «ئوخشىمايدىغان كۆپ خىل ئەدەبىياتنى چۈشىنىش مەلۇم بىر خىلدىكى ئەدەبىيات قېلىپىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر» دېگەن تەجرىبە ئاساسىدا، سىمۋولىزم، ئىپادىچىلىك، ئاڭ ئېقىمى، بىمەنىچىلەر تىياتىرچىلىقى قاتارلىق مودېرنىزمنىڭ ھەرقايسى ئەدەبىيات ئېقىملىرىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلدى. ئۇلاردىن مودېرنىستىك بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق لاتىن ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقىنى ئىپادىلەيدىغان يول ئىزدىدى. ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كىنو قاتارلىق سەنئەتتە مەيدانغا چىققان ئىپادىلەش ۋاستىلىرى جەھەتتىكى بەزى يېڭى بۆسۈشلەرنىڭمۇ پايدىسى كۆپ بولدى. سېھرىي رېئالىزمنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. ئەۋلىيا-ئەنبىيا، جىن-شەيتانلارنى تەسۋىرلەش شەكلى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ-سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ چەك-چېگرىسى بۇزۇپ تاشلىنىدۇ. رېئاللىق بىلەن ئەپسانە، چۈش-خىيالەتلەر بىر-بىرىگە شۇنداق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇكى، قايسىسىنىڭ رېئاللىق، قايسىسىنىڭ چۈش-خىيالىيلىق ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولماي قالىدۇ. تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر، ئادەملەر بىلەن جىن-ئالۋاستىلار ئۆزئارا سۆزلىشىدۇ، ئادەملەر دۇنياسى بىلەن جىنلار ماكانىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ.

2. مۇرەككەپ، كۆپ ئۆزگىرىشلىك قۇرۇلما ئارقىلىق ساختا خىيالىي تۇستىكى سۇژېتلار توقۇپ چىقىلىدۇ. قۇرۇلما جەھەتتە ھېكايە ئىچىدىن ھېكايە چىقىدىغان قاپلانما شەكىللىك قۇرۇلما، تەتۈر قىستۇرما، ئۆزگەرمە بايان قاتارلىق «سۇبيېكتىپلىق ۋاقىت تەرتىپى» بويىچە قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان سەكرەتمە شەكىللىك قۇرۇلما، پاراللېل ئىپادىلىنىدىغان مونتاژ شەكىللىك قۇرۇلمىلار قوللىنىلىدۇ. سەكرەتمە شەكىللىك قۇرۇلمىدا يازغۇچى نورمال مەنتىقە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارماي، بەلكى قەستەن بەزى قالايمىقانچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ، كىتابخانلارغا ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەت يىپ ئۇچىنى ئىزدەتكۈزىدۇ. بەزىلەر ئەسەرنىڭ يېرىمىنى قەستەن قىسقارتىۋېتىپ، قۇرۇلمىدا بىر مۇنچە بوشلۇق قالدۇرۇپ نۇرغۇن سەكرەتمىلەر پەيدا قىلىدۇ. بەزىلەر سۇژېت قۇرۇلمىسىدىكى سەكرەتمە شەكلىنى ھابلارلى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى سەكرەتمىگە ئايلاندۇرىدۇ. مونتاژ شەكلىدە كىنو سەنئىتى ۋاستىسىنى ئىشلىتىپ، ئىپادىلەش ۋاقتىسىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، تۇرمۇشنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى كۆپ تەرەپتىن يورۇتۇپ بېرىدۇ.

3. مودېرنىزمچىلارنىڭ ھەرخىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ كارامەت بەدىئىي

ئۇنۇم قوغلىشىلىدۇ. غەلىتە، بىمەنە ۋاستىلەر كۆپلەپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، بىر قېتىملىق
پويىز پارتلاش ۋەقەسى پەيدا قىلغان ئازگالنى بەش يىل كۆمۈپمۇ تۈزلىۋەتكىلى بولمى-
غانلىقى؛ ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان نۇرغۇن ئادەمنى پارتلاپ كەتكەن ۋاگوننى
ئىتتىرىپ ئېلىپ كېتىشكە تەشكىللىسە، ئۇلارنىڭ ئۈچ يىل ئىتتىرىپ يۈرۈپ ئۇنى ئاران
يول ياقىسىغا ئېلىپ كېلەلىگەنلىكى؛ ئالدىنقى سەپكە سۇ ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىل-
نىڭ ئىككى سائەتتە ئارانلا بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى يول ماڭغانلىقى، يېڭى چاق ئالماش-
تۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئاستا ماڭغانلىقى؛ تاغ ئىچىدىكى دەرياغا تۆمۈريول ئىدارىسى
كۆۋرۈك سالمىغانلىقتىن يولۇچىلارنىڭ پويىزنى يەلكىلىرىدە كۆتۈرۈپ ئۆتۈشكەنلىكى ۋە-
ھاكازا. بۇنداق بىمەنە تەسۋىرلەردىن كىتابخانلار لاتىن ئامېرىكىسىدىكى قالاقلىق، مالە-
ماتاڭچىلىقلارنى كۆرۈۋالالايدۇ. سىمۋوللۇق ۋاستىلەردىن ئەپچىل پايدىلىنىلىدۇ. يېڭى
تۇغۇلغان بوۋاق شاھزادىنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش زىياپىتىنىڭ شاۋقۇنلىرى لەر-
زىسىدە ئۆلۈپ قالىدۇ. بىر ئۆسمۈر بالىغا قانات چىقىدۇ. بىراق ئۇ باشقىلارنىڭ قانىتى
يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئۇچۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. كىنايە قىلىش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىلىدۇ.
«خوتۇن ئالماشتۇرۇش» دېگەن ئەسەردە بىر سېتىقچى بىر ھارۋا گۈزەل قىز ئېلىپ كېلى-
دۇ. بازاردىكى ئەركەكلەر خوتۇنلىرىنى بۇ قىزلارغا تېگىشىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي قىزلارنىڭ
ئالتۇن چىرايلىرى دادلىشىپ بەدبەشرە مومايلار ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىدۇ. ئەركەكلەر
ئۆزلىرىنىڭ ھەل بېرىلگەن ياسالماماللارنى قىزلار دەپ ئالدانغانلىقلىرىنى بىلىشىدۇ.
«ئاڭ ئېقىمى» ۋاستىلىرى قوللىنىلىدۇ. بەزى ئەسەرلەر پۈتۈنلەي ئەسلىمە ئىچىدىكى تېز
ئوي ۋە ئەسلىمە ئىچىدىكى خاتا تۇيغۇلار بىلەن تولغان بولىدۇ. ھالبۇكى، تېز ئويلار
بىلەن خاتا تۇيغۇلار ئۆلىنىشىدا چوڭچوگۇدەك رېئاللىقلار نامايان قىلىنىدۇ. تىل جەھەتتە
سېھىرلىك رېئالىزىم يازغۇچىلىرى يېڭىلىق يارىتىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، كېسەل ھالەتتىكى
كەيپىيات ۋە سىرلىق ئىچكى قەلب تەسىراتلىرىنى ئىپادىلەش بولماستىن، بەلكى ئاجايىپ-
غارايىپ بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشتۇر. شۇڭا سېھىرلىك رېئالىستىك ئەدەبىيات بەزى گۇڭگا،
كەم قوللىنىلىدىغان يات سۆزلەردىن خالىي بولالمىسىمۇ، لېكىن بۇ ھال ئۇلاردا مودېر-
نىزمچىلاردىكىدەك ئېغىر دەرىجىدە ئەمەس. ئادەتتە ئۇلارنىڭ تىلى بىرقەدەر مول، رەڭدار
بولىدۇ. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، مىللەتلەر قاتلاملىرىنىڭ تىللىرى، يەر-
لىك شىۋىلىرى كەڭ قوللىنىلىدىغان بولۇپ، يەرلىك تۈس قويۇق. تاۋلانغان سۈپەتلەش
سۆزلىرى يوشۇرۇن مەنىلىك مۇبالىغىلەر ئىشلىتىلىپ كەيپىيات قويۇقلاشتۇرۇلۇپ، ئاجايىپ
مەنىۋى مۇھىت يارىتىلىدۇ. بەزى ئەسەرلەردە نەسىر تىلى، ئاخبارات تىلى، تۇرمۇش تىلى،
كىتابىي تىل، قەدىمكى زامان تىلى، ھازىرقى زامان تىلى قاتارلىق ئاساسىي رىتىمى ئوخ-
شىمايدىغان ئاھاڭ، ئۇسلۇبتىكى تىللار بىراقلا ئىشلىتىلىپ رەڭمۇ رەڭ تىل مۇھىتىنى
شەكىللەندۇرگەن. سېھىرلىك رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ غەرب مودېرنىستىك ئەدەبىياتقا مەنسۇپ
ياكى ئەمەسلىكى مەسىلىسىدە تالاش بار. بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، ئۇلار-
نىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى ئوخشاشمايدۇ. سېھىرلىك رېئالىزمچىلار رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈشنى ئۆزلىرىنىڭ تۈپكى ۋەزىپىسى ھېسابلايدۇ.

گېرمانىيە ئەدەبىي تەنقىدچىسى فراندىزلو 1925-يىلى «سېھرىي رېئالىزم، كېيىنكى ئىپادىچىلىك، نۆۋەتتىكى ياۋروپا رەسساملىقىدىكى بەزى مەسىلىلەر» دېگەن كىتابىدا «سېھرىي رېئالىزم» ئاتالغۇسىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانىدى. سېھرىي رېئالىزمنىڭ قاچان بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق خۇلاسە يوق. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەزى ئوبزورچىلار گۋاتېمالالىق شائىر ۋە يازغۇچى ل. ئا. مادىنناس، ئارگېنتىنا يازغۇچىسى م. ن. فرناندىس، ۋېنسۇئېلا ھازىرقى زامان يازغۇچىسى ك. پىترىلارنى سېھرىي رېئالىزمنىڭ ئەجدادلىرى ھېسابلايدۇ. مادىنناس 1915-يىلى ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسىرى «ئاتقا ئوخشايدىغان ئادەم» نى يازغان. كېيىن بۇ ئېقىمغا تۆھپە قوشقانلاردىن كۇبا يازغۇچىسى ئا. كارپېنتېر، گۋاتېمالا يازغۇچىسى مىگېل ئانخېل ئاستورىئاس قاتارلىقلار بار. كارپېنتېر لاتىن ئامېرىكا رومانچىلىقىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىرىدۇر، شۇنداقلا ئاڭلىق تۈردە لاتىن ئامېرىكا ئەدەبىياتىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە خۇلاسىلىگەن بىرىنچى ئادەمدۇر. ئاستورىئاس سېھرىي رېئالىزم يازغۇچىلىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى ھېسابلىنىدۇ. سېھرىي رېئالىزم 60-، 70-يىللاردا ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. دولقۇنلار ئەۋجىدە تۇرغىنى كولۇمبىيە يازغۇچىسى گارسىيا ماركوس (1928 —) ئىدى. ئۇنىڭ 18 يىللىق جاپالىق ئىجادىيەت ئارقىلىق يېزىپ چىققان رومانى «يۈز يىل غېرىبلىق» (يۈز يىللىق يالغۇزلۇق) سېھرىي رېئالىزم ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى ئەڭ چوڭ ۋەكىللىك ئەسەردۇر. 1982-يىلى شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى ماركوسقا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بەرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئۇ مۇستەقىل ئالاھىدە زېمىننى، يەنى ماكوندونى دەۋر قىلغان دۇنيانى، ئۆزى توقۇپ چىققان كىچىك بازارنى ياراتتى. 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۇنىڭ رومانى بىزنى مۇشۇ ئاجايىپ جايغا باشلاپ كىردى. ئۇ يەرگە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز مۆجىزاتلار ۋە ساپ رېئال تۇرمۇش جۇغلانغانىدى»، «چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى تۇرمۇش ۋە توقۇنۇشلارنى ئەكس ئەتتۈردى.» يازغۇچىنىڭ مەيدانى ئېنىق بولۇپ «ئۇ كۆپ ساندىكى لاتىن ئامېرىكىسى يازغۇچىلىرىغا ئوخشاش نامراتلار ۋە ئاجىزلار تەرىپىدە قەتئىي چىڭ تۇردى.»

تۆۋەندە بىز بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 2-بابىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.

گارسىيا ماركوس (كولۇمبىيە)

# يۈز يىل غېرىبلىق

(رومانىدىن پارچە)

## 2 - باب

XVI ئەسىردە دېڭىز قاراقچىسى فرانـ
سىس دىراك لىئوئاچقا قورشاپ ھۇجۇم قىلـ
ۋاتقاندا ئۇرسۇلا ئىگۇئارانىنىڭ ئۇلۇغ مومىسى
قوڭغۇراق ۋە زەمبىرەك ئاۋازىدىن قورقۇپ
جىددىيلىشىپ كېتىپ ئوت كۆيۈۋاتقان قىزىق
مەشكە ئولتۇرۇپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك
ئۇ خوتۇنلۇققا يارىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.
ئۇ ئادەتتە قېلىن، يۇمشاق كۆرپىدە سىڭا-
يان ئولتۇرىدۇ. ئالچاڭلاپ ماڭىدۇ. شۇڭا
بارا - بارا ئادەم بار يەردە ماڭمايدىغان بولـ
دۇ. ئۆزىدە بىر خىل كۆيۈك پۇرىقى بارلـ
قىنى سېزىپ خەق بىلەن ئالاقىلىشىشتىنمۇ
ۋاز كېچىدۇ. ئۇ دائىم دېگۈدەك ئۆيدە ئۇخـ
لاشتىن قورقۇپ تاڭ ئاتقۇچە ھويلىسىدا
تۇرىدۇ، سەۋەبى، ئۇ ئۇخلىسىلا ھەمىشە بىر
ئەنگلىيىلىك غالجىر ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ
دېرىزىسىدىن كىرىپ، قىزىتىلغان تۆمۈرلەر
بىلەن ئۆزىنى نومۇسسىزلارچە سوراق قىلىپ
چۈش كۆرەتتى. ئۇ ئېرىگە ئىككى ئوغۇل
تۇغۇپ بەرگەن بولۇپ، ئېرى ئاراگونلۇق①
سودىگەر ئىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئازابىنى
مۇمكىنقەدەر يېنىكلىتىش ئۈمىدىدە پۈتۈن
بايلىقىنىڭ يېرىمىنى سەرپ قىلىپ ئۇنى داۋا-
لىتىدۇ. ئاخىرىدا دۇكىنىنى خەققە بېرىۋېتىپ
خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ بۇ دېڭىز بويىنى
تاشلاپ كېتىدۇ. ئۇ بىر تاغنىڭ قاپتىلىغا
جايلاشقان ئىندىئان كەنتىگە كېلىپ،
شۇ يەردە خوتۇنىغا ئۇ چۈشىدە كۆرىدىغان
دېڭىز قاراقچىسىنى كىرەلمىسۇن دەپ دېرىزـ
سىز ئۆي سېلىپ بېرىدۇ.
بۇ خىلۋەت كەنتتە بۇرۇندىن ئىسپانـ
يىلىكنىڭ بىر ئەۋلادى ياشايتتى، ئۇنىڭ ئىسـ
مى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بولۇپ،
تاماكا تېرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇرسۇ-
لانىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى شۇ كىشى بىلەن پايدا
تېگىدىغان بۇ ئىشنى شېرىكلىشىپ ئىشلىدى.
قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھەر ئىككىيلەن ئوبدا-
نلا باي بولۇپ قالدى. نۇرغۇن يىللاردىن
كېيىن ئىسپان ئەۋلادىنىڭ ئوغۇل ئەۋرىسى
بىلەن ئاراگونلۇقنىڭ قىز ئەۋرىسى توي
قىلدى. ئۇرسۇلا ھەر قېتىم ئېرىنىڭ بولمىغۇر ئىش
لىرىغا ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا، نى - نى ئىشلار

① ئاراگون — ئىسپانىيىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى. ئۇ يەر بۇرۇن بىر پادىشاھلىق ئىدى.

بولۇپ ئۆتكەن ئۈچ يۈز يىللىق بىراقلا قاي-
رىپ قويۇپ فرانسىس دىراك لىسئوئاچقا
قورشاپ ھۇجۇم قىلغان شۇ كۈننى قارغاپ
كېتەتتى. بىراق، ئۇ ئىچىنى بوشتۇۋېلىش
ئۈچۈنلا شۇنداق قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە،
ئۇلارنى بىر-بىرى بىلەن ئۆمۈرلۈك باغلاپ
تۇرغان نەرسە مۇھەببەتتىنمۇ مۇستەھكەم
بولغان ئورتاق ۋىجدانىي خورلۇق مۇناسىۋە-
تى ئىدى. ئۇرسۇلا ئېرى بىلەن بىر نەۋرە
ئىدى. ئۇلار بۇ قەدىمىي كەنتتە بىللە
ئويناپ چوڭ بولغان، ئەجدادلارنىڭ ئەجرى
تۈپەيلى بۇ كەنت پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئەڭ
ياخشى كەنت بولۇپ قالغانىدى. گەرچە
ئۇلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى ئۇلار بۇ دۇنياغا
كۆز ئاچقان چاغدىلا مەلۇم بولغان بولىس-
مۇ، بىراق ئىككى ياش توي قىلىش ئىستى-
كىنى ئىزھار قىلغاندا، ھەر ئىككى ئائىلى-
نىڭ باشلىقلىرى قارشى چىقىشتى. نەچچە
يىلدىن بېرى بۇ ئىككى جەمەت ئۆزئارا
ئېلىشىپ-تېگىشىپ كەلگەچكە، ئەمدى بۇ
ئىككى ساغلام ئەۋلادنىڭ كەسلەنچۈك
تۇغۇپ قېلىپ نومۇسقا قېلىشىدىن قورقتى.
چۈنكى مۇنداق ۋەھىملىك ئىش ئۇلارنىڭ
ئالدىدىن بىر قېتىم ئۆتكەن. يەنى ئۇرسۇلا
نىڭ كىچىك ئاپىسى خوس ئابۇئېندىيەنىڭ
تاغىسىغا تېگىپ بىر ئوغۇل تۇغقان، بۇ
لا ئۆمۈربويى ئېغى كەڭ شارابار ئىشتان
كىيىپ يۈرگەن، توي قىلمىغان. قىرىق ئىك-
كى ياشقا كىرگەندە، قانسىراپ ئۆلگەن.
سەۋەبى ئۇ قۇيرۇقلۇق تۇغۇلغان بولۇپ،
ئۇنىڭ قۇيرۇقى، ئۇچىدا بىر تۇتام تۈك
بار پىلدىرلىغۇچ شەكىللىك سىڭىر ئىدى.
بۇنداق ئىسمى-جىسمىغا لايىق چوشقا قۇي-
رۇقنى ئۇ ھەر قانداق بىر ئايالغا كۆرسىتىش
-نى خالىمىغان، مانا شۇ نەرسە ئۇنىڭ جېنىغا
زامىن بولغان. بىر تونۇش قاساپ ئۇنىڭ
تەلپىگە ئاساسەن قۇيرۇقنى كېسىۋەتكەندە
ئۇ قانسىراپ ئۆلگەن. ئون توققۇز ياشلىق
خوس ئابۇئېندىيە بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا
مۇنازىرىگە خاتىمە بېرىپ:

— چوشقا تۇغۇلسىمۇ مېنىڭ بالام بو
لىدۇ، ئۇگەپ قىلالىسىلا بولىدى، — دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پوجاڭزا سادالىرى ئى-
چىدە توي قىلدى. سۇنايچىلار تويىنى ئۈچ
كېچە-كۈندۈز قىزىتىپ بەردى. ياش ئەر-
خوتۇنلار بەختىيار ياشاپ كەتكەنمۇ بولار ئى-
دى. بىراق، ئۇرسۇلانىڭ ئاپىسى قىزىنى
قورقىتىپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇلاردىن
تۇغۇلىدىغان باللار ھەققىدە شۇم بېشارەت
بەردى، ھەتتا قىزىنى ئېرى بىلەن قائى-
دە بويىچە بىللە بولماسلىققا كۈشكۈرتتى.
ئۇرسۇلا ئېرىنىڭ كۈچلۈك، قەيسەر ئادەمئى-
كەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇخلاپ قالغان چېغى-
مدا زورلۇق قىلمىسۇن دەپ، ئۇخلاشتىن ئى-
لگىرى ئاپىسى قېلىن كاناپتىن تىكىپ
رگەن ئىشتاننى كىيىۋالاتتى، بۇ ئىشتاننىڭ
چەپراس ئىشتان بېغى، بولۇپ ئۇلارنى
ئالدىغا يىغىپ تۆمۈر توكمە بىلەن چىڭ
ئېتىپ قوياتتى. ياش ئەر خوتۇن بىرنەچچە
ئاينى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈۋەتتى. كۈن-
دۈزى يېگىت سوقۇشچى خورازلىرى بىلەن
بولاتتى، خوتۇن ئاپىسى بىلەن كەشتە تىكەت-
تى. كەچ بولغاندا ياش ئەر-خوتۇن ئازاب-
لىق ۋە كەسكىن ئېلىشىشقا چۈشەتتى، بۇلا
ئېلىشىش ئاستا-ئاستا مۇھەببەت تەسەللى-
لىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. سەزگۈر قوشنىلار
ئىشنىڭ تازا قاملاشمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ
قېلىشتى، شۇنىڭ بىلەن كەنتتە ئۇرسۇلا
ئەرگە تەگكىلى بىر يىل بولغان بولسىمۇ ھېلى-
غىچە قىز ئىكەن، ئېرى كارغا كەلمەيدىكەن،

دېگەن سۆز - چۆچەك تارقىلىپ كەتتى.
بۇ گەپ ئاخىرىدا خوس ئابۇئېنددىيەنىڭ قۇلـ
قىغىمۇ يەتتى.
— ئۇرسۇلا، سۆز - چۆچەكلەر قۇلىقىڭغا
كىرىۋاتىدىغاندۇ، — دېدى ئۇ خوتۇنىغا خاتىر
جەملىك بىلەن.
— ئۇلار نېمە دەپ تىلنى چاينىسا چاي-
ناۋەرسۇن، ئۇ گەپلەرنىڭ يالغانلىقىنى بىز
بىلگەندىن كېيىن بولمىدىمۇ، — دەپ جاۋاب
بەردى خوتۇنى.
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تاكى بىرنەس باس-
قان يەكشەنبە كۈنى خوس ئابۇئېنددىيەنىڭ
خورىزى پرودونسىو ئاگىمورنىڭ خورىزىنى
يەڭگىچە شۇ پېتى داۋاملاشتى. ئۇتتۇرۇپ
قويغان پرودونسىو ئاگىمورخورىزىنىڭ قانغا
بويالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاچچىقىدا
رىلىپ كېتەي دېدى. ئۇ خوس ئابۇئېنددىيەدىن
سەل يىراقلاپ توخۇ سوقۇشتۇرۇش مەيدانـ
دىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىيالىغۇدەك ئاۋازدا
قەستەن ۋارقىراپ دېدى:
— مۇبارەك بولغاي، بۇئېنددىيە، بۇ خو-
رىزىڭ خوتۇنىڭغا ياراپ قالسا ئەجەب ئەمەس،
كۆرىمىز تېخى!
خوس ئابۇئېنددىيە سالماقلىق بىلەن
خورىزىنى كۆتۈرۈۋالدى - دە:
— مەن ھازىر كېلىمەن، — دېدى خالا-
يىققا، ئاندىن پرودونسىوئاگىمورغا قارىدى، —
ئۆيۈڭگە بېرىپ قورالىڭنى ئەكەل، مەن جېنىڭنى
ئالماقچىمەن.

ئۇن مىنۇتتىن كېيىن ئۇ بوۋىسىدىن
قالغان سېپى توم نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ كەلـ
دى. توخۇ سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا پۈتۈن كەنـ
تنىڭ يېرىمى دېگۈدەك كەلدى. پرودونسىو -
ئاگىمور شۇ يەردە كۈتۈپ تۇردى. ئۇ ئۆزىنى
قوغداشقا ئۈلگۈرەلمەيلا، خوس ئابۇئېنددـ
يەنىڭ نەيزىسى ئۇنىڭ كېكىردىكىگە قادالدى.
نەيزە شىددەت بىلەن ئېتىلغان بولۇپ، چەنلە-
نگەن جايىغا تەگكەنىدى. مانا مۇشۇنداق مۇنازىرە
تەلەپ قىلمايدىغان مەرگەن بولغانلىقى ئۈچۈ-
نلا خوس ئورېلىئانو بۇئېنددىيە① بۇرۇن
پۈتۈن ئەتراپتىكى يىلپىزلارنى قويماي يوقا-
تقان. ئاخشىمى توخۇ سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا
ئۆلگۈچىنىڭ يارۇ - بۇرادەرلىرى تاۋۇت ئەترا-
پىدا ھازا ئېچىشقا باشلىغاندا، خوس ئابۇئې -
نددىيە ياتاق ئۆيىگە كىرىپ، «ئىپپەت تامبىلى»
نى كىيىۋاتقان خوتۇنىنى كۆردى. ئۇ نەيزىسىنى
خوتۇنىغا تەڭلەپ بۇيرۇق قىلدى.
— سال!
ئۇرسۇلا ئېرىنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان-
لىقىنى بىلەتتى. شۇڭا:
— بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئۆزۈڭ مەس-
ئۇل، — دېدى ئېرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ.
خوس ئابۇئېنددىيە نەيزىسىنى لاي
يەرگە پاتۇرۇپ قويدى.
— ئەگەر كەسلەنچۈك تۇغۇپ قالساڭ
بىز كەسلەنچۈكنى باقىمىز، — دېدى ئۇ، —
بىراق، بۇنىڭدىن كېيىن كەنتىمىزدە ھېچكىم
سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

① خوس ئابۇئېنددىيەنىڭ بوۋىسى.

بۇ، ئىيۇننىڭ بىر گۈزەل ئاخشىمى بولۇپ، سۈتتەك ئايدىڭ، سالقىن ئىدى. ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە پومداقلىشىپ چىقتى. ئۆينىڭ ئىچىگە غۇيۇلداپ كىرىۋاتقان شامالغا پىسەنتمۇ قىلىشمىدى، بۇ شامال پرودونىسئو ئاگىمورنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ يىغا ئاۋازلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى.

باشقىلار بۇ ئىشنى شەرەپلىك دۇئېل دېيىشتى، ئەمما بۇ ياش ئەر-خوتۇنىڭ ۋىجدانى سوراقتا قالدى. بىر كۈنى كېچىدە ئۇرسۇلانىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي هويلىغا سۇ ئىچكىلى چىقتى، هويلىدىكى چوڭ ئىدىشنىڭ يېنىدا پرودونىسئو ئاگىمور تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ، ئىنتايىن قايغۇلۇق ئىدى. ئۇ بىر تۇتام كەندىر پاخلى بىلەن كېكىردىكىدىكى قان چىقىۋاتقان يارىنى ئېرتىپ تۇراتتى. ئۆلگەن ئادەمنى كۆرگەن ئۇرسۇلا قورقمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. ئۇ قايتىپ كىرىپ بۇ ئاجايىپ ئىشنى ئېرىگە دەپ بەرگەنىدى، ئېرى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئېرەن قىلمىدى.

— ئۆلگەن ئادەم كۆرۈدىن چىقالمايدۇ، — دېدى ئۇ، — بۇ بىزنىڭ ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقانلىقىمىزدىن بولۇۋاتقان ئىش.

ئىككى كېچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرسۇلا پرودونىسئو ئاگىمورنىڭ مۇنچىدا يەنە كەندىر پاخلى بىلەن بويىنىدىكى ئۇيۇپ قالغان قاننى تازىلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. يەنە بىر ئاخشىمى ئۇنىڭ يامغۇردا تەمتىرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. خوسى ئاركادىيو ئېندىيە خوتۇنىنىڭ بۇ خىيالىي تۇيغۇلىرىدىن زېرىكىپ، نەيزىسىنى ئالدى-دە، هويلىغا چىقتى. مۇردا ھەقىقەتەن قايغۇلۇق هالدا تۇراتتى.

— يوقال! — دەپ ۋارقىرىدى خوسى ئاركادىيو ئېندىيە، — سەن قانچە قېتىم قايتىپ كەلسەڭ، مەن سېنى شۇنچە قېتىم ئۆلتۈرىمەن.

پرودونىسئو كەتمىدى، ئەمما خوسى ئاركادىيو ئېندىيە نەيزىسىنى ئۇنىڭغا ئېتىشقا پېتىنالمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خوسى ئاركادىيو ئېندىيە خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ خىيالىغا دائىم ئۆلگۈچىنىڭ يامغۇردا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان چەكسىز ئەلەملىك كۆزى كىرىۋالاتتى، ئۆلگۈچىنىڭ كۆزلىرىدىكى هاياتلىق كىشىلەرگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش، كەندىر پاخلىنى نەمدەش ئۈچۈن سۇ ئىزدەپ ئەتراپقا قارىغان چېغىدىكى پەرىشان تۇرقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى.

— ئۇ بەكمۇ ئازابلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى خوسى ئاركادىيو ئېندىيە خوتۇنىغا، — ئۇ غېرىبلىق هېس قىلىۋېتىپتۇ.

ئۇرسۇلا ئۆلۈكلەرگە ئاجايىپ هېسداشلىق قىلاتتى، يەنە بىر قېتىم ئۇ پرودونىسئونىڭ مەشنىڭ ئۈستىدىكى قازانغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىر نەرسە كېرەك ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى-دە، سۇنى كوزا-كوزىغا قاچىلاپ ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە تىزىۋەتتى. شۇ كېچىسى، خوسى ئاركادىيو ئېندىيە ئۆلگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىدە يارىسىنى يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تىز پۈكتى.

— بوپتۇ پرودونىسئو، — دېدى ئۇ، — بىز مۇمكىنقەدەر بۇ كەنتتىن يىراقراق كېتەيلى، بۇ يەرگە ھەرگىز قايتىپ كەلمەيلى، ئەمدى، سەن خاتىرجەم كېتىۋەرگىن.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار تاغ - داۋانلار ئېشىپ دېڭىز ياقىسىغا كەتمەكچى بولدى، خوس ئابۇئېندىيەنىڭ بىرقانچە ياش دوستىمۇ تەلەي سىناپ باقماقچى بولۇپ، يۇرتىدىن ئايرىلىپ خوتۇن - بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ زېمىن ئىزدەپ ... نامەلۇم زېمىننى ئىزدەپ ماڭماقچى بولۇشتى. ماڭىدىغان چاغدا خوس ئابۇئېندىيە نەيزىسىنى قورۇغا كۆمدى، بارلىق سوقۇشچى خورازلىرىنىڭ كاللىسىنى كەينى - كەيىنىدىن كېسىپ تاشلىدى، ئۇ مۇشۇنداق قۇربانلىق قىلىش بەدىلىگە پرودونىسئو ئاگمورغا بىرئاز تەسەللى بېرىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇرسۇلا ئۆزى تەييارلىغان تويلۇقلار سېلىنغان ساندۇق، ئازراقلا ئۆي جابدۇقلىرى ھەمدە ئاتىسىدىن مىراس قالغان تىللا سېلىنغان قۇتىنىلا ئېلىۋالدى. ھېچكىممۇ ماڭىدىغان يولنى ئالدىنئالا ئويلاشمىغانىدى. ئۇلار تونۇش كىشىلەرگە ئۇچراپ قالماسلىق، ئۇن - تىنسىزلا غايىب بولۇپ كېتىش مەقسىتىدە لىئوئاچنىڭ قارشى تەرىپىگە قاراپ مېڭىشنى قارار قىلىشتى. بۇ بەكمۇ قىزىق، شۇنداقلا بىمەنە سەپەر بولدى. بىر يىل ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرسۇلا مايمۇن گۆشى، يىلان شورپىسى ئىچىپ قورساق ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ھايۋانىي ئالامەتلەر بولمىغان راۋرۇس بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئىششىپ، كۆك تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ كەتكەچكە، پۇتۇن مۇساپىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىككى ئەر كىشى كۆتۈرگەن جىرغىدا يېتىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. بالىلار بولسا جاپا - مۇشەققەتكە ئاتا - ئانىلىرىدىن بەكرەك چىداشلىق كېلىدىكەن.

كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، قورساقلىرى چاپلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ بالىلار كۆپ ۋاقىتلاردا سەكرەپ - قىيغىتىپ ئوينىشاپ ماڭدى. ئىككى يىلدەك سەرسانلىقتىن كېيىنكى بىر كۈنى سەھەردە بۇ بالىلار تاغ - داۋانلارنىڭ غەربىي قاپتىلىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرگۈچىلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار بۇلۇت - تۇمان قاپلىغان تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ئېقىنلار گىرەلىشىپ كەتكەن كەڭ بىر زېمىننى كۆرۈشتى، بۇ، بىر بېشى ئۇپۇققا كىرىپ كەتكەن كۆز يەتكۈسىز سازلىق ئىدى. ئەپسۇسكى ئۇلار دېڭىز بويىغا يېتىپ بارالماي مۇشۇ سازلىقتا بىرنەچچە ئاي سەرگەردان بولۇپ يۈردى. يول بويىي بىرمۇ ئادەم ئۇچراتمىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇلار بىر تاشلىق دەريا بويىدا بارگاھ قۇردى. دەريانىڭ سۈيى قېتىپ قالغان ئەينەكتەك سۈزۈكلۈكىدىلا ئوخشايتتى. نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئورېلىئانو مۇشۇ يولنى بويلاپ مېڭىپ لىئوئاچنى تۇيۇقسىز ئىشغال قىلماقچى بولىدۇ، ئەمما ئالتە كۈندىن كېيىن بۇ خىيالىنىڭ تامامەن ساراڭلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالىدۇ. بىراق شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇلار دەريا بويىدا بارگاھ قۇرۇشتى، دادىسىنىڭ ھەمراھلىرى گەرچە كېمىسى چۆكۈپ كەتكەن دېڭىزچىلارغىلا ئوخشىشىپ قالغان بولسىمۇ، سەپەردە ئۇلارنىڭ ئادەم سانى كۆپەيگەنىدى، كۆپچىلىك مۇشۇ يەردە قېرىغۇچە ياشىماقچى بولۇشتى (ئۇلار بۇنى ئەمەلگە ئاشۇردى). كېچىسى خوس ئابۇئېندىيە بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە مۇشۇ بارگاھتا ئاۋات بىر شەھەر پەيدا بولغانمىش، ئۆيلەرنىڭ تاملىرى كۆزنى

قاماشتۇرىدىغان بىر خىل سوزۇلۇك ماتېرىيالاردىن
ياسالغانمىش، ئۇ بۇنىڭ قايسى شەھەرنىڭكەن-
لىكىنى سوراۋاتقانىمىش. بىرىلگەن
جاۋابتىن بۇ شۇنداق يات، شۇنداق بىمەنە
بىر ئىسىم دېگۇدەكمىش، ئەمما ماكوندو
دېگەن بۇ ئىسىم چۇشىدە ئۇنىڭغا ئالامەت
جاراڭلىق ۋە تەسىرلىك ئاڭلانغۇدەكمىش.
ئەتىسى ئۇ ئادەملىرىگە دېڭىزنى تېپىشنىڭ
مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى، ئاندىن
خالايىقنىڭ دەرەخ كېسىپ دەريا بويىدىكى
ئەڭ سالقىن بىر يەرنى ئېچىشىغا يېتەكچى-
لىك قىلىپ، شۇ ئورۇندا بىر كەنت
قۇردى.

مۇز پارچىسىنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى
خوس ئاركادىيو بۇئېندىيە چۇشىدە كۆرگەن ئەي-
نەك ئۆيلەرنى زادىلا چۇشىنەلمەي كەلگە-
ندى. كېيىن بۇ چۇشىنىڭ چوڭقۇر ئەھ-
مىيىتىنى چۇشەنگەندەك بولدى-دە،
يېقىن كەلگۈسىدىلا سۇدىن ئىبارەت ئاد-
دىي ماتېرىيالدىنلا كەڭ كۆلەمدە مۇز
كېسەكلىرىنى ياساپ پۈتۈن كەنتتە يېڭى
ئۆيلەرنى سېلىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ قارى-
دى. ئەينى ۋاقىتتا ماكوندو تونۇردەك
ئىسسىق بولۇپ، ئىشىكنىڭ تاقاقلىرى ۋە
دېرىزىنىڭ زەنجىرلىرى ئىسسىقتا ئېگى-
لىپ كەتكەن، ئەگەر مۇز كېسەكلەردە ئۆي
سالسا ماكوندو مەڭگۇ سالقىن شەھەر
بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مادامىكى
خوس ئاركادىيو بۇئېندىيە بۇ چاغلاردا پۈتۈن
زېھنىنى ئىككى ئوغلىنى، بولۇپمۇ ئورې-
لىيانونى تەربىيىلەشكە قاراتقانلىقتىن مۇز
زاۋۇتى قۇرۇشتا چىڭ تۇرمىدى. بۇ بالا
باشتىلا مىتال تاۋلاش تېخنىكىسىغا بولغان
مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىقتىدارىنى نامايان
قىلدى. تەجرىبىخانىدىكى خىزمەت يەنە
جىددىيلىشىشكە باشلىدى. ئەمدى ئاتا-بالا
ئىككىيلەندە بۇرۇنقىدەك يېڭى، ئاجايىپ
شەيئىلەر پەيدا قىلىدىغان ھاياجانلىق
ھېسسىيات يوق ئىدى، ئۇلار تىپتىنچ
ھالدا مېرگادىسنىڭ قول يازمىلىرىنى
قايتا-قايتا ئوقۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن
تىرىشىپ قازاننىڭ ئاستىغا چاپلىشىپ قال-
غان داشقالنىڭ ئىچىدىن ئورسۇلانىڭ ئال-
تۇنىنى ئايرىۋېلىش كويىغا چۇشتى. چوڭ
ئوغلى خوس ئاركادىيو بۇ ئىشقا زادىلا
ئارىلاشمايتتى. دادىسى پۈتۈن ۋۇجۇدى
بىلەن پېچ يېنىدا خىزمەتكە بېرىلگەندە،
ۋاقىتسىز ھالدا يېشىغا باقمىاي چوڭ
بولۇپ كەتكەن بۇ بەكباش چوڭ ئوغۇل،
زەبەردەست بىر يىگىت بولۇپ يېتىشتى.
ئاۋازى ئۆزگىرىپ، بۇرۇتلىرى خەت تارت-
تى، ئېگەكلىرىگە سېرىق تۈك چىقىشقا
باشلىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ كىيىم-
لىرىنى سېلىپ ياتماقچى بولۇپ تۇرغاندا
ئورسۇلا كىرىپ قالدى، ئورسۇلادا شۇ
ھامان ئىزا تارتىش ئارىلاش ئىچ ئاغرى-
تىشتەك بىر سېزىم پەيدا بولدى. چۈنكى،
بۇ ئۆز ئېرىدىن باشقا ئۇ قىپيالىڭاچ
ھالدا كۆرگەن بىرىنچى ئەر كىشى، يەنى
ئۆز ئوغلى ئىدى، ئۇنىڭ ئۆستىگە ئوغلى-
نىڭ فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى غەيرىي
نورماللىقى ھەتتا ئۇنى قورقىتىۋەتتى.
ئۈچىنچى بالىغا ھامىلدار بولغان ئورسۇلا،
توي قىلغان چېغىدىكى ۋەھىمىنى قايتى-
دىن ھېس قىلىشقا باشلىدى.

شۇ چاغلاردا بۇئېندىيەلەرنىڭ
ئۆيىگە دائىم كېلىپ ئورسۇلاغا قارىشىپ
بېرىدىغان بىر ئايال بار ئىدى. بۇ ئايال
خۇش خۇي، قىزغىن، ئاغزى ئىتتىك
بولۇپ، قارتا بىلەن پال ئاچالايتتى. ئور-
سۇلا بۇ ئايالغا ئۆزىنىڭ ۋەھىمىسىنى

ئېيتتى. بۇ بالىنىڭ تەن قۇرۇلۇشىدىكى نورماللىسىزلىق خۇددى ھېلىقى تۇغقىنىغا چوشقا قۇيرۇقى چىقىپ قالغانغا ئوخشاشلا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ ئايال ئۆزىنى توختىتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى ئۆي ئىچىدە گويا جانان چىنىگە مەرۋايىت تۆككۈلگەندەك جاراڭلاپ كەتتى:

— دەل سىزنىڭ دېگىنىڭىزنىڭ ئەكسىچە، — دېدى ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ، — ئۇ بەختلىك بالىكەن.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ بېشارىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قارتا ئېلىپ كەلدى، ئۇ خوس ئاركادىئونى ئېلىپ ئاشخانىنىڭ يېنىدىكى ئامبارغا كىرىپ ئىشىكنى مەھكەم تاقىۋالدى. ئۇ ئالدىرىماي كونا ئۈستەلگە قارتىنى يېيىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇدى، يىگىت بىر چەتتە قاراپ تۇردى، ئۇنى بۇ ئىشلارغا قىزىقىۋاتىدۇ، دېگەندىن كۆرە، زېرىكىپ كېتىۋاتىدۇ دېسە مۇۋاپىق كېلەتتى. ئۇشتۇمتۇت پالچى خوتۇن ئۇنى كاپلا تۇتۇپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاھ خۇدا!

ئۇ راستلا چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتتى - دە، ئىككىنچىلەپ بىر نېمە دېيەلمىدى.

خوس ئاركادىئو پۈتۈن بەدىنىنىڭ پاختىدەك يۇمشاپ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ۋەھىمىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاران تەستە كۆز يېشىنى توختىتىۋالدى، ئايال بولسا ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپمۇ قويمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خوس ئاركادىئو كېچە - كېچىلەپ ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىغان، ئۇنىڭ قولتۇقلىرىدىن چىقىدىغان پۇراق بۇرنىغا پۇراپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى، بۇ پۇراق گويا ئۇنىڭ پۈتۈن تېنىگە سىڭىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ھەممىشە شۇ ئايال بىلەن بىللە تۇرۇشنى ئىستەيدىغان، ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە ئاپا بولۇشىنى، ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئامباردىن چىقماي مەڭگۈ بىللە تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە «ئاھ خۇدا!» دېيىشىنى، ئۆزىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى خوس ئاركادىئو بۇنداق ئازابقا چىدىماي، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ قائىدە تەرىقىسىدىكى، ئەمما ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوقلا زىيارەت بولدى. زىيارەت جەريانىدا خوس ئاركادىئو بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. لېكىن بىردىنلا ئۇ ئايالدىن سوۋۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ھېلىقى پۇراق قەلبىدە پەيدا قىلغان ئوبراز بۇ ئايالغا ئوخشاشمايدىغاندەك، پۈتۈنلەي باشقا بىر ئادەمدەك تۇيۇلدى، ئۇ قەھۋەنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئىنتايىن روھسىز چۈشكەن ھالدا قايتىپ كەلدى. كېچىسى ئۇ ئويان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى، ئىنتايىن ئازابلاندى. ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى ئامباردا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ھېلىقى ئايال بولماستىن، كەچقۇرۇن ئالدىدا ئولتۇرغان ئايال بولۇپ قالدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئايال خوس ئاركادىئونى ئۆيىگە باشلاپ باردى، كېيىن ئۇنىڭغا بىر خىل قارتا ئويۇنى ئۆگىتىشنى باھانە قىلىپ ئاپىسى ئولتۇرغان ئۆيدىن ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ئاندىن ئۇ ئايال ھايا دېگەننى قايرىپ قويۇپ ئۇنى سىلاشقا باشلىدى. خوس ئاركادىئو لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ قاتتىق قورقۇپ كېتىپ زادىلا

ھۆزۆر ئالالمىدى. ئايال ئاخشاملىقىقا كەل، دېگەنىدى. خوس ئاركادىئو ماقۇل دەپ قويدى-يۇ، ئۇنىڭدىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئويلىدى. ئۇ ئەمدى كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق كېچىسى ئىسسىق يوتقاندا يېتىپ ئۇ قانداقلا بولمىسۇن بېرىشى لازىملىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ قاراڭغۇدا سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ كىيىملىرىنى كىيدى، ئىنىسىنىڭ خاتىرجەم نەپەس ئېلىشىنى، نېرىقى ئۆيدە ياتقان دادىسىنىڭ قۇرۇق يۆتىلىشىنى، ھويلىدىكى مېكىيانلارنىڭ قاقاقلاشلىرى، پاشىلارنىڭ ۋىڭىلداشلىرى، ئۆز يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەشلىرىنى ئاڭلىدى، دۇنيادىكى مۇنداق خىلمۇخىل ئاۋازلار ئىلگىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى زادىلا قوزغىمىغانىدى. ئۇ جىمجىتلىق باسقان كوچىغا چىقتى. ئۇ ئايالنىڭ ئىشىكىنىڭ يېپىقلا ئەمەس، بەلكى تاقاقلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى (ئايال شۇنداق دېگەن). ئەمما ئىشىك تاقالمىغانىكەن. ئۇ بىگىز قولى بىلەن ئانچىكىم ئىتتىرىشىگىلا ئىلغۇچ شىرىقلىدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قەلبىدە مۇزدەك ئەكس سادا پەيدا قىلدى. ئۇ مۈمكىنقەدەر شەپە چىقارماسلىقىقا تىرىشىپ ئۆيگە كىردى، شۇ ھامان ھېلىقى پۇراق دىمىغىغا ئۇرۇلدى. ئايالنىڭ ئۈچ ئىنىسى ئادەتتە سەگەنچۈك سېلىپ ياتاتتى، بۇ سەگەنچۈكلەرنىڭ قەيەردىلىكىنى قاراڭغۇدا زادىلا پەرق ئېتەلمىدى. شۇڭا ئۇ سىلاشتۇرۇپ ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىگە بېرىۋېلىپ، ئىشىكنى ئاستا ئاچماقچى، باشقا تۆشەككە بېرىپ قالماسلىق ئۈچۈن نىشاننى توغرىلىۋېلىپ بارماقچى بولدى. ئۇ ئەمدى قەدەم ئېلىشىغا بىر سەگەنچۈكنىڭ بېشىغا ئۇرۇلۇپ كەتتى، بۇ سەگەنچۈك بەكمۇ پەس ئېسىلغانىكەن. سەگەنچۈكتە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئادەم، ئويغۇلۇقتا ئۆرۈلدى-دە: «ئۇ دېگەن چارشەنبە كۈنى» دەپ جۆيلىدى. خوس ئاركادىئو ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقان چاغدا، ئىشىكنىڭ ئاستى تەرىپىنىڭ ئېگىز-پەس يەرگە سۈركىلىشتىن چىققان ئاۋازىنى توختىتالمىدى. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ بېشى قاتتى، ئۇ نىشاندىن ئاداشقانلىقىنى چۈشىنىپ ئالاقزادە بولدى. بۇ كىچىك ئۆيدە ئۇ ئايالنىڭ ئاپىسى، ئوتتۇرانچى قىزى ۋە ئۇنىڭ ئېرى، ئىككى بالىسى، باشقا بىر ئايال ياتاتتى. بۇ ئايال ئەلۋەتتە ئۇنى كۈتمەيتتى، ئۇ ئايالنى پۇراق ئارقىلىق تاپماقچى بولدى. ۋەھالەنكى، بۇ پۇراق پۈتۈن ئۆينى قاپلىغانىدى. خوس ئاركادىئو جايىدا قاتۇرۇپ قويغانىدەك خېلى ئۇزۇن تۇردى ۋە چۆچۈگەن ھالدا ئۆز-ئۆزىدىن «مەن نېمە قىلىۋاتىمەن» دەپ سورىدى. توساتتىن بىر قول قاراڭغۇدا سىيپاشتۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە تەگدى. ئۇ ھەيران قالمىدى، چۈنكى ئۇ ئاڭلىق ھالدا مۇشۇنداق تۇتۇشنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى مۇشۇ قولغا تاپشۇرۇپ قاتتىق چارچىغان ھالدا ھېلىقى قولغا ئەگىشىپ كۆزگە كۆرۈنمىگەن كارىۋات يېنىغا باردى. شۇ يەردە بىرى ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتتى-دە، خۇددى بىر تاغار ياڭيۇنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ يېنىغا ياتقۇزۇپ قاراڭغۇدا ئۇيان-بۇيان ئۆرۈشكە باشلىدى. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ ئىككى قولى كارغا كەلمىدى، بۇ يەردە خوتۇن كىشىنىڭ ئەمەس، ئاممىياكنىڭلا پۇرىقى بار ئىدى. ئۇ ھېلىقى ئايالنىڭ چىرايىنى ئەسلەشكە تىرىشقانسېرى كۆز ئالدىغا ئۇرسۇلانىڭ

غۇۋا چىرايى كېلىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق ئىشنى قىلالمىشىغا ئىشەنمىسىمۇ، ئۆزۈندىن بۇيان ئارزۇ قىلغان بىر ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىنى خىرە - شىرە ھېس قىلدى، ئۇ بۇ ئىشنى قانداق قىلىشىنى، بۇ ئىشنى قىلغاندا ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتىنى قەيەرگە قويۇدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئەمدى بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغانلىقىنى تۇيۇپ، قېچىپ كەتمەكچىمۇ بولدى. شۇنداقلا مۇشۇنداق جىمىلىقتا، مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق خىلۋەتتە مەڭگۈ قېلىشنى ئارزۇ قىلدى.

بۇ ئايالنىڭ ئىسمى پېلار تېرنېرا بولۇپ، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن ماكوندو كەنتى بەرپا قىلىنغان ئۆزۈن سەپەرگە قاتناشقانىدى. ئاتا - ئانىسى قىزىنى بىر ئەر كىشىدىن ئايرىۋېتىشنى ئويلايتتى. ئۇ كىشى پېلارتېرنېرانى ئون تۆت يېشىدىلا ئاياغ - ئاستى قىلغانىدى. ئۇ يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەندىمۇ ئۇ كىشى بىلەن بىر ئۆيدە ياشىدى، بىراق ئۇ ئادەم مۇشۇ كەنتلىك بولمىغاچقا ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ نىكاھنى قانۇنىيلاشتۇرۇشنىڭ چارىسىنى قىلالمىدى. ئۇ پېلارتېرنېرا بىلەن نەدىلا بولمىسۇن بىللە بولىدىغانلىقىغا قەسەم قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قايتقۇچە كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ كۈتۈۋېرىپ ئاخىر ئۈمىد ئۈزدى. قارتىدا ئاچقان پاللىرى دائىم ئۇنىڭغا خىلمۇخىل ئەرلەرنىڭ ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېگىزلىرى، پاكارلىرى، سېرىق چاچلىقلىرى ۋە قارا چاچلىقلىرى بار ئىدى، بەزىلىرى قۇرۇقلىقتىن، بەزىلىرى دېڭىزدىن كېلەتتى. بەزىلىرى ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىدىغانلىقىدىن، بەزىلىرى ئۈچ ئاي، ئۈچ يىلدىن كېيىن كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى، كۈتۈۋېرىپ ئۇنىڭ يوتىلىرىنىڭ كۈچى، كۆكسىلىرىنىڭ جەزبى قالمىدى، ئۇ ئەرلەرنىڭ ئەركىلىتىشلىرىدىن يىراقلىشىپ قالدى، ئەمما كۆڭلىدە يالقۇن بار ئىدى. خوس ئاركادىئو يېڭى ۋە ئاجايىپ بۇ ئويۇنغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇ كۈندە ئاخشىمى بۇ سىرلىق سارايدەك ئۆيگە كېلەتتى. بىر قېتىم ئۇ ئىشىكنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئىشىكنى چەكتى. بىر قېتىم چېكىشكە جۈرئەت قىلغاندىن كېيىن چېكىۋېرەيچۇ دەپ ئويلاپ چېكىۋەردى ... بىرھازادا ئايال چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. كۈندۈزى خوس ئاركادىئو ئۇيقۇسىزلىقتىن يېتىۋالاتتى - دە، ئاخشامقى ئىشلارنى ئەسلەيتتى. ئەمما پېلارتېرنېرا ئابۇئېندىيەلەرنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي كۈلۈپ - چاقچاق قىلىپ خۇشال يۈرەتتى. شۇڭا خوس ئاركادىئوغا جىددىيلەشكەنلىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمايتتى. چۈنكى بۇ ئايالنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى ھويلىدا دانلاپ يۈرگەن كەپتەرلەرنىمۇ ئۈركۈتۈۋېتەتتى. بۇ ئايالنىڭ ھېلىقى شەكلىسىز قۇدرەتكە ئىگە ئايال بىلەن قىلچە ئوخشاشلىقى يوق بولۇپ، ئۇ ئايال ئۇنىڭغا قانداق قىلىپ ئۈن چىقارماسلىقنى ۋە يۈرەك سوقۇشىنى كونترول قىلىشنى ئۆگەتكەن، ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويغانىدى. خوس ئاركادىئو پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆز تەسىراتىغا بېرىلىپ ھەتتا

ئەتراپتىكىلەرنىڭ نېمىگە خۇشال بولۇۋاتقان-
لىقىنىمۇ چۈشەنمىدى. ئۇنىڭ دادىسى
بىلەن ئىنىسى ئاخىر مېتال كېپەكلىرى
بىلەن ئۇرسۇلانىڭ ئالتۇنلىرىنى ئاجرىتى-
ۋالغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ خەۋەر پۈتۈن
ئۆينى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇزۇنغىچە بوشاش-
ماي تىرىشىش ئارقىسىدا مۇۋەپپەقىيەت
قازانغانىدى. ئۇرسۇلا خۇشال بولۇپ كەت-
تى ۋە تەڭرىنىڭ مېتال تاۋلاش تېخنىكى-
سىنى ياراتقانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى.
كەنتتىكىلەر تەجرىبىخانىغا دۈۋرەپ كىردى،
ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى يۈزىگە ئانار مۇراب-
باسى سۈرۈلگەن قاتلىما بىلەن مېھمان
قىلىپ، بۇ مۆجىزىنى تەبرىكلىدى. خوسې
ئاركادىيو بولسا ئۇلارغا يېڭى ئايرىۋې-
لىنغان ئالتۇن سېلىپ قويۇلغان بىر چاناق-
نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى، ئۇنىڭ رو-
ھىي ھالىتى گويا بۇ ئالتۇننى ھېلىلا
كەشىپ قىلغاندەك ئىدى. ئۇ بىردەم ئۇنىڭ،
بىردەم بۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاخىرى چوڭ
ئوغلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. چوڭ
ئوغلى يېقىنىدىن بۇيان تەجرىبىخانىغا
زادىلا يېقىن يولىمىغانىدى. ئابۇئېندىيە
بىر پارچە سارغۇچ نەرسىنى ئۇنىڭغا كۆر-
سىتىپ سورىدى:

— قارىغىنا بۇ نېمە؟

— ئىتنىڭ پوقىدەك قىلىدۇ، — دەپ
توغرىدىن - توغرا جاۋاب بەردى خوسې
ئاركادىيو.

دادا ئەتۇر شاپىلاق بىلەن ئۇنىڭ
ئاغزىغا مۇنداقلا سېلىۋىدى، خوسې ئاركا-
دىيونىڭ ئاغزىدىن قان كەتتى، كۆزىدىن
ياش تۆكۈلدى. كېچىسى پىلارتېرنېرا
قاراڭغۇدا سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ بىر قۇتا

دورا ۋە پاختا تاپتى، پاختىنى يارىنىڭ
يودىغا چىلاپ ئىششىغان جايغا باستى، ئۇ
خوسې ئاركادىيونى كۆڭۈل قويۇپ كۈتتى،
مۇمكىنقەدەر ئاسرىدى، ئاغرىتىشتىن ساق-
لاندى. ئۇلارنىڭ يېقىنچىلىقى شۇ دەرى-
جىگە يەتتىكى، ئۇلار ئىختىيارسىز تۈنجى
قېتىم مۇڭدىشىپ كەتتى.

— مەن سەن بىلەن بىللە بولۇشتىن
باشقىنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالدىم، —
دېدى خوسې ئاركادىيو، — مۇشۇ بىرنەچچە
كۈن ئىچىدىلا ھەممىنى ئاشكارىلايمەن،
بۇنداق ئوغرىدەك مۆكۈنۈپ يۈرۈشتىن
زېرىكتىم.

پىلارتېرنېرا ئۇنى توسمىدى.

— ئۇنداقتا تازا ياخشى بولاتتى، —
دېدى ئۇ، — ئىككىمىز بىر يەردە بولغان
چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇپ بىر - بىرىمىزنى
كۆرەتتۇق. ۋارقىرىغىنىم كەلسە ۋارقىرايت-
تىم، باشقىلار ئارىلىشالمايتتى، سەنمۇ قان-
داق كېيىنىڭ بولسا ماڭا دەۋېرەتتىڭ.

خوسې ئاركادىيو مۇشۇ سۆھبەتتىن
كېيىن دادىسىغا بولغان قورساق كۆپۈكى-
نىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزىنىڭ قانۇنىغا
مۇخالىپ كېلىدىغان ئىشقى - مۇھەببىتىنى
ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا مۇمكىن بولى-
دىغان ئىش دەپ ئويلىدى - دە، كۆڭلى
جايىغا چۈشۈپ، يۈرىكى يوغىناپ كەتتى.
ئۇ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھېچقان-
داق تەييارلىقسىزلا ئىنىسىغا سۆزلەپ
بەردى.

باشتا گۆدەك ئورېلىئانو بۇ ئىشنى
ئۇقۇپ ئاكام ئىنتايىن خەتەرلىك بىر
ئىشقا ئۇچراپتۇ، دەپ ئويلاپ، ئاكىسىنى
ئۇنىڭغا قانداق كۈچ جەلپ قىلغانلىقىنى
چۈشەنەلمىدى، خوسې ئاركادىيونىڭ

پەرىشانلىقى ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغىمۇ تەسىر قىلدى، ئۇ ئاكىسىدىن ئۇ ئىشنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاكىسى بىلەن بىللە ھۇزۇرلاندى، بىللە ۋەھىمىگە چۈشتى ۋە شادلاندى. كېيىن ئۇ خوس ئاركادىئونىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، گويا چوغ ئۈستىدە يېتىپ قالغاندەك ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلۈپ تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمايدىغان، ئاكىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككىيلەن بىر ۋاقىتچە كۇسۇرلىشىپ يېتىپ، ئورنىدىن تۇرىدىغان چاغدا ئۇيقۇغا كېتىشىدىغان بولدى. ئىككىسىلا مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى ۋە دادىسىنىڭ دانالىقىدىن زېرىكىپ ھېچكىمگە ئارىلاشماس بولۇۋالدى.

— بالىلىرىمىز ئەجەب بوشاپ كەتتىغۇ، — دېدى ئۇرسۇلا، — ئىچىدە قۇرت پەيدا بولۇپ قالدىمۇ يا.

ئۇ ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ يەرلىك يانتىقىنى يانجىپ، ناھايىتى بەدرەڭ بىر خىل دورا قاينىتاتتى. كۆتمىگەندە ھەر ئىككى ئوغلى بۇ دورىنى غورتلا ئىچىۋەتتى. دېگەندەك ئۇلار بىر كۈن ئىچىدە ئون بىر قېتىم تەڭلا ھاجەتخانىغا كىردى. ئارقا پىشاپتىن ئاچ قىزىل قۇرتلار چۈشتى. ئۇلار ئىنتايىن خۇشال كۆرۈنۈشتە بۇ قۇرتلارنى باشقىلارغا كۆرسەتتى، چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا ئۇرسۇلا ئۇلارنىڭ خىيالى چېچىلغانلىقىنى ۋە چۈشكۈنلۈكنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلەلمەيتتى. ئورېلىئانو ئاكىسىنىڭ بىئاراملىقىنى چۈشىنىش بىلەنلا قالماي ئۇنىڭ دەردىنى تەڭ تارتىشىپ بەردى. بىر قېتىم ئاكىسى ئۇنىڭغا ئىشق - مۇھەببەت سىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، ئۇ گەپنىڭ بېلىگە تېپىپ سورىدى:

— سېنىڭچە ئۇ ئىشنى قىلسا قانداق بولىدىكەن؟

— يەر تەۋرىگەندەك بولىدىكەن، — دەپ دەرھال جاۋاب بەردى خوس ئاركادىئو.

يانۋار ئېيىنىڭ بىر پەيشەنبىسى كېچە سائەت ئىككىدە ئامارانتا تۇغۇلدى. ئۆيگە باشقىلار كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇرسۇلا بوۋاقنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ چىقتى. بۇ قىزچاق كەسلەنچۈكتەك يېنىك، يۇمشاق، بۇدرۇق بولۇپ، ھەممىلا ئەزالىرىدىن ئادەملىكى چىقىپ تۇراتتى. ئورېلىئانو ئۆيگە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ توپلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئاندىن بۇ ئىشنى بىلدى. ئۇ مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئاكىسىنى ئىزدەپ كەتتى، چۈنكى ئاكىسىنىڭ كارىۋىتى يېرىم كېچە بولمايلا بوشاپ قالغانىدى. ئۇ خوس ئاركادىئونى پىلار-تېرنېرانىڭ ئۆيى ئەتراپىدا بىرنەچچە سائەت چۆگىلەپ يۈرۈپ كېلىشىۋالغىنى بويىنچە ئىسقىرتىۋەردى. سۈبھى كۆتۈرۈلگەندە ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئورېلىئانو خوس ئاركادىئونى ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە ئۇچراتتى. ئاكىسى سادىدا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ يېڭى تۇغۇلغان سىڭلىسىنى ئەركىلىتىۋاتاتتى.

ئۇرسۇلا تۇغۇپ قىرقى توشمايلا سىگانلار يەنە كەلدى. بۇلار ھېلىقى مۇز پارچىسىنى ئەكەلگەن سېھىرگەرلەر ۋە سېھىركچىلەر ئىدى. بۇلارنىڭ مېلگىيادىسلارغا ئوخشاش ئىلغارلىقنى تەشۋىق قىلىدىغانلار بولماستىن، ئادەتتىكى ئويۇنچىلار ئىكەنلىكى ناھايىتى تېزلا ئايان بولدى.

بۇلار ئالدىنقى قېتىم مۇز پارچىسىنىمۇ كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان نەرسە قاتارىدا ئەمەس، بەلكى قىزىق سېرىك دومۇرى قاتارىدىلا ئەكەلگەنىدى. بۇ قېتىم سىگانلار نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلەر بىلەن بىر ئۇچار گىلەم ئەكەلدى. بىراق ئۇنى قاتناش قوراللىرى تەرەققىياتى جەھەتتىكى زور تۆھپە قىلىپ ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئويۇنچۇق قىلىپ كۆرسەتتى. كەنت ئاسمىنىدا ئۇچۇش لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن كىشىلەر ئەلۋەتتە ئەڭ ئاخىرقى تەڭگىلىرىنى خەجلىۋېتىشتى. كىشىلەر شادلانغان مالىمانچىلىقتا خوس ئاركادىئو بىلەن پىلارتېرنېرا ئەركىن-ئازادە نۇرغۇن سائەتلەرنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈشتى. ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدىكى بەختلىك ئەر-خوتۇنلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار ھەتتا كېچىلەردە مەخپىي ئۇچراشقان چاغدىكى يوگەنسىز شوخلۇق ۋە بىر مىنۇتلۇق خۇشاللىققا سېلىشتۇرغاندا مۇھەببەتنىڭ ئاجايىپ ئازادە ۋە چوڭقۇر بىر خىل ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. ۋەھالەنكى پىلارتېرنېرا ھاماقەتلىك قىلىپ سالدى. خوس ئاركادىئو ئۇنىڭغا ئىنتايىن قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى، قىزغىنلىقنىڭ ئىلھامىدا ئۇ ھادىسىنى ماھىيەت دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، تۇساتتىنلا خوس ئاركادىئونىڭ بېشىغا پۈتۈن دۇنيانى دۈملىتىۋەتتى:

— سەن ئەمدى ھەقىقىي ئەر بولدۇڭ، — دېدى ئۇ.

خوس ئاركادىئو بۇ گەپنى چۈشەنمىگەندىن كېيىن، ئۇ ئېنىق قىلىپ:

— سەن ئەمدى دادا بولىسەن، — دېدى

خوس ئاركادىئو بىرقانچە كۈنگىچە ئۆيدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ پىلارتېرنېرانىڭ ئاشخانىدا قاقاقلاپ كۈلگىنىنى ئاڭلىسىلا تەجرىبىخانىغا مۈكۈنۈۋالاتتى. ئۇرسۇلانىڭ قوللىشى بىلەن ئۇ يەردىكى خىزمەت يەنە قايناپ كەتتى. خوس ئابۇئېندىيە ئالقانات ئوغلىنىڭ تەجرىبىخانىغا كەلگەنلىكىگە ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، مىس تېپىشنىڭ سىرىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ خىزمەتنىڭ بېشىنى ئۇ يەنە تۇتتى. بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئۇچار گىلەم ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەننى قالتىس خۇشال قىلىۋەتتى. بىر سىگان كەنتتىكى بىرنەچچە ئۇششاق بالىنى ئولتۇرغۇزۇپ تەجرىبىخانىنىڭ دېرىزىسى يېنىدىن گىلەمنى ھەيدەپ ئۆتتى ۋە ئاكا-ئۇكىلارغا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى، ئەمما خوس ئابۇئېندىيە دېرىزىگە قاراپمۇ قويمىدى.

— ئۇلار خۇشال بولىۋەرسۇن، — دەپ قويدى ئۇ، — بىز ئۇنداق ئەسكى لاتا بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلىم-پەن ئۇسۇلى بىلەن ئۇلاردىنمۇ ئېگىز ئۇچىمىز.

خوس ئاركادىئو يالغانلاردىن مىسقا قىزىققاندەك كۆرۈنسىمۇ بۇ نەرسىدە نېمە قۇدرەت بارلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى، ئۇ كۆڭلىدە بۇلار ناھايىتى كەلسە مايماق-سايماق بوتۇلكىلارغۇ دەپ ئويلايتتى. تەجرىبىخانىدىكى ئىشلار ئۇنى غەمدىن خالاس قىلالمىدى. خۇددى دادىسى ئىشىدا ئارقىمۇئارقا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراۋەرگەن چاغدىكىگە ئوخشاش ئۇنىڭمۇ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ئۇيقۇسى قېچىپ لايىدەك بوشاپ كەتتى. ئوغلىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن خوس ئابۇئېندىيە مېتال تاۋلاشقا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىپتۇ، دەپ

ئويلاپ ئۇنى تەجرىبىخانىدىكى ئىشتىن ئازاد قىلىۋەتتى. ئورېلىئانو دادىسىغا ئوخشىمايتتى، ئۇ ئاكىسىدىكى پەرىشانلىقنىڭ مىس تەتقىقاتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى، بىراق ئۇ خوس ئاركادىئودىن كۆڭۈلدىكى گېپىنى پەقەت ئالالمىدى، ئاكىسى بۇرۇنقىدەك سەمىمىي ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مۇلايىم، چىقىشقاق مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ ئېھتىياتچان، غەلىتە بولۇپ قالدى. ئۇ پۈتۈن دۇنيادىن نەپرەتلىنەتتى، تەنھالىقنىلا ئىزدەيتتى. بىر كۈنى كېچىسى ئۇ يەنە چىقىپ كەتتى. ئەمما پىلارتېرنېرانىڭ يېنىغا بارمايلا سىگان چېدىرلىرى ئەتراپىغا توپلىشىۋېلىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان ئادەملەر توپىغا قوشۇلدى. ئۇ، لاغايلاپ يۈرۈپ خىلمۇخىل قىزىق ئويۇنلارنى كۆردى - يۇ، ھېچقايسىسىغا قىزىقمىدى. ئۇنىڭ دىققىتى بىر غەيرىي بۇيۇمغا — بىر ياش سىگان قىزىغا مەركەزلەشتى. ئۇ كىچىككىنە قىزچاق ئىدى، بويىنىغا بىر تىزىق خېلى ئېغىر مارجان ئېسىۋالغانلىقتىن ئېگىلىپ قالغانىدى. خوس ئاركادىئو ئۆمرىدە ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل قىزنى كۆرمىگەنىدى. قىزچاق كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ بىر كىشىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي يىلانغا ئايلىنىپ قالغانلىق پاجىئەسىنى كۆرۈۋاتاتتى.

خوس ئاركادىئو بۇ بەختسىز ئادەمنى كۆرمىدى. تاماشىبىنلار «يىلان ئادەم»دىن پاجىئەلىك ھېكايىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى سوراشقا باشلىغاندا، ياش خوس ئاكادىئو قىستىلىپ بىرىنچى رەتتىكى سىگان قىزلىرىنىڭ يېنىغا ئۆتۈۋالدى - دە، ھېلىقى قىزنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ چاپلىشىپ تۇردى. قىز ئۆزىنى سەل تارتقانىدى، ئۇ بەكرەك چاپلاشتى. شۇنىڭ بىلەن قىز قاتۇرۇپ قويغاندەك مىدىرلىماي تۇرۇپ، ۋەھىمىدىن تىترەپ كەتتى، ئۆزىنىڭ سېزىمىگە ئىشەنمەي ئارقىغا قايرىلىپ يۈرەكزادىلىك بىلەن كۈلۈپ خوس ئاركادىئوغا لاپپىدە قارىدى. شۇ ئەسنادا ئىككى سىگان «يىلان ئادەم»نى قەپەسكە سولاپ چېدىرغا ئەكىرىپ كەتتى. ئويۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان سىگان جاكارلىدى:

— خانىملار، ئەپەندىلەر، ئەمدى قورقۇنچلۇق بىر ئويۇن كۆرسىلەر. ھەر كېچىسى مۇشۇ ۋاقىتتا بىر ئايالنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ، بۇ ئىش 150 يىل داۋاملىشىدۇ، ئۇ ئايال كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنى كۆرگەچكە مۇشۇ جازاغا تارتىلغان.

خوس ئاركادىئو بىلەن سىگان قىزى كاللا كېسىشنى كۆرمىدى. ئۇلار قىزنىڭ چېدىرىغا كىرىشتى ۋە ھاياجىنىنى باسالماي سۆيۈشۈپ كەتتى، كىيىملىرىنىمۇ سېلىۋەتتى. سىگان قىز پاتلانغان، گۈللۈك خالتا كۆڭلىكىنى سېلىپ ئاندىن تۇغما بولدى. ئۇنىڭ كۆكسىمۇ تۈزۈك چىقمىغان بولۇپ، ئىنتايىن ئاۋاق ئىدى، يوتىلىرىنىڭ گۆشى يوق، پاچاقلىرى خوس ئاركادىئونىڭ بىلىكىدىنمۇ ئىنچىكە ئىدى. بىراق ئۇنىڭ كەسكىنلىكى ۋە قىزغىنلىقى بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى تولدۇرۇپ تۇراتتى. ۋەھالەنكى، خوس ئاكادىئو ئۇنىڭغا ئوخشاش قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرالمىدى، چۈنكى ئۇلار ئوچۇق چېدىردا بولۇپ، سىگانلار ھېلىدىن - ھېلى ھەرخىل سېرىك بۇيۇملىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئىش باشلايتتى، ھەتتا تۆشەكنىڭ يېنىدىكى بوش يەرگىلا تاۋكا قۇرۇپ شىشخالىرىنى

تاشلايتتى. چېدىرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە ئېسىلغان چىراغ چېدىر ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئىشىق ئويۇنى ئارىلىقىدىكى ئازغىنە ئارامدا خوس ئاركادىئو قىپيالىڭاچ ھالدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي يېتىپ كەتتى، قىزچاق بولسا توختىماي ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغىماقچى بولاتتى. كېيىن فىگۇرىسى بەكمۇ چىرايلىق بىر سىگان ئايال بىلەن بىر ئەر كىشى چېدىرغا كىرىپ كەلدى. ئەر سىرك ئۆمىكىنىڭ ئادىمى ئەمەس، ھەتتا بۇ كەنتلىكمۇ ئەمەس ئىدى. بۇ ئىككىسى كارىۋاتنىڭ يېنىدىلا كىيىم-كېچەكلىرىنى سېلىشقا باشلىدى. ئايال بىردىن خوس ئاركادىئونى كۆرۈپ قېلىپ:

— بالام، خۇدا ھەققىدە چىقىپ كەتسەڭچۇ! — دېدى.

سىگان قىزى ئۇنىڭدىن خوس ئاركادىئونى ئارامدا قويۇشنى ئۆتۈندى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى كىرگەنلەر كارىۋاتنىڭ ئايىغىدا، يەردىلا يېتىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ پەيشەنبە كۈنى ئىدى. شەنبە كۈنى كەچتە خوس ئاركادىئو بېشىغا قىزىل لاتا چەگدى-دە، سىگانلار بىلەن ماكوندونى تاشلاپ كېتىپ قالدى.

ئوغلىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇرسۇلا ئۇنى ئىزدەپ پۈتۈن كەنتنى قېزىۋەتتى، سىگانلار چېدىر تىككەن جايدا ئۇ دۆۋە-دۆۋە ئەخلەت ۋە تېخى ئىس چىقىپ تۇرغان گۈلخان كۈللىرىدىن باشقا ھېچنېمە ئۇچرىتالمىدى. بىرەر تىزىق مارجان تېپىۋېلىش مەقسىتىدە ئەخلەتلەرنى كوچىلاپ يۈرگەن كىشىلەردىن بىرى ئۇرسۇلاغا تۈنۈگۈن ئاخشام خوس ئاركادىئونىڭ بىر توپ سىگانلار بىلەن «ئېلان ئادەم» سولانغان قەپەس ئېسىلغان ھارۋىنى ئىتتىرىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئۇ سىگان بولۇپ كېتىپتۇ، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئېرىگە. ئەمما ئېرى ئوغلىنىڭ دېرەكسىز يوقالغانلىقىنى چىۋىقىغا ئالمىدى.

— بۇمۇ بولغىنى، — دېدى خوس ئابۇئېندىيە ھېچىرىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىشتۇرغاچ. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ نۇرغۇن قېتىم ئېلىشتۇرغان، نۇرغۇن قېتىم قىزىتقان، ھازىر يەنە ئېلىشتۇرۇۋاتاتتى، — ئۇ ھەقىقىي ئوغۇل بالا بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇرسۇلا سىگانلار كەتكەن تەرەپنى ئۇقۇشۇپ بىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇلارنى قوغلاپ ماڭدى. ئۇ سىگانلار توپىغا يېتىشىۋېلىش كويىدا ئۇچرىغانلا ئادەمدىن سوراپ مېڭىۋېرىپ كەنتتىن يىراقلاپ كەتتى. ئاقىۋەت ئۇ ئۆزىنىڭ بەك يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، مانا ئەمىسە، دەپ قايتىپ كەتمەسلىك نىيىتىگە كەلدى. خوس ئابۇئېندىيە خوتۇنىنىڭ يوقلۇقىنى كەچ سائەت سەككىزلەردە نەرسە-كېرەكلىرىنى بىر دۆۋە ئوغۇتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، يىغلاپ تېلىقىپ كېتىۋاتقان قىزى ئامارانتاغا قاراپ باققىلى كىرگەندە بىلدى. بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەي ناھايىتى ياخشى قوراللانغان بىر بۆلەك ئادەمنى يىغدى، ئامارانتانى بېقىپ تۇرۇشنى ئىختىيار قىلغان بىر ئايالغا تاپشۇردى-دە، ئورېلىئانونى ئېلىپ ئىنس-جىنسسىز چىغىر يول بىلەن ئۇرسۇلانى ئىزدەپ ماڭدى. تاڭ ئاتارغا

يېقىن ئۇچرىغان بىرنەچچە ئىنىدىئان
بېلىقچى قول ئىشارىلىرى بىلەن بۇ يەر-
دىن ھېچكىم ئۆتمىگەنلىكىنى ئېيتتى.
ئۈچ كۈنلۈك نەتىجىسىز ئىزدەشتىن كېيىن
ئۇلار كەنتكە قايتىپ كەلدى.

خوس ئابۇئېندىيە ئۇزۇنغىچە مەيۇس-
لىنىپ يۈردى. قىزى ئامارانتانى خۇددى
ئۇنىڭ ئاپىسىدەك باقتى. ئۇنى يۇيۇندۇ-
رۇش، زاكىلاش، كۈندە تۆت ۋاق ئىنىك-
ئانىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىش قاتارلىق ئىشلار-
نىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى. ھەتتا ئاخشام-
لىرى غىڭشىپ ناخشىمۇ ئېيتىپ بەردى
(ئۇرسۇلا پەقەت ناخشا ئېيتالمايتتى).
ئارىلىقتا پىلار تېرنېرا ئۆزلۈكىدىن كېلىپ
تاكى ئۇرسۇلا قايتىپ كەلگۈچە ئۆي ئىشلى-
رىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى
ئېيتتى. بۇ پېشكەللىك جەريانىدا ئۇرې-
لىدئانونىڭ سىرلىق كۆزىتىش ئىقتىدارى
ئاجايىپ ئېشىپ كەتتى، ئۇ پىلارتېرنېرا-
نى كۆرۈپلا جىققىدە ئىشلارنى چۈشەنگەن-
دەك بولدى. چۈشەندۈرۈپ بېرىش تەس
بولغان مەلۇم سەۋەب تۈپەيلى ئاكىسىنىڭ
قېچىشى ۋە ئاپىسىنىڭ يوقاپ كېتىشى
مۇشۇ خوتۇننىڭ كاساپىتىدىن بولغانلىقى-
نى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئايالغا نەپ-
رەت ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن ئىنتايىن سو-
غۇق مۇئامىلىدە بولدى. بۇنى كۆرگەن
پىلار تېرنېرا كەتتى ۋە ئىككىنچىلەپ
كەلمىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ھەممىد
ئىش ئىزىغا چۈشتى. خوس ئابۇئېندىيە
بىلەن ئوغلى ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىخانىغا
قاچان كىرگەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇلار
ئۆينى بىر قۇر تازىلىۋېتىپ مەشكە ئوت
ياقتى - دە، بىرنەچچە ئايدىن بېرى تاش-
لىنىپ قالغان نەرسىلىرى بىلەن ھەپىلىشىش-
كە باشلىدى. ئۇلار ئامارانتانى بىر سېۋەت-
نىڭ ئىچىگە ياتقۇزۇپ قويۇشتى، ئۆينى
سىمابنىڭ ھىدى قاپلىدى. ئامارانتا دادى-
سى بىلەن ئاكىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئىش
قىلىشلىرىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ ياتىدى-
غان بولدى. ئۇرسۇلا يوقاپ كېتىپ بىر-
نەچچە ئايدىن كېيىن تەجرىبىخانىدا
ئاجايىپ ئىشلار بولدى. ئۇزۇندىن بۇيان
ئاشخانىدا تۇرغان بىر قۇرۇق بوتۇلكا تو-
ساتتىن يۆتكىگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە
ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئىش سۇپىسىدا تۇر-
غان داشتىكى سۇ ئۆزلۈكىدىنلا پورۇقشىپ
قايناپ يېرىم سائەت ئىچىدە پۈتۈنلەي
پارغا ئايلىنىپ كەتتى. خوس ئابۇئېندىيە
بىلەن ئوغلى بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ
ھەيرانۇ - ھەس بولدى، قاتتىق ھاياجانلان-
دى، نېمە دېيىشىنىمۇ بىلەلمىدى. ئاخىر
بۇنى بىر خىل يېڭى شەيئىنىڭ بېشارى-
تى دەپ قارىدى. بىر كۈنى ئامارانتا
ياتقان سېۋەت تويۇقسىزلا ھەرىكەتلىنىپ
ئۆينىڭ ئىچىدە ئايلىنىشقا باشلىدى.
ئورېلىئانو قورقۇپ كېتىپ دەرھال بېرىپ
ئۇنى تۇتۇۋالدى. لېكىن خوس ئابۇئېندى-
يە قىلچىمۇ ھەيران بولمىدى. سېۋەتنى
جايىغا قويۇپ ئۈستەلنىڭ پۇتىغا باغلاپ
قويدى. سېۋەتنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشىدىن
ئۇ ئۈمىدى ئەمەلگە ئېشىشقا ئاز قالغانلىقىغا
ئىشەندى. شۇ چاغدا ئورېلىئانو دادىسىنىڭ
مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان:

- خۇدادىن قورقمىغان ئادەممۇ ھې-
تالدىن قورقىدۇ.

ئۇرسۇلا يوقاپ كېتىپ بەش ئايدەك
ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇ
ياشىرىپ قالغاندەك قىلاتتى ۋە قاتتىق

هـاياجانـلانـغانـدى. ئۇ كەنتتە هېچكـەم
كۆرۈپ باقمىغان يېڭى پاسوندىكى كىيىملەرنى
كىيىۋالغانىدى. خوس ئابۇئېندىيـە خۇشال-
لىقىدىن ئەقلىدىن ئازغىلى تاسلا قالـدى.

ــ مانا دېمىدىممۇ! مېنىڭ پەرىزىمدى-
كىدەك بولۇپ چىقـتى،ــ دەپ ۋارقىـراپ
كەتتى ئۇ.

بۇنىسى راست ئىدى. چۈنكى تەجرى-
بىخانىدا ماددىلارنـى سىنـاق قىلىـپ يۈر-
گەن ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ چىـن قەل-
بىدىن تەگرىدىن مۆجىزە تىلـگەن، ئەمـما
بۇ مۆجىزە مىس تېپىش ياكـى بىر سىۋىر-
كۇش بىلەنـلا مېتالـغا هاياتـلىـق بەخـش
ئېتىش ئەمەس، ئالتۇننى قۇلۇپقا ۋە دېرى-
زە ئىلغۇچقا ئايـلانـدۇرۇشـنىڭ ئۇسـۇلـىنى
كەشـپ قىلىشمۇ ئەمەس، بەلكى مانا مـۇشۇ
ئىش ــ ئۇرسۇلانىڭ قايتىپ كېلىشى ئىدى.
بىراق ئۇرسۇلا ئېرىدەك خۇشاللىنىـپ كەت-
مىدى. ئۇ ئېرىنى گويا تېخـى بىر سائەت-
نىڭ ئالدىدا بىللە بولغاندەك ئادەتتىكىچە
سۆيۈپ قويدى.

ــ تـالاغا چـىـقـىـپ قاراپ باق!ــ
دېدى ئۇ.

خوس ئابۇئېندىـيە سىرتـقا چىـقـىـپ
ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر توپ ئادەمـنى
كۆرۈپ، ئۆزىنى تەستە ئوڭشىۋالدى. ئۇلار
سىگانلار بولماستىن، ماكوندولۇقـلارغا ئوخ-
شاشلا ئەر ـ ئايالار ئىـدى. ئۇلارنىڭ چاچ-
لىرى سىلىق، ئۆڭـى قاپـقارا بولۇپ، ئۆز-
لىرىگە ئوخشاش تىلدا سـۆزلىشەتـتى، نارا-
زىلىقىمۇ، ئازابلىرىمۇ ئوخشاش ئىـدى. ئۇ-
لارنىڭ ئارقىسـدا هەرخىـل يېمەكلىكلەر
ئارتىلغان قېچىرلار، ئۆكۈز قوشۇلـغان هار-
ۋىلار بولۇپ، هارۋىلارغا پانىي دۇنيا تۇر-
مۇشىنى كەم بولـسا بولـمايدىـغان ئاددىـي
جابدۇقـلار بولـغان ئۆي جاهـازلـىرى ۋە
باشقا ئۆي سايمانلىرى بېسىلغانىدى. سودى-
گەرلەر بۇ جابدۇقلارنى هەر كۈنى سېتىـپ
تۇراتتى.

بۇ كىشلەر سازلىقنىڭ نېرىقى تەرى-
پىدىن كەلـگەن بولۇپ، ئارىلىـقى ئىكـكى
كۈنـلۈك يول ئىـدى، ئۇلار تۇرغان يەردە
بازار قۇرۇلۇپ بولغانىكەن، ئۇ يەردە ياشا-
ۋاتقانلار هەر ئايدا بىر قېتىم خەت ـ خالتا
ئېلىپ تۇرىدىكەن، يەنە تېخـى تۇرمـۇش
ئېغىرچىلىقلىرىنى يېنىكلىتىدىـغان هەرخـىل
ماشىنىلارنىمۇ ئىشلىتىدىكەن. ئۇرسۇلا سى-
گانـلارغا يېتىـشەلمىـگەن بولـسىمۇ، ئېرى
ئۇلۇغ كەشپىيات ئىزدەپ مېڭىپ بىهۇدە
ئاۋارە بولۇپ تاپالمىغان يولنى تاپقانىدى...

تەييارلىغۇچى ۋارسلان

ئەخمەت كېبىر

# ئېسە، ئانا

(ھېكايە)

نېمە دەر، يەنە ئۇنىماسمۇ؟ ياق، ئەھۋالىمنى بىلگەندىكىن... ئادەم قېرىغاندىزە ئىكەكىم. ئاللا تائاللا نېمىشقا بەندىسىنىڭ ئوڭ قولىنى سول قولغا ھاجەتمەن قىلىدىغاندۇ... ئۇھ...

سۇپىرىخان ئانا ئۈمىد ھەم ئەندىشە بىلەن كاڭدىن چۈشتى. باياتىن توغرىنامىنىڭ بۇلۇڭىدا خورۇلداپ بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان تاغىل مۈشۈك ئانىنىڭ تىۋىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئالدى پۇتىنى سوزۇپ ئېرىنچەكلىك بىلەن كېرىلدى-دە، كاڭنىڭ لېۋىگە كېلىپ يەرگە سەكرىدى. سۇپىرىخان ئانا تاختايلىرى ئاجراپ، يېرىقچىلىرىغا كونا ماز تىقىلغان ئىشىكنى غارت قىلىپ ياپتى. بۇ ئاۋاز گويا ئۇنىڭغا: «مېنى تاشلاپ نەگە؟» دېگەندەك ئاڭلىنىپ، ئۇنى بىردىنلا مۇڭلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىشلا بىرەر قىممەتلىك نېمىسىنى مەڭگۈگە يوقىتىپ قويۇدىغاندەك ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ھۇۋلاپ تۇرغان ئۆي ئىچىگە ـــ سۇۋاقلىرى توزۇشقا باشلىغان تامغا، دېرىزە ئورنىدا قويۇلغان گۈللۈك رۇجەككە، كونا ياغاچ ساندۇق ئۈستىدىكى كىرلەشكەن يوتقان-كۆرپىلەرگە، پاكار توغرىتام ئالدىدىكى ئوچاققا، ئويۇقتا تەكشى تىزىلغان تاۋاق-چىنىلەرگە يېنىش-يېنىشلاپ قاراپ كەتتى. ئۇ ئالا ھەزەل بىر مىنۇتقىچە ئۆزىنى تىڭشاپ شۇ تەرىزدە تۇردى. ئاندىن ھېلىدىن-ھېلىغا ياش قۇيۇلۇپ تۇرغان گۈنسىز كۆزىنى كىرلەشكەن داكا ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، كالىچىنى شىپىلداتقىنىچە چوڭ ئوغلى ھاشىمنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقتى. دەرۋازىلىق رولىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان پاكار شاخشا ئالدىغا كەلگەندە، قەدەملىرى ئىختىيارسىز توختاپ قالدى: ئىشىكنى تاقىغاندىمەنمۇ تاقىمىغاندىمەنمۇ؟ ئانا ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئىشىكنى قۇلۇپلاشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئۆيدىن قولغا چىققۇدەك بىر نەرسە تېپىش تەس ئىدى. لېكىن سۇپىرىخان ئانا ئۈچۈن بۇ ئۆي سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ تەختىدىنمۇ ئۇلۇغ، ھارۇن رەشىتنىڭ سەلتەنەتلىك ئوردىسىدىنمۇ بۈيۈك ئىدى. چۈنكى ئانىنىڭ 45 يىللىق ئەجرى،

مېھىر - مۇھەببىتى، بەخت - شادلىقى،
دەرت - ھەسرىتى مۇشۇ ئۆيگە سىڭگەن - دە!
سۇپىرىخان ئانا، بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن
تۇنجى قېتىم كىرگىنىدە، ئۆي يېڭى كەل-
گەن ئاشۇ كېلىنچەككە ئوخشاش يېڭى،
چىرايلىق ئىدى. يىللار ئۆتىمۇ سۇپىرى-
خان ئانا بىلەن تەڭ قېرىتتى، ھالسىرات-
تى، مۇكچەيتىپ تاشلاندۇق كەپىگە ئايلان-
دۇرۇپ قويدى... ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ،
داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى: ئىشىك مەھ-
كەم قۇلۇپلانغانىدى. ۋاي، قېرىلىق،
ئەس - يادىم جايىدا ئەمەسكەن - دە... ئانا
ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنىچە ئارقىسىغا ياندى.
ھەقىقەتەن شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەس - يادى
جايىدا ئەمەس ئىدى. باش - ئايىغى يوق
خىياللار ئۇنىڭغا يېپىشقىنى يېپىشقانىدى.

سۇپىرىخان ئانا ئۆمرىدە يەتتە پەر-
زەنت كۆردى. لېكىن تۇغۇلغاندىن سۆيۈن-
مە، تۇرغاندىن سۆيۈن، دېگەندەك ئۇنىڭ
پېشانىسىگە شۇنداق پۈتۈلگەنمۇ، ئۇلاردىن
پەقەت ئۈچىلا قاتارغا قوشۇلدى. قالغانلىرى
بوغما، قىزىل، كۆكيۆتەل دېگەندەك ئانا
ئىسمىنىمۇ تولۇق دەپ بېرەلمەيدىغان
كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىپ، ئارقا - ئارقى-
دىن ئۆلۈپ كەتتى. بالا كەلسە قوشلاپ
كەپتۇ، دېگەن شۇ - دە. ئۇنىڭ كۆزىدىن
ياش قۇرۇماي تۇرۇپلا، گۈس - گۈس دەس-
سەپ يۈرگەن، بىر ئۆينى گۈللىتىپ كېلى-
ۋاتقان ئۇزۇن يىللىق قەدىناسى ئۈچ
كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا، بۇ دۇنيانىڭ
بارلىق جاپا - ھالاۋىتىنى خۇشاللىق - قاي-
غۇسىنى ۋە چۆچۈرىدەك ئۈچ بالىنى ئانى-
غا تاشلاپ بۇ دۇنيادىن كەتتى. ئانا يىغ-
لىدى، قاقشىدى. ئاخىرى خۇدانىڭ بارلىق
ئىخلاسمەن بەندىلىرىگە ئوخشاش قازاغا

رىزا قىلىپ ئەلھەمكمۇلىللا دەپ ئۆزىنى
بەزلىدى. ئۇ ئۆزى يېمەي يېدۈرۈپ، كەي-
مەي كىيدۈرۈپ دېگەندەك بالىلارغا ئاتى-
سىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەي، بويۇن
قىستۇرماي قاتارغا قوشۇۋالدى. ئوقۇتتى،
ئۆي - ئوچاقلىق قىلدى. ئانىلىق قەرزىنى
ئادا قىلىپ، ئەمدى بىمىر ئۇھ... دەپ
تۇرۇۋىدى، كۆتۈپ تۇرغاندەكلا، ئۇنى كې-
سەل چىرمىۋالدى. ئۆيمۇ چۆلدەرەپ قال-
دى. بالىلار ئۆي... خىزمەت... دەپ ئۇچۇ-
رۇم بولغان قارلىغاچ بالىلىرىدەك تەرەپ -
تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. قىزى ھەمراخان
بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن بىر
چەت ناھىيىگە ياتلىق قىلىنغان بولۇپ،
ئايدا - يىلدا ئانا بارمۇ سەن؟ دەپ تىنچ-
لىق سوراپ كېلەتتى، بىرەر كېچە ھال-
مۇڭ بولا - بولماستىن: «بالىلىرىم تاماقسىز
قالدۇ، ئۇلاغ - چارۋام ئاچ قالدۇ، دادىسى
خىزمەت بىلەن...» دەپ ئالدىراپلا كېتىپ
قالاتتى. لېكىن ئانا بۇنىڭدىن قىلچە رە-
جىمەيتتى. بالىلىق ئوت، مېھىر ۋۇجۇدىنى
ماگىمىدەك كۆيدۈرۈپ تۇرسىمۇ، راست ئېي-
تىمدۇ، تىرىككە تىرىكچىلىك كېرەك. ئۇنىڭ
ئۈستىگە قىز بالا ئەمەسمۇ؟ قىز بالا دې-
گەن ھامان خەقنىڭ ئادىمى، ئۇ ھېلىمۇ
تاشلىمىدىغۇ؟... دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەل-
لىي بېرەتتى. كىچىك ئوغلى خۇدابەردى
ناھىيە بازىرىدىن 60 كىلومېتر يىراقلىق-
تىكى بىر يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى،
ئۇمۇ پەقەت ئايدا بىر قېتىم كېلىپ، ئانى-
نىڭ قاتتىق - قۇرۇق ئىشلىرىغا ھە - ھۇ
دېيىشىپ كېتىپ قالاتتى. ھازىر ئۇنىڭ
دائىملىق ھەمراسى ــ ئەتىدىن كەچكىچە
خورۇلداپ ئۇخلايدىغان پۈچىقاق مۈشۈك،
زەي ئۆرلەپ تۇرغان تۆت تام، گۆرستان

جىمجىتلىقىغا چۆككەن باغ — ھويلا ئىدى،
ئوتتۇرانچى ئوغلى ھاشىمنىڭ ئۆيى ئۇنىڭ
ئۆيىگە يېقىن بولۇپ، ئارىلىقى 200 مېتر-
دەك كېلەتتى لېكىن ئوغلى نېمىشقى-
دۇر زۆرۈر ئىشى بولمىسا، ئۆيگىمۇ كۆپ كىر-
مەيتتى. ئانىسىنىڭ كۈنى بەش ۋاق ناماز-
نى تەرك ئەتمەي ئوقۇش، ئۆتكەن ياشلى-
قىنى ئەسلەش ھەم خۇشاللىق ھەم ئازاب
بىلەن تولغان ھايات دەپتىرىنى ۋاراقلاش
بىلەن ئۆتەتتى. ئۇ بەزىدە شۇنداق غېرىبى-
لىق، يالغۇزچىلىق ھېس قىلاتتىكى، ئۆزى-
نى گويا پايانسىز قۇم بارخانلىرى قور-
شاۋىدىكى يېگانە توغراقتەك تاشلاندۇق،
بىچارە سېزەتتى. ئەنە شۇنداق چاغلاردا
ئۇ يېنىدا ھېچنېمىدىن غەم قىلماي، بەخى-
رامان ئوخلاۋاتقان مۈشۈككە تىكىلگىنىچە
ئۆز- ئۆزى بىلەن مۇڭدىشىپ كېتەتتى:
مەن ئۆلگەن، ئىبراھىماخۇننىڭ مۇسىبەت
كۈنى بىلەن تەڭلا ئۆلگەن،— دەپ پىچىر-
لايتتى ئىچىدە،— سۇپىرىخان ئىسىملىك
بىر ئايال ئەل - مەھەللىنىڭ نەزەرىدە ئالى-
بۇرۇن ئۆلگەن، ئېسىدىنمۇ كۆتۈرۈلۈپ
كەتكەن. شۇڭلاشقا ھېچكىم ماۋۇ تۆۋەندىكى
مەھەللىدە مۇنداق بىر ئايال بولىدىغان،
يوقاپلا كەتتىغۇ، ساقسىز بولۇپ قالدىمۇ،
دەپ كىرىپ قويمايدۇ...

ئانا مېغىز رەڭدە سىرلانغان دەرۋا-
زا ئالدىغا كەلگەندە قەدەملىرى ئۆزلۈكى-
دىن توختاپ قالدى ۋە قولىدىكى ئىرماش-
چىرماش خەت يېزىلغان ئوكۇل قېپىغا
تىكىلگىنىچە يەنە خىيالغا كەتتى: ھەي،
يېنىمدا خۇدابەردى بالام بولسىچۇ كاش-
كى، پۇتۇمغا پۇت، قولۇمغا قول بولۇپ
ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىمغا قارىشاتتى. كۆڭ-
لۈممۇ توق تۇراتتى. جاھان نېمە بولۇپ
كېتىۋاتىدىكەن تاڭ، ماۋۇ زەيدىن پاششاپ-
نىڭ ئوغلى مۇسەيىن ئالىقاپ ئوغلىنى
قانداق ئامال قىلىدىكەن تاڭ، ئۆيىنىڭ
يېنىدىكى مەكتەپكە تىقىۋالدى. خۇدابەر-
دى بالاممۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ئەپەندىنىڭ
دەرسىنى ئاڭلىغاندىكەن ئۇنىسىمۇ كۆزۈمگە
يېقىن يەرگە قويسا نېمە بولار ئىدى؟
تېخى تەقسىمات شۇنداق بوپ قالدى،
بىرەر يىل ئىشلەپ تۇرسۇن، مۇسۇلماندار-
چىلىق ئاستا - ئاستا دېگەن گەپ بار
ئەمەسمۇ؟ يۆتكەپ قويىمىز دېيىشىدۇ،
ھەي قۇرۇق ئەمچەكتە گوللاپ يۈرمىسە
بولاتتىغۇ! كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بىر يۆت-
كەپ قويسا ئىگەكىم — تاپقان - تەرگىنىمنى
قىلىپ بېشىنى ئوڭلاپ قويسام... خۇدايا
پاك پەرۋەردىگارا ھەممىگە ئۆزۈڭ بار...
سۇپىرىخان ئانا ئىشىكنىڭ ھالقىسىغا قول-
نى ئاپىرىپ بولۇپ، يەنە توختاپ قالدى.
لېكىن كىرمەي نېمە ئامال بولسۇن؟ ئۆزى
ھاسىسىنى تۇكۇلدىتىپ دوختۇرخانىغا بار-
غىچە ئۇن جېنىنىڭ بىرى قالىدۇ، ئوكۇل
دېگەنگىمۇ تولا ئىشەنچە قىلغىلىمۇ بولمايدۇ.
بىراق ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، دەپ
سەۋەبنىڭ ئالىمىدە، ئازراق ياخشى بولۇپ
قالسا ئەجەب ئەمەس. ئۇنى سالدۇرماي
دېسە نەپسىنى سىقىپ كېتىۋاتقان زىققا
كېسىلى يەنە ئەدەپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئوغلى خۇدابەردى مەكتەپكە مېڭىش
ئالدىدا «ئاپا ئۆزۈڭنى ئاسرا، ئوكۇلنى
سالدۇرماي قويمىغىن!...» دەپ قايتا-
قايتا جېكىلىدى. ئوغلىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن
بولسىمۇ... ئانا ئاخىرى ھويلىغا كىردى.
ھاشىم گۈللۈك پېشايۋان ئاستىدىكى ياسى-
داق سۇپىدا ئايىغىنى چوتكىلاۋاتاتتى. ئۇ
ھاسىراپ ناھايىتى ئەستە كىرىپ كېلىۋاتقان

ئانىسىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى، ئۇنىڭ تۇرۇۋالغان چىرايىدىن يەنە شۇ گەپمۇ؟... دېگەن ئالامەت چىقىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئانىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆز ئېغىرلىقىنى ھاسىسىغا چۈشۈرۈپ، ئاغزىنى ئۆمەللىگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا گەپ قىلغۇدەك ماجالى قالمىغان بولسىمۇ، بۇنداق ئۈنسىز كۈتۈۋېرىشتىن خورلۇق ھېس قىلىپ پەس ئاۋازدا دېدى:

— ئوغلۇم، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترىگەندەك چىقتى، — ئىككى - ئۈچ تاللا ئوكۇلۇم قالغان، پۈتۈگىنى يېنىك قىلىپ بىر...

— ئەجەب گەپ يېمەيدىكەنسىنا، — ھاشىم قولىدىكى چوتكىنى زەردە بىلەن پاققىدە ئېتىۋېتىپ، ئايىغىنى قوپاللىق بىلەن كىيدى، — بايا دېدىمغۇ ۋېلىسىپىت تېشىلىپ كەتتى دەپ، ئادەمنىڭ كۆزىگە كىرىپلا ۋالدىدىكەنسەن! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن دېگەن بازار كۈنى...

— ئۆزۈم باراي دېسەم، دېمىسىم سىنت قىلىپ ھېچ بولالمايۋاتىمەن... ئالمادىسى يولدا...

— يوق گەپنى قويغىنا، ھازىر ئۆلۈپ بېرىدىغاندەك، نەچچە ۋاقىتتىن ئۆزۈڭ بېرىپ يۈرەتتىڭ، يولغا چىقىپ بازارغا ماڭغان ھارۋىلارنىڭ بىرەرسىگە ئولتۇرۇۋالساڭ بولمامدۇ؟...

شۇ ئەسنادا ئۆي ئىچىدىن كېلىنى نۇرنىسانىڭ كىمدۇر بىرىگە ۋارقىرىغىنى، ئارقىدىنلا كىچىك بالىنىڭ قىرقىراپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى. ئالاھازەل بىر مىنۇتتىن كېيىن بىر خورما رەڭ ياغلىق ئىشىكتىن غىل - پال كۆرۈنۈپ يەنە يوقاپ كەتتى...

— لېكىن كېلىشتە... — ئانا ئوغلىغا ئىلتىجالىق بىلەن تىكىلدى.

— ئەجەب زېرىكتۈردىڭغۇ، خۇدايىم، — ئۆي ئىچىدىن چىققان ئاۋاز سۇپۇرىخان ئانىنىڭ كېلىنى غىققىدە بوغدى، ئۇ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزنى يۇتۇۋەتتى. ئۇ تىنالمايلا قالدى، ئالەم ئۇنىڭ - تەتۈر چۆگىلەۋاتقان، ئۆزىمۇ تەگسىز بىر چوڭقۇرلۇققا بېشىچىلا غۇلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئانا ئۆز قولتىقىغا ئىشەنمەي قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئىچ - ئىچىدىن قاپساپ كېتىۋاتقان يىغا ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان شامنىڭ ئاخىرقى نۇرىدەك پىلىلداپ قالغان بىر جۈپ كۆزىدىن، ياق سۈيى تۆكەپ قۇرۇشقا باشلىغان بىر جۈپ بۇلاقتىن سىرغىپ ئېتىشقا، سانسىز قورۇق قاپلىغان يۈزدە يول - يول ئېرىقچىلارنى ھاسىل قىلىشقا باشلىدى، ئانا شۇ ھالەتتە بىر مىنۇت تۇردىمۇ، بىر سائەت تۇردىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت تۇزلۇق، ئاچچىق سۇ كالپۇكلىرىنى ئېچىشتۇرغاندىلا ئۆزىگە كەلدى: «توغرا، زېرىكتۈردۇم. بۇنداق سۆرىلىپ ياشىغانىڭنىڭ نېمە ئەتىۋارى بولسۇن؟ ئاھ، پەرۋەردىگارا! بۇرنۇمغا بىر نەرسە پۇراپلا تۇرىدۇ. قېنى قۇدرىتىڭنى كۆرسەت، ئۆزۈڭ بەرگەن ئامانەتنى ئالغىن! تەن يوكۇمنى جان مۈلكۈمدىن ئازاد قىل! مەن كېتەي، مۇرەببەم ئىبراھىمادۇننىڭ يېنىغىلا كېتەي، ھەممىسى مەندىن... تونۇگۈن كېچە چۈشۈمدە ئايان بولىمىدىمۇ، ئۇ يۇم - يۇم تۆكۈلۈپ يىغلىغىنىچە: «خوتۇن، بەك قىينىلىپ كەتتىڭلا. ئەمدى نېمىگە تارتىنىسىلە، مەن غېرىبسىنىپ قالدىم...» دەۋاتقاندەك. ئاھ، خۇداۋەندى كېرىم ئۆزۈڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى. سېنىڭ ھۆكۈمىڭسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. قېنى...» سۇپۇرىخان ئانا يۈز - كۆزىنى سۈرتكىنىچە دەرۋازىدىن چىقتى...

ئاھ، تېگى يوق خىيال، پۈتـمەس-
تۈگىمەس خىيال. ئىنسـانـىنىڭ تۇرغان-
پۈتكىنىمۇ، بارلىق ئارزۇ - ئېتىقادىمۇ، بۇ
دۇنياغا تاسادىپىي كېلىپ، جاھاننىڭ مىڭ
بىر پۇچقىقىغا باش تىقىپ ياششىمۇ، ئالما-
قانداق بىر بەخـتـنى قولـغا كەلتۈرۈش
ھەلەكچىلىكىدە، كونۇ - تون تېپىرلىششىمۇ،
ھايات يىپى ئۈزۈلگەندە جىمجىت ياكى
داۋراڭ - سۈرەنلەر بىلەن دۇنيادىن كېتى-
شىمۇ ھەممىسى... ھەممىسى بەرىبىر خى-
يال. ھايات ئەنە شۇ باش - ئاخىرى يوق
خىيال ھاسىل قىلغان بوشلۇق بىلەن
رېئاللىق ئارىسىدا لەيلەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.
بەزىدە تاسادىپەن بۇ بوشلۇق مۆجىزە
ھېكمەتلەر بىلەن تويۇنۇپ بىر پۈتۈنلۈك-
كە ئايلىنىدۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن تەڭلا
يېڭى ئىستەكلەر بىخ سۈرۈپ، رېئاللىق
بىلەن خىيال ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى
كېڭەيتىۋېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان
شۈكۈر - قانائەتسىز مەخلۇقتۇر، دېيىلسە
كېرەك... ئۇ يەنە خىيالغا كەتتى. ئۇنىڭ
كۆز ئالدىغا نۇرغۇن ئىشلار كەلدى... ھا-
شىمنىڭ بوۋاق چاغلىرىدىكى قەغىش-
چىرماشلىقى... بىر قېتىم ئاچىسىغا ئەگى-
شىپ ئۆگزىگە چىقىمەن دەپ، شوتىنىڭ
ئەڭ يۇقىرى بالدىقىغا چىققاندا، ئۆزىنى
جوڭقۇرالماي قانداق يىقىلىپ چۈشكەنلىكى
ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش يولىدا ئالدى-
راشچىلىقتا بىر پاي زىرىسىنى چۈشۈرۈپ
قويغانلىقى، كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇ-
تۇمەن دەپ، چامبۇل ئېشىكىگە مىنىپ
مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقى،
يەنە ئىبراھىماخۇننىڭ قانداق ئۆلۈپ
كەتكەنلىكى — جان ئۈزۈش ئالدىدا نېمە-
لەرنى دېگەنلىكى... كېيىنكى ئىشلار...

ئىشقىلىپ بەكلا نۇرغۇن... ئۇنىڭ شۇ تاپ-
تا بىرەر كۆڭۈلداش تېپىپ قالغۇدەك
مۇڭداشقۇسى، كۆڭلى - كۆكسىدىكى بارلىق
دەرد - ھەسرىتىنى بىراقلا تۆكۈپ، ئىچىنى
بوشۇتۇۋالغۇسى، ئاندىن جىممىدە... لېكىن
ئۇ ھەسرەت ئوچىقىغا ئايلانغان يۈرىكىدى-
كى پىغانلىرىنى، ئەلەم - ھەسرىتىنى كىمگە
سۆزلەپ بېرىدۇ؟ تام - تورۇسلارغىمۇ،
ئەتىدىن - كەچكىچە ئارقىسىدىن سايىدەك
ئەگىشىپ يۈرىدىغان مۈشۈكىگىمۇ؟! قاغىجى-
راپ ياتقان باغ - ھويلىسىغىمۇ؟... ئۇنىڭ
خىياللىرى چىگىش ئىدى. كۆرگەن خاسى-
يەتلىك ۋە بىخاسىيەت چۈشلىرى، بايامقى
ئىشلار ۋە بۇرۇنقى ئىشلار ئۆزئارا ئارى-
لىشىپ كەتكەنىدى... ئانا بېشى بىلەن ماڭ-
دىمۇ ياكى پۇتى بىلەن ماڭدىمۇ ئۇنى
بىلمەيتتى. بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ شاخشا
ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.
دەل شۇ چاغدا قۇلىقىغا گويا يەر تېگىدىن
ئاڭلانغاندەك بىر نەرسىنىڭ جىرىڭلىغان
ئاۋازى كەلدى. ئۇ ئاستا ئارقىسىغا ئۆرۈل-
دى. شۇ ھامان ئۇنىڭ خىرەلەشكەن كۆ-
زىدە ئاجايىپ بىر سۈرئەت، مەۋھۇم ساي-
دەك، سەراتان ئىسسىقىدا يىراقتىن كۆرۈنى-
دىغان ئېزىقتۇرغۇچى ئالۋۇندەك قېتىپ
قالدى: ھاشىم ئايالى نۇرنىسانىنى ۋېلىسى-
پىتكە مىنگەشتۈرۈپ، چوڭ يولغا قاراپ
كېتىۋاتاتتى. ئانا ئىشىككە يۆلىنىپ قالدى،
قولىدىكى ئوكۇل قېپىمۇ يەرگە چۈشۈپ
كەتتى. بىچارە مۈشۈك نېمە ئىش بولغان-
لىقىنى ئاڭقىرالماي ئۇنىڭغا دۇگىلەك كۆزى-
نى مۆلدۈرلەتكىنىچە قاراپ، قۇيرۇقىنى
شىپاڭلىتاتتى، ئېچىنىشلىق مىياڭلايتتى،
لېكىن ئانا ئۇنى ئاڭلىدىمۇ، ئاڭلىمىدىمۇ
بىلىپ بولمايتتى...

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئۆمەرجان سىدىق

# تۈنجى قېتىملىق دەرس

(ھېكايە)

بۇ چەت ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەك-
تەپكە پراكتىكىغا كەلگىنىمىزگە ئون كۈن-
دىن ئاشتى، شۇنىڭدىن بۇيان ئاساسەن
بۇ يەردىكى كونا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسى-
نى ئاڭلىدۇق، بۇلارنىڭ دەرس سۆزلەش
مېتودىنى ئۆگەندۇق. ئاخىرى ماڭىمۇ
دەرس ئۆتۈش نۆۋىتى كەلدى.

بۈگۈن ھاياتىمدىكى ھەم ئەھمى-
يەتلىك ھەم قورقۇنچلۇق كۈن، مەن ئوقۇ-
غۇچىلارغا سالاپەتلىكرەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن
يېپيېڭى كاستۇم - شىمىمنى كىيدىم.
قولتۇقىمغا يوقلىما، كىتابلارنى قىستىم-
دە، چەكسىز ئىچكى ھاياجان ئىچىدە
سىنىپقا قاراپ يول ئالدىم. سىنىپقا يې-
قىنلىشىشىم بىلەن ئوقۇغۇچىلار «يېڭى
ئوقۇتقۇچىمىز كەلدى» دېيىشىپ، سىنىپقا
كىرىپ كېتىشتى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلى-
شىمگىلا مېنى بىردىنلا سۈر باستى، يۈرى-
كىم دۈپۈلدەپ كەتتى. سىنىپنىڭ ئىشىكى
ئەجدىھانىڭ ئاغزىدەك كۆرۈندى. تىزلى-
رىم دىرىلدەپ تىترەپ، تىنىقلىرىم ئىختىيار-
سىز ئىتتىكلەپ كەتتى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا
بىردەم تۇرۇۋېلىپ، چوڭقۇر بىر تىنىدىم-
دە، «تەۋەككۈل» دەپ ئىشىكنى ئاچتىم.
قىرىق ئوقۇغۇچى «تاراققىدە» ئورنىدىن
تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. تېخىمۇ
ھودۇقۇپ كەتتىم. مۇئەللىمگە چىققىپ بىر
خىل قولايسىز ھەرىكەت بىلەن ئوقۇغۇچى-
لارغا ئولتۇرۇش ئىشارىسى بەردىم. كۆزۈم
ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى. سىنىپ ئىچىدە

قويۇق مانان لەيلەپ يۈرگەندەك بىلىنەت-
تى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن يوق-
لىمىنى ئېچىپ، باللارنى يوقلىما قىلدىم.
خىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىسىملىكنىڭ ئۈدۈل
كەلگەن يېرىگە قىزىل قەلەم بىلەن بەلگە
قويدۇم. ۋۇجۇدۇم ياپراقتەك تىترەپ، چې-
كەمدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلماقتا ئىدى.
يەردىن ئۈچۈرگۈچ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان
كېگىز پارچىسىنى ئېلىپ دوسكىنى سۈرتۈشكە
باشلىدىم. ئەمەلىيەتتە دوسكا پاكىز سۈر-
تۈلگەنىدى. بەلكىم مۇشۇ ئارقىلىق
ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسام
كېرەك. دوسكىنى سۈرتۈۋېتىپ، بىرنەچچە
قېتىم چوڭ - چوڭ تىنىپ تىترىكىمنى باس-
ماقچى بولدۇم. كېيىن كىتابنى ۋاراقلى-
دىم. ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەن سىنىپ ئى-
چىدە قەغەزنىڭ شىرىقلىشىدىن باشقا
ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. مىڭ تەسلىكتە بۇ
سائەتتە ئۆتمەكچى بولغان دەرسنىڭ ماۋ-
زۇسىنى دوسكىغا يازدىم. يېزىپ بولۇپ
كەينىمگە ئۆرۈلگىنىمدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ھە دەپ كۇسۇرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتىم.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدىم،
ئاۋازىم شۇ قەدەر بوغۇق، يىغلىغاندەك
ئاڭلاندى. ئۆز ئاۋازىمدىن ئۆزۈم چۆچۈپ
كەتتىم. ئوتتۇرا رەتنىڭ ئاخىرىدىكى ۋىجىك
بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— مۇئەللىم، ماۋزۇ خاتا يېزىلىپ
قالدى، — دېدى. بېشىم پىررىدە قايغاندەك

بولۇپ دەرھال كەينىمگە ئۆرۈلدۈم. خەت دوسكىنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرى بۇرجىكىدىن سول تەرەپ تۆۋەن بۇرجىكىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن، «تۈرك ئىمپېرىيىسى» دېگەن سۆز «تۈك ئىمپېرىيىسى» دەپ يېزىلىپ قالغانىدى. لەنىتى «ر» قانداقلارچە چۈشۈپ قالغاندۇ. شۇئان ئورنۇمدا پىرقىراپ ئۆچۈرگۈچنى ئىزدىدىم. قېرىشقاندەك ئۆچۈرگۈچمۇ يوقالغانىدى. شۇ ئارىدا بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۇئەللىم، ئۆچۈرگۈچنى بايا يانچۇقىڭىزغا تىقىۋالدىڭىز، — دېدى. بېشىمغا چاقماق چۈشكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم. راستتىنلا ھېلىقى كىگىز پارچىسى ئوڭ يانچۇقۇمدىن چىقتى، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ مۇنبەرگە يۆلىنىپ قالدىم. كۆزلىرىمدىن ياش ئېتىلىپ چىقىشقا تاسلا قالدى. چىداش كېرەك، چىداش كېرەك، دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىپ، زەئىپ، ئېچىنىشلىق ئاۋازدا دەرسنى سۆزلەشكە باشلىدىم. پېشانەمدىن ئاققان ئاچچىق تەر ھېلىدىن - ھېلىغا كۆزۈمگە كىرىپ مېنى بىئارام قىلاتتى. كاللام شۇ قەدەر گادىرماش بولۇپ كەتكەن ئىدىكى، ئېغىزىمدىن نېمە چىقىۋاتقانلىقىنى پەقەت بىلمەيتتىم. كىتاب ئۈستىدىكى ھەرپلەرگە جان كىرىپ ئۈزلۈكسىز سەكرەۋاتقاندەك، ھەجىيىپ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ۋاقىتنىڭ توشۇشىغا شۇ قەدەر ئىنتىزار بولغانىدىم. قېرىشقاندەك ۋاقىتمۇ بارغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇھ... ئاخىرى قوڭغۇراق جىرىڭلىدى. ياق، قوڭغۇراق ئەمەس، مەن ئۈچۈن قۇتقۇزغۇچى سادا ياڭرىدى. كىتاب بىلەن يوقلىما دەپتەرنى يىغىشتۇرۇپ، باللارغا دەرستىن چۈشۈش ئىشارىسى قىلدىم. سىنىپتىن چىقىشىمغىلا كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلدى، شۇئان يىراقتىكى يۇرتۇمدا قالغان جاپاكەش ئانام كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. قەلبىمدىن ئۈنسىز نىدا قىلدىم. ئېھ ئانا، 33 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىڭدا قانچە مىڭ قېتىم سىنىپقا كىرگەنسەن، قانچە يۈز ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنسەن؟ ئېسىمنى بىلسەملا چىراغ تۈۋىدە دۈمچىيىپ ئولتۇرۇپ دەرس تەييارلايتتىڭ! تاپشۇرۇق تەكشۈرەتتىڭ، سېنىڭ بۇنچىلىك كۈچەپ كېتىشىڭگە ئىچىمدە كۈلگەن، ئوقۇتقۇچىلىقنى شۇ قەدەر ئاسان چاغلىغان ئىكەنمەن! ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس. بۈگۈن يېنىمدا بولغان بولساڭ ئاياغلىرىڭغا ئۆزۈمنى ئېتىپ قانغۇچە يىغلىغان، سەندىن كەچۈرۈم سورىغان بولاتتىم. سەن بىلمەيسەن ئانا، بۈگۈن مەن قىرىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولدۇم. ئىشخانىغا كىرگۈم كەلمىدى. مەكتەپنىڭ كەينىدىكى سۆگەتلىككە كېلىپ خىلۋەت جاينى تېپىپ ئولتۇردۇم. خىجىللىق ۋە ئۆكۈنۈشتىن ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياناتتى. بېشىمنى قاتتىق سىلكىدىم. نېمە ئۈچۈن يىغلايمەن، ئانام مېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقانغۇ؟ ئەجەبا ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ قەلبىدىكى يېقىلغان ئوبرازىمنى قايتا تىكلىيەلمەمدىمەن؟ چىشلىرىمنى كىرىشىپ بارماقلىرىم پۈكۈلدى. كۆز ياشلىرىمنى سۈرتىۋەتتىم. ياق، ئەمدى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن. ئانامدەك يارامىلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ چىقىمەن، قەلبىمدىكى ئازاب ئاستا - ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى. ئۆزۈمنى بىر ئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك سەزدىم - دە، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، ئىشەنچ بىلەن سىنىپقا قاراپ يول ئالدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

نەسۇھا قاسىم

# ئىككى شېئىر

## مەن روھىمنى ئىزدەپ يۈرىمەن

خىجىللىق ئىلكىدە ئارىلاپ يۈرۈپ،
روھىمنى ئاختۇردۇم يىللار قوينىدىن.
بىلمىدىم، كىملەردىن سورايمەن ئۇنى
ئىزدەيمەن قايسى باغ، قايسى ھويلىدىن.

تېنىمنى كۆرۈپتۇ ئەرشتە بىراۋ،
روھىم يوق يېتىپتۇ ياستۇقنى قىرلاپ.
يالغانلار تەختىدە سۈرۈپ پاراغەت
ئويناركەن ئىبلىسنى يېنىغا چىللاپ.

نامەردنىڭ مەڭزىگە سۆيەركەن دائىم،
ئاجىزنى قاقشىتىپ، بوزەكنى مىنىپ.
تومۇردا ئاققاچقا قان ئەمەس ھەسەت،
ئۆزىدىن ئۆزغاننى ئاپتۇ ياۋ بىلىپ.

ۋۇجۇدى يايراركەن، نەپ چىققان يەردە،
ساددىنى ئالداركەن قىلتاقلار قۇرۇپ.
ئاقمىسا ھىيلىسى بازاردا ئەگەر،
يولۇڭنى پايلاركەن دوقمۇشتا تۇرۇپ.

ئاڭلىماق تەس ئۇندىن مىننەتدارلىقنى،
تۆگەڭنى ئالدۇ تۆگمە دەپ ساناپ.
بەرگەندە بۆرگىسى بولدۇ بۆكەن،
كۆرسىتەر قىلىنمۇ قىلىپ سىم تاناپ.

سەن بەرسەڭ ئالدۇ ھىمىرىپ قاشنى،
مىننىتى بىلىلدۇر بەرگەندە ئاشنى.
قولىرى قاتىلنىڭ قولىدۇر دائىم
بۆك دېسە ھېيىقماي كېسىدۇ باشنى.

شۇ سەۋەپ ئاجراپتۇ روھىم تېنىمدىن،
مەن ئىزدەپ چارچىدىم ئۇنى تۇتالماي.
تېنىمنىڭ تارىخى تامام رەزىللىك،
ئۇ ئەمدى ئاۋارە تىنچ ياتالماي.

مىڭ تەستە جاڭگالدىن تاپتىم روھىمنى،
نومۇستىن يەرگە ئۇ كىرىپ كېتىپتۇ.
خىجىل بوپ جىسمىمنىڭ پەسكەشلىكىدىن
ئۆلۈكنىڭ سىڭىرى نەجان يېتىپتۇ.

## مەن ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم

ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم مەن دوستلار
ئەل كېزىپ مەن ئۇنى ئىزدەپ يۈرىمەن.
ھەر جايدا كونا كۆز، ئوخشاش چىرايلار
قايسىسى مەن ئۇنىڭ؟ خىيال سۈرىمەن.

ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم مەن دوستلار
رەستىدىن ئىزدىدىم تاپالماي تالدىم.
كۆلكىلەر بىر خىلدا، ناخشىلار ئوخشاش
مەن ناخشا ئېيتقانمۇ؟ ئۇقالماي قالدىم.

ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم مەن دوستلا
ئالبوملار ئاختۇردۇم ۋاراقلاپ تىنماي.
قېنى مەن، ئىسمىم كىم، قېنى ئاۋازىم؟
ئوخشىتىپ كىمگىدۇر قارايمەن تويماي.

ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم مەن دوستلار
مەن قانداق ئادەمتىم بىلمەيمەن ئۆزۈم.
تۆمەنلەپ ئادەم بار، پەقەت «مەن» لا يوق؟
يا كاردىن چىققانمۇ مېنىڭ بۇ كۆزۈم.

ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم مەن دوستلار
نە چارە كەلگەچكە ئۆزگىنى دوراپ.
ئادەملەر قوينىدىن ئۆزۈمنى ئۆزۈم
تونالماي يۈرىمەن شۇڭا مەن سوراپ.

ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم مەن دوستلار
ئۆزۈمنى ئىزدىسەم كۆلەڭگىلار مەندىن.
يوقىتىپ قويغاركەن ئادەم ئۆزىنى،
مەن كەبى خۇي ئالسا ئەھلى شەيتاندىن.

ئۆمەر تۇراپ

## ئارمىنىم

شادلىقىمنى ئېلىپ قاچتى ئالجىغان قۇيرۇن،
ئالۋۇنسىمان چۇش قوينىغا كىردىم شاپاشلاپ.
بىر دەقىقە دەم ئالدۇرماي ئۇپرۇق قوينىدىن
ئېلىپ چىقتىم زەر قۇياشنى يۇدۇپ - هاپاشلاپ.

مەستكە ئوخشاش ئىلگىرىلەيمەن قىرغاقنى بويلاپ،
زەڭگەر كۆككە ئېسىلغاندۇر ئىزگۇ خىياللار.
مەن ئىز سالغان چىغىر يولنىڭ نەدىكىن چېتى،
كۆمۇۋېتەر تەشۋىشلەرگە تەنتەك سوئاللار.

ياتار ئەنە ئالدىمدىلا مەيىن شىۋىرلاپ،
تالاي يىلدىن چاڭقاپ كەتكەن قېرى توغراقلار.
ئۇپرۇق بىلەن قۇچاقلاشقان بارخان باغرىدا،
ئۇچۇپ يۇرەر شاخ تاشلىغان سەرسان ياپراقلار.

تېرىۋالدىم شادلىقىمنى دولقۇندىن يەنە،
ناخشا تەڭكەش قىلدىم دېڭىز شاۋقۇنلىرىغا.
مۇگدەك باسقان تەكلىماكان چۆچۈپ ئويغاندى،
هەيرەتتە ئۇ، ياڭراق كۈيۈم يالقۇنلىرىغا.

ئەي دولقۇنلار ئەركىڭلارنى بېرىڭلار ماڭا،
باشلاپ بېرىپ سىڭىپ كېتەي تەكلىماكانغا.
كىرىپ ياتسۇن قەبرىسىدە تەلۋە بورانلار،
تىلسىملارنى كۆرگەزمە قىپ يايماي جاهانغا!

ئۆمەر مەتنۇرى

## ئوغلۇمغا

قارا ئوغلۇم چەكسىز دالاغا،
ئۇ چەكسىزدۇر، چەكسىز ئۇ ئەبەد.
ئۇندا باردۇر شادلىق ۋە ئازاب،
سەبىي تۇيغۇ، ئوتلۇق مۇھەببەت.
ئۇندا باردۇر شىردەك هۆركىرەش،
ئۇندا باردۇر غەزەپ ۋە نەپرەت.

قارا ئوغلۇم چەكسىز دالاغا،
ئۇ چەكسىزدۇر، چەكسىز ئۇ ئەبەد.
چەكسىزلىكنى ئۆگەن ئۇنىڭدىن،
تىك تۇرۇپ ئۆل تىلىمە شەپقەت.
دۇنيا شۇنچە گۈزەل بولسىمۇ،
گۈزەللىككە يەتمەك مۇشەققەت.

قارا ئوغلۇم چەكسىز دالاغا،
مۇز تېگىدە دولقۇن ئەۋجى بار.
روھلىرىڭنى قۇياشقا تەڭ قىل،
قىش قوينىدىن ئىزدىسەڭ باھار.
بۆركۈتلەرنىڭ پەرۋازىدا بول،
ئۇندا ھايات كۆرۈنمەيدۇ تار.

قارا ئوغلۇم چەكسىز دالاغا،
ئۇ چىلتەكتەك ھەممىگە تۇتاش.
ھايات تۆكسە گاھىدا كۈلكە،
گاھى تۆكەر ئازابلىق كۆز ياش.
گاھى چاقسا ئاسماندا چاقماق،
گاھى پارلار ئۇپۇقتا قۇياش.

مۇھەممەتئىمىن غوپۇر

## ئانىلارنىڭ قەلبى گويا باھاردەك

ئانىلارنىڭ قەلبى گويا باھاردەك،
تەبەسسۇمى كائىناتنى تىترىتەر.
ئانىلارنىڭ قۇياشى بار كۆزىدە
مۇز تاغلارنى بېقىشىدا ئېرىتەر.

ئانىلارنىڭ قەلبى گويا باھاردەك،
تاڭ شولىسى پارلاپ تۇرار چېھرىدە.
ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغۇزار شاھ قىلىپ
ھەر بىر ئوماق بالىسىنى مېھرىدە.

ئانىلارنىڭ قەلبى گويا باھاردەك،
ھاياتلىققا قۇت ياغدۇرار يۈرىكى.
ياشىمايدۇ ئۇلار ھەرگىز ئۆزىچۈن،
ئۇلار ئالەم، ئۇلار ئالەم تۈۋرۈكى.

ئانىلارنىڭ قەلبى گويا باھاردەك،
باھار دېگەن ياشنىتىدۇ دىللارنى.
چاچلىرىنى ئاقارتسىمۇ ئايىماي
قېرىتىدۇ ئۇلار بەلكى يىللارنى.

ئانىلارنىڭ قەلبى گويا باھاردەك،
ئۇلار بىلەن ئەھمىيەتلىك خۇش دەملەر.
چىن مەنىدە ئادەم بولۇپ ئۆتىدۇ،
ئانىلارنى قەدىرلىگەن ئادەملەر.

ئايگۈل شانىياز

## «تارىم» غا

دىلكەشىم، سىرداشىم، ئەقىلچىم ئۆزۈڭ،
قاراڭغۇ دىلىمغا ياندۇرغان چىراق.
مەن ساڭا ئىززەتتە ئۈمىدلىك باقتىم
بولسىمۇ ئارىمىز يىراقتىن - يىراق.

ياشنىدىڭ نۇر بىلەن تاڭدىكى ئەۋەك،
ھارارەت يەتكۈزدۈڭ دىللارغا ھەر دەم.
ھەر ساننىڭ كەلگەندە ئاپتاپتەك كۈلۈپ،
ئۇچقۇنلار ياسايدۇ جىسمىمدا شادلىق.
لەززەتلەر ئالىمەن گۆھەرلىرىڭدىن
مېۋىلەر ئۈزىمەن شېخىڭدىن تاتلىق.

بۇلبۇلدەك سايرىدى ئىلھاملىق شائىر
ئەجرىڭدە يېتىلدى بىر گۈزەل ئالەم.

سەن بىلەن گۈللەدى ئىجادنىڭ بېغى،
سەن بىلەن ئىتتىكلەر روھلارنىڭ تىغى.
ئىنتىزا، يۈرەكلەر تەلپۈنەر ساڭا
سەن بىلەن تىكلەندى ئىپتىخار تېغى.

گۈللىگىن گۈلزارىم ياشنا چىمەنىم،
ئىجادنىڭ ئاشىقى سەن بىلەن سىرداش.
تەشنا بىز ھەر دائىم كەۋسەرلەرىڭگە
يورۇتۇپ تۇرىدۇ يولۇڭنى قۇياش.

ئابدۇقادىر مۇھەممەت

## تولۇن ئايدىن ئەندىز ئالغان چىرايلار

كېزىپ چىقتىم قۇچىقىنى يۇرتۇمنىڭ،
ھەممە يېرى گۈزەللىككە تولۇپتۇ.
بىر-بىرىدىن پەرى سۈپەت رەنالار،
قىزىل گۈلدەك ھۆسن تۈزۈپ تۇرۇپتۇ.

تۇزغا ئوخشاش كۆز تارتىدۇ ھەممە يەر،
ھەممە يەردە ئۆزگىچە رەڭ ئۆزگە كۈي.

نازاكەتلىك پەرىشتىلەر مەنزىلى
ھەممە رۇجەك ھەممە ئىشىك ھەممە ئۆي.

شۇ پەرىلەر رۇخسارىسىز، نۇرىسىز،
ھەسرەت يۇتۇپ ئۆتكەنمىدۇ تالايلار؟
نەگە بارسام قىلدى مېنى مەھلىيا،
تولۇن ئايدىن ئەندىز ئالغان چىرايلار.

غازى ئوغلى

## كۆزلىرىڭدە بىر سېھرى دۇنيا

كۆزلىرىڭدە بىر سېھرىي دۇنيا،
يارىشىپتۇ ئىلاھىي قۇدرەت.
قىلدى سېنى ماڭا نۇر قىيا
ئالتۇن سۆيگۇ، ئالتۇن مۇھەببەت.

كۆزلىرىڭدە بىر سېھرىي دۇنيا،
سالدى مېنى قويىنىغا ئەجەب.

زېمىنىڭدا بولسام بىر گىياھ،
سولارمىدىم بۇنداق بىسەۋەب!؟

كۆزلىرىڭدە بىر سېھرىي دۇنيا،
دۇنيامىزغا سالىدۇ دەھشەت.
قويۇلماقتا جان بولۇپ جانغا
جاندەك شېرىن ئىسىل مۇھەببەت؟

گۆھەر. قۇتبىدىن

## كۆردۈم

چۈشۈمدە ئول كېچە، جانانىنى كۆردۈم،
ئاي يۈزلۈك بىر سەنەم، رەنانى كۆردۈم.
غۇنچە بوي، خۇش چىراي، كۆزلىرى يۇلتۇز،
نازىنىن دىلرەبا، دەنانى كۆردۈم.

ئايمىكىن ۋە ياكى ئوتلۇق بىر قۇياش،
يۈزىدە تەبەسسۇم ئۆزى قەلەمقاش.
ھۆسنىگە ياراشقان قارا سۈمبۈل چاچ
گوياكى لالىدەك بەرنانى كۆردۈم.

كەلدى ئۇ ئەنبەردەك چېچىپ خۇش پۇراق،
قەلبىمە ياقتى ئوت، سالدى ئىشتىياق.
شۇنچە يىل ئارزۇلاپ سۆيگەن دىلىمنىڭ،
ئاشىقى، شەيداسى، نىگارنى كۆردۈم.

گۈزەلىم خۇلقىدىن ھايانى كۆردۈم،
خۇش زەبان بۇلبۇلى گويانى كۆردۈم.
ھۇئادەك كۆزىدە مېھرى-مۇھەببەت،
ئەھدىگە ساداقەت، ۋاپانى كۆردۈم.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئارسلان، ئوسمانجانساۋۇت

# يېڭى لەتىپىلەر

## تەسىرلىك چىقىرىش ئۈچۈن

كىشىلەر موللا نورۇزدىن سورىشىپتۇ:

— شېئىر يازغاندا تەسىرلىك چىقىرىش ئۈچۈن قانداق سۆزنى كۆپ ئىشلىتىش كېرەك؟

— «ئېھ!» دېگەن سۆزنى.

— شۇنىڭدىمۇ تەسىرلىك چىقمىسىچۇ؟

— مىسرا ئارىلىرىغا، بولۇپمۇ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسىنى ئايىماي قويۇۋېرىش كېرەك، — دەپتۇ موللا نورۇز.

## ئەبەدىي پېنسىيە

موللا نورۇزنىڭ مەنسەپ، مەنپەئەت، بولۇپمۇ ماشىنا دېسە جېنىنى ئاتىدىغان بىر تونۇشى ئۇنىڭغا يۈرەك دەردىنى تۆكۈپ مەسلىھەت سوراپتۇ:

— راستىنى دېسەم يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بۇنى ئىقرار قىلسام، پېنسىيىگە چىقىرىشىدۇ-دە، ماشىنىدىن ئايرىلىپ قالىمەن. يىگىرمە ياشنى يوشۇرۇپ ئەللىككە چۈشۈۋالاي دېسەم، ياش كادىرلارغا ماشىنا بەرمەيدىغانلىقى كېيىن چىقىۋاتىدۇ. بېشىمنىڭ ئىچىمۇ قاتتى، تېشىمۇ قاتتى. سىلىچە قانداق قىلسام بولار؟

— يولى ئاسان، — دەپتۇ موللا نورۇز، — گەپ پېنسىيىگە تاقالسا، ئەللىككە چۈشۈۋېلىپ مەنسەپتىن ئايرىلماڭ، گەپ ماشىنىغا تاقالسا، يەتمىشكە چىقىۋېلىپ پىكاپتىن ئايرىلماڭ. شۇنداق لىڭگىر تاقتاق ئويناپ، جان بېقىپ تۇرامسىز.

— بۇنىڭ بىلەن يىراققا بارغىلى بولمايدۇغۇ.

— ئانچە يىراققا بېرىشىڭىز ھاجىتى يوق، — دەپتۇ موللا نورۇز، — كېسىلىڭىزنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈمى ئاشكارا دېگەندەك، ئەسلى يېشىڭىز خۇدايىمنىڭ دەپتىرىدە ئېنىق يېزىقلىق. تەشكىلنى ئالدىغان بىلەن تەگرىنى ئالدىغىلى بولمايدۇ. پات ئارىدا پىكاپىڭىز ئورنىغا تاۋۇتنى ئەۋەتىپ، ئەبەدىي پېنسىيىگە ئەپچىقىپ كېتىۋېرىدۇ.

## بالا مۇپەتتىش

ئۆزىنىڭ يېشىنى ئاتمىشقا يەتكۈزۈشكە زادى ئۇنىمايدىغان بىر بۇرادەر يىغىندا ھاياجان ۋە سەممىيەت بىلەن خىزمەت تارىخىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— مانا مەن 1936-يىلى مائارىپ مۇپەتتىشى بولۇپ ياقا يۇرتلارنى تەكشۈ-

رۇشكە بارغىنىمدا... دېگەن سۆزنى چىقىرىۋېتىپتۇ.

شۇ ئورۇندا بار بولغان موللا نورۇز:

— شېڭ شىسەي دېگەن ئوغرى بولۇشقا كەتكەن دۆت بىرنېمىكەن - دە، — دەپتۇ.

— قانداق دەيلا؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئاتىق.

— ياق دەيمىنا، قارىماملىغان ئۇ ئوغرىنى، بۇنىڭدىن ئەللىك نەچچە يىل ئىلگىرى يەتتە - سەككىز ياشلىق بالىنى مائارىپ مۇپەتتىشى قىلىپ باشقا يۇرتلارغا ئەۋەتكىنىنى! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بېشىنى يەپ كېتىپتىكەن - دە، ئۇ ھاماقەت، — دەپتۇ موللا نورۇز.

## مەدەنىيەت

موللا نورۇز ئۆيىدىن خاپا بولۇپ تالاغا چىقىشىغا، بىر دوستى ئىبۆز ئايالىدىن شىكايەت قىلىپ:

— بۇنى كۆرمەمسىلە، ئاداش، خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگەن گەپ راستكەن. بىزنىڭ ئەخمەق خوتۇن...

موللا نورۇز دوستىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپلا:

— ۋاي ئاداش، خۇداغا شۈكرى قىلىڭلا، — دەپتۇ ئۇ، — بىرى ئۇزۇن، بىرى قىسقا بولسىغۇ ئارمان يوق. ماڭا مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ ئەقلىمۇ قىسقا، چېچىمۇ قىسقا. قانداقچە دەمسىلە، ئۆزىگە يارىشىپ تۇرىدىغان ئىككى تال ئۇزۇن چېچىنى، ھازىرقى زاماندا ئۇزۇن چاچ قويۇش مەدەنىيەتسىزلىك، قالاقلىق دەپ گەدىنىدىن كېسىۋەتتى ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.

## كەشپىيات

موللا نورۇزنىڭ بىر بىمەنە ئاغىنىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەرقانداق قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ماختىنىپ: مەن ئانداق نەرسىنى ئىجاد قىلدىم، مۇنداق نەرسىنى كەشپ قىلدىم. پالانداق نەرسىنى ئىختىرا قىلدىم، دەپ تولا پو ئاتىدىكەن. بىر كۈنى شۇ ئادەم موللا نورۇزغا:

— سىزمۇ بىرەر نەرسە كەشپ قىلغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، كەشپ قىلغان، — دەپتۇ موللا نورۇز.

— ئۇ قانداق نەرسە؟

— ھەسەلگە پىياز قوشۇپ يېيىش.

— ھە، ھە، — دەپ قىزىقىپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى، — قانداقراق، ئۇ كەشپىياتىڭىز خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتىمۇ؟

موللا نورۇز جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھە ئاغىنەم، مېنىڭ ئۇ كەشپىياتىم سىزنىڭ ئۆزىڭىزدىن بىر ھەسسە، سىزنىڭ كەشپىياتلىرىڭىزدىن ئىككى ھەسسە بىمەنىرەك بولۇپ چىقتى.

تەييارلىغۇچى شۈكۈر يالقىن



قۇربان بارات كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىمىزدىن بىرى. ئۇ 1956 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «كاككۇك» دېگەن شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇنىڭ «يېشىل ھايات»، «ئاھ، دۇنيا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى؛ «ئاق روماللىق پەرىزات» ناملىق داستانلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇ سەئدىنىڭ «بوستان»، لېرمونتوۋنىڭ «داستانلار»، پۇشكىننىڭ «شېئىرىي چۆچەكلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. «ئاق رومالىق پەرىزات» قاتارلىق بەش پارچە ئەسەرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر.




ئۇ قەلەمداشلار بىلەن بىللە.



ئۇ قىرائەتخانىدا ماتېرىيال كۆرمەكتە.



ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە.




《塔 里 木》 文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE jOURNAL

IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1993 ـ يىل 5 ـ سان(387 ـ سان)، 43 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际统一刊号：ISSN 1002－9044　ISSN 1002 ـ 9044　خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN　65－1010／I　CN 65 ـ 1010 / I　مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
邮发代号：58－66 定　价：2.00元　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.00 يۈەن
邮政编码：830000　پوچتا نومۇرى: